I210.97
U9111

ئابلەمەت ئىسمايىل

# ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى لۇشۈن ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەھلىل

ئوسمان نادىر

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر داۋۇت

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

050839
050839
شىنجاڭ ... كۇتۇپخانىسى
新疆师范大学图书馆藏书

**ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى لۇشۈن ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەھلىل**

※

شىنجاڭ ياشلار — ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قورۇلۇش يولى 9 — قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى.
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 10.375
1991 — يىل 11 — ئاي 1 — نەشرى
1991 — يىل 11 — ئاي 1 — بېسىلىشى

ISBN7 — 5371 — 0932 — x/I·316
سانى: 450 .3—1
باھاسى: 2.80 يۈەن

## نەشرىياتتىن

بۇ — ئېلىمىز يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ باي-راقدارى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، يازغۇچى لۇشۈننىڭ ئوت-تۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان قورال كىتاب.

بۇ كىتابتا لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى»، «كۆك يىجى»، «دورا»، «كىچىككىنە بىر ۋەقە»، «يۇر-تۇم»، «بەخت تىلەش»، «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمە-ھالى»، «كۆز كېچىسى»، «تېڭىپ ئەپەندى»، «ليۇخېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن»، «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش»، «مەسخىرەم»قاتارلىق ئون تۆت پارچە ھېكايە، نەسر، فېل-يەتون ۋە شېئىرى تەھلىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەر-لەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، باش تېما ئىدىيىسى، پېرسوناژلار ئوبرازى، بەدىئىي خۇسۇسىيىتى، تارىخىي ھەم رېئال ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئىنچىكە مۇلاھىزە يۈر-گۈزۈلدى. ھەربىر ئەسەر ماۋزۇسىنىڭ مەنىسى، تېما-تىك ئەھمىيىتى، شۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىشىغا تۈرتكە بول-

غان ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبلەر، پېرسوناژلارنىڭ
پروتوتىپى، قاراتمىلىق دائىرىسى، مۇناسىۋەتلىك
تارىخىي ۋەقە ھەم شەخسلەر، ئاتالغۇلار قىسقىچە چۈ-
شەندۈرۈلدى. لۇشۈننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت يولى
تونۇشتۇرۇلغاندىن تاشقىرى ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى،
نەسىر، فېلىيەتون ئىجادىيىتى ۋە شېئىر ئىجادىيىتىدىكى
ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدىلىكىمۇ كون-
كرېت تونۇشتۇرۇلدى.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئابلىمىت ئىسمايىل قەشقەر
سىفەن شۆيۈەنى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى،
شىنجاڭ لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى بولۇپ، ئۇ لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئوقۇتۇش جە-
ھەتتە بىرنەچچە يىللىق تەجرىبىگە ئىگە پېشقەدەم
ئوقۇتقۇچى. ئاپتور بۇ كىتابنى تۈزۈشتە مىللىي ئوتتۇرا
مەكتەپلەرنىڭ تىل- ئەدەبىيات دەرسىدە لۇشۈن ئەسەر-
لىرىنى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىل-
لىق ئوقۇتۇش تەجرىبىسىنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن،
مۇھىمى لۇشۈن تەتقىقاتىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىيال-
لارنى توپلاپ، بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلىپ،
ئەڭ يېڭى، ئىلمىي، ئىشەنچلىك نۇقتىئىنەزەرلەرنى قو-
بۇل قىلىپ، كىتابنى خېلى مۇكەممەل ئىلمىي ئاساسقا
ئىگە قىلغان، شۇڭا، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى مول، مۇلا-
ھىزىلىرى بىرقەدەر چوڭقۇر، كۆز قاراشلىرى ئېنىق،
قۇرۇلمىسى ئىخچام، تىلى راۋان بولۇپ، ئوتتۇرا مەك-
تەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئالىي، ئوتتۇرا



دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگۈچى-
لەر ئۈچۈن ئىشەنچلىك قوللانما بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، زىيالىي ياشلار ۋە
ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن كۆرسەت-
مىلىك قىممەتكە ئىگە. بىز بۇ كىتابنىڭ كەڭ ئوقۇت-
قۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ
ئۆگىنىشىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىغا ئىشىنىمىز.

## مۇندەرىجە


لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى ............ 1
«سەۋدايى خاتىرىسى» ............ 16
«كۆك يىجى» ............ 30
«دورا» ............ 43
«كىچىككىنە بىر ۋەقە» ............ 69
«يۇرتۇم» ............ 84
«بەخت تىلەش» ............ 103
«ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» ............ 132
«لىيۇخېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن» ............ 174
«ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» ............ 188
«ماقالە ۋە تېما» ............ 206
«قار» ............ 215
«تېگىشى ئەپەندى» ............ 225
«مەسخىرەم» ............ 242
لۇشۈننىڭ «چۆقان» ۋە «تېگىشقاش» ناملىق
ھېكايىلەر توپلاملىرى ............ 252
لۇشۈننىڭ فېلىيەتونلىرى ............ 282
لۇشۈننىڭ شېئىر ۋە نەزمىلىرى ............ 310

# لۇشۈن ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى

لۇشۈن — ئۇلۇغ يازغۇچى، مۇتەپەككۇر، ئىنقىلابچى ۋە ئېلىمىز يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىدىيىسى ۋە ئەدەبىياتتىكى يۈكسىلىش يولى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى بىلەن زىچ باغلانغان.

لۇشۈننىڭ ئەسلى ئىسمى جۇ شۇرېن. 1881 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىن ناھىيىسى (ھازىرقى شاۋشىن شەھىرى) دە ۋەيران بولغان پومېشچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يەتتە يېشىدىن باشلاپ تاغىسى جۇ بۇتيەنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن. ئون ئىككى يېشىدا شاۋشىندىكى مەشھۇر سەنۋۇ مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇغان.

لۇشۈن كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشچان ئىدى. ئۇ مەدرىستە ئۆتۈلىدىغان كۇڭزى - مېڭزىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن قىلچە قانائەتلەنمەيتتى، شۇڭا كۆپرەك غەيرىي رەسمىي تارىخلارنى، يازما خاتىرىلەرنى، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت»، «قىزىل

راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق كلاسسىك رومانلارنى ۋە
ھەر خىل مەزمۇندىكى كلاسسىك شېئىرلارنى قىزىقىپ
ئوقۇيتتى. بولۇپمۇ خەلق ئەدەبىيات – سەنئىتىنى قىز-
غىن سۆيەتتى. گۈزەل خەلق رىۋايەتلىرى ۋە شاۋشىن-
نىڭ «بۇت چۈگسىلىتىش»، «يېزا ئويۇنى» قاتارلىق
يەرلىك ئويۇنلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. لۇشۈننىڭ
ئۆيى يېزىدا بولغاچقا، دېھقانلار بىلەن بىۋاستە ئۇچ-
رىشىش ئىمكانىيىتى كۆپ ئىدى. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئاق
كۆڭۈل، سەممىي يېزا باللىرى بىلەن ھەقىقىي دوست-
لۇق ئورنىتىپ، ئۇلار بىلەن چوڭقۇر سىرداشتى. دېھقان-
لارنىڭ «ئۇمۇرۋايەت ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان» ئېچىن-
ىشلىق تۇرمۇشىنى چۈشەندى. تاغىسى جۇبوتىيەننىڭ
تۇيۇقسىز قاماققا ئېلىنىشى ۋە دادىسىنىڭ ساقايماس
كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى، لۇشۈننىڭ ئائىلىسىگە ئېغىر
ۋەيرانچىلىقلارنى ئەكەلدى. ئۇ غۇربەتچىلىك تۇر-
مۇشنىڭ بارلىق ئىسسىق – سوغۇقلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ،
«غەيرىي يولغا كىرىپ، باشقا ئىسكەتتىكى كىشىلەرنى
تېپىش»، («چوۋقان» غا ئىكرىش سۆز» دىن) قارارىغا
كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1898 – يىلى باھاردا
ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، نەنجىڭگە ئوقۇشقا باردى.
ئاۋۋال ئەجنەبىسىلەرگە چوقۇنغۇچىلار باشقۇرغان
نەنجىڭ سۇچىلىق مەكتىپىگە كىردى. بۇ ماتروسلارنى
يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ ئىدى. لۇشۈن بۇ مەكتەپنىڭ
ئىس – تۈتەكلەر قاپلىغان بۇرۇقتۇرما ھاۋاسىدىن نارازى
بولۇپ، شۇ يىلى كۈزدە جياڭنەن ئوقۇتقۇچىلار يېتىش-



تۈرۈش سىمىنارىيىسى قارىمىقىدىكى كانچىلىق،
تۆمۈريول مەكتىپىگە ئالماشتى. بۇ مەكتەپنىڭ تەش-
كىللىي تۈزۈملىرى خېلى مۇكەممەل، دەرسلىكلىرىمۇ
مۇقىم ئىدى. لۇشۈن بۇ مەكتەپتە غەرب بۇرژۇئازىيىسى-
نىڭ دېموكراتىزملىق ئىدىيىسى بىلەن دەسلەپكى قەدەم-
دە ئۇچراشتى. ئەنگلىيىنىڭ بىئولوگىيە ئالىمى خۇك-
سىلىنىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە ئەخلاق» دېگەن
ئەسىرى لۇشۈنگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇ
چارلىز داروۋىننىڭ ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ زور قىزىقىش
بىلەن مەخسۇس تەتقىق قىلىپ ئۆگەندى. نەتىجىدە
داروۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى شۇ ۋاقىتتا
لۇشۈننىڭ جەمئىيەتنى كۆزىتىشتىكى بىر خىل ئىدىيىۋى
قورالى بولۇپ قالدى. لۇشۈن كانچىلىق – تۆمۈريول
مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ساۋاقداشلىرى
بىلەن بىرلىكتە نەنجىڭ ئەتراپىدىكى چىگىلوشەن
كۆمۈر كېنىنى كۆپ قېتىم ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، كۆمۈر
كان ئىشچىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ھەققىدە
چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى.

1902 – يىلى باھاردا، لۇشۈن ياپونىيىگە ئوقۇش-
قا باردى. دەسلەپ توكيو شەھىرىدىكى خوڭۋېن
شۆيۈەنىدە ياپون تىلىنى ئۆگەندى. 1903 – يىلى
ئىرقى ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ سىمۋولى بولغان ئۇزۇن
چېچىنى كېسىۋەتتى ۋە شۇ يىلى «كېچىككىنە سۈرىتىمگە
بېغىشلىما» دېگەن مەشھۇر شېئىرىنى يېزىپ، بارلىقىنى
ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقىغا بېغىشلاش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا «جۇڭگو گېئولوگىيىسى توغرىسىدا»
قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى.

لۇشۇن «جۇڭگو گېئولوگىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە بايرىقى روشەن ھالدا «جۇڭگو—جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭگوسى» دېگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو خەلقىگە غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىلىرىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە، فرانسىيە يازغۇچىسى ژيۇل ۋېرننىڭ (1825—1905) «ئايغا ساياھەت»، «يەرئاستىغا ساياھەت» دېگەنگە ئوخشاش مەشھۇر، ئىلمىي فانتازىيىلىك رومانلىرىنى تەرجىمە قىلدى. 1904-يىلى 9- ئايدا، لۇشۇن ۋەتەن، خەلقنى يېڭىلىققا ئۈندەشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، شەنتەي تىببىي مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇدى، ئەمما ئەمەلىيەتنىڭ تەربىيىلىشى ئاستىدا، ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ھەممىدىن زۆرۈرلۈكىنى، تىببىي ئىلىمنى ئۆگىنىش ئۈنچىۋالا زۆرۈر ئەمەسلىكىنى، ئىنقىلابنىڭ «بىرىنچى تەلىپى» جۇڭگو خەلقىنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئەدەبىيات- سەنئەت ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش» قارارىغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدا مۇھىم بىر قەدەمنى باستى.

1916-يىلى 3-ئايدا لۇشۇن يەنە توكيوغا قايتىپ كەلدى ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن جىددىي شۇغۇللاندى. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى قىزغىن تەشەببۇس قىلىپ، «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىنى



چىقىرىشقا باشلىدى. ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىپ، «زېمىننىڭ سىرتىدىكى ھېكايىلەر» دېگەن نام بىلەن ئىككى توملۇق ھېكايىلەر توپلىمىنى بېسىپ تارقاتتى.

1918- يىلى، لۇشۇن چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىنقىلابىي تەشكىلات «گۇاڭفۇخۇي» گە قاتناشتى. بۇۋاقىتتا بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرى بىلەن «پادىشاھنى قوغدىغۇچىلار» ئوتتۇرىسىدىكى بەس- مۇنازىرە تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. لۇشۇن قەتئىي ھالدا بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرىنى قوللىدى. ئۇ 1907— 1908- يىللاردا «ئىنسانلار تارىخى»، «تۇراقسىز مەدەنىيەت ھەققىدە» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەرنى يازدى. لۇشۇن بۇ ئەسەرلىرىدە غەربنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى قاتارلىق يېڭى ئىلىم-پەن تەجرىبىلىرىنى قىزغىن تونۇشتۇردى. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بىلەن تارىخنى ھەم رېئاللىقنى تەكشۈرۈپ، جەڭگىۋار ماتېرىيالىزم بىلەن دىئالېكتىكىلىق ئېلېمېنتلارغا ئىگە بولغان تەبىئەت كۆز قارىشىنى تەشۋىق قىلدى. XIX ئەسىردىكى كاپىتالىستىك مەدەنىيەت دولقۇنىنىڭ تۇراقسىزلىقىنى پېپەن قىلىپ، فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق بىلەن فېئوداللىق مەدەنىيەتنىڭ چىرىكلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنغۇچىلار بىلەن بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى رەھىمسىز پاش قىلدى. ئۇ «تۇراقسىز مەدەنىيەت ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىگە

چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇپ، «دۆلەتنى باي ۋەكۈچلۈك قىـ
لىشنىڭ تۈپ يولى خەلقنى ئاقارتىش» دەپ
كۆرسەتتى.

1909-يىلى 8-ئايدا، لۇشۇن ياپونىيەدىن ۋەتەنـ
گە قايتتى ۋە خاڭجۇ، شاۋشىڭ قاتارلىق جايلاردا
ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1911-يىلى بۇرژۇئازىيە
رەھبەرلىكىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى. لۇشۇن بۇ
ئىنقىلابنى قىزغىن قوللىغانىدى، ئەمما شىنخەي ئىنقىلابى
ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەغلۇپ بولدى. شىنخەي ئىنقىلابى گەرچە
ھاكىمىيەت بېرىتمىنى ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن
دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە قىلچە ئۆزگىرىش ياسىيالـ
مىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاجىزلىقى، مۇرەسـ
سەچىلىكى، ئەكسىيەتچىل فېئودال كۈچلەرنىڭ تەرساـ
لىقى، قۇۋ ھىيلىگەرلىكى لۇشۇننى چوڭقۇر ئويغا سالدى.
1912-يىلى، لۇشۇن نەنجىڭگە كېلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈـ
مەتنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىكىدە ئىشلىدى. كېيىن مائارىپ
مىنىستىرلىكى بىلەن بېيجىڭغا يۆتكەلدى. بۇ مەزگىلـ
دە لۇشۇن شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبى
ھەم ئۆزىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرى ئۈستىدە ھەسرەتلىك پىـ
كىر يۈرگۈزۈپ، جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلدى ۋە يېڭى
كۈرەش دولقۇنىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كۈتتى.

1917-يىلى، لېنىن رەھبەرلىكىدىكى روسىيە سوتـ
سىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلدى. دەۋر ئۇچقاندەك
ئالغا ئىلگىرىلەپ دۇنيا تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە
ئېچىلدى. لۇشۇن ھەسرەت ئىچىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ،



«يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى» نى كۆردى. ئۇ «يېڭى ياشـ
لار» ژۇرنىلىنى مەركەز قىلىپ، «4-ماي» يېڭى مەدەـ
نىيەت ھەرىكىتىنىڭ قايناملىرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، جاھانگىرـ
لىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن چوقان
سالدى. 1918-يىلى 5-ئايدا، «يېڭى ياشلار» ژۇرنىـ
لىدا ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا فېئوداللىزمغا قارـ
شى يېڭى ئەدەبىي تىل بىلەن يېزىلغان تۇنجى ھېكايە —
«سەۋدايى خاتىرىسى» نى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەر «ئەدەـ
بىيات ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى گۈلدۈرمامىسى» بولۇپ،
فېئوداللىق جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا
غايەت زور رول ئوينىدى. «سەۋدايى خاتىرىسى» دىن
كېيىن لۇشۇن ئارقا-ئارقىدىن «كوڭ يىجى»، «دورا»
«كىچىككىنە بىر ۋەقە»، «يۇرتۇم»، «بەخت تىلەش»،
«ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرـ
لەرنى يازدى. بوران-چاپقۇنلۇق كۈرەش ئەمەلىيىتى
جەريانىدا فېلىيەتوندىن ئىبارەت يېڭى ئەدەبىي شەكىلنى
يارىتىپ، جاسارەت بىلەن كۈرەشكە ئاتلاندى. لۇشۇن
ئۆزىنىڭ ھېكايە، فېلىيەتونلىرىدا جاھانگىرلارنى، فېئودال
قاراكۈچلەرنى ھەمدە جۇڭگو خەلقىنى ئىككى مىڭ يىلدىن
كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زەھەرلەپ كەلگەن فېئوداللىق
مەدەنىيەتنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ
ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى رەھىمسىزلەرچە پاش قىلدى. ئىنقىلابىي
دېموكراتىزم مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىنقىلاب پېشۋالىرىنىڭ
«ئەمىر-پەرمانلىرى» غا ئاكتىپ بويسۇندى. لۇشۇننىڭ ئەـ
مەلىي كۈرەش پائالىيەتلىرى ۋە شۇ ئەمەلىي كۈرەش قايناـ

لىرىدا تۇرۇپ يازغان جەڭگىۋار ئەسەرلىرى «4-ماي» يىڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ يۈنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلدى. ئىشچىلار سىنىپى سىياسىي سەھنىگە چىققاندىن كېيىن، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلۇپ، جۇڭگو ئىنقىلابى يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغاندىن كېيىن، «4-ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ بىرلىك سېپى ئىچىدە جىددىي كۈرەش ھەم بۆلۈنۈشلەر يۈز بەردى. نۇرغۇنلىغان بۇرژۇئازىيالىك لىبېرالىرى دۈشمەننىڭ قوينىغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى، لېكىن لۇشۈن «4-ماي» ھەرىكىتىنىڭ جەڭگىۋار ئەنئەنىلىرىنى قوغداپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قىزغىن قوللىدى ۋە ئۇلارغا مەدەتكار بولدى. جاھانگىرلارغا، شىمالىي مىلىتارىستلارغا ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى بولغان خۇشى قاتارلىق يالاقچى ئەدىبلەرگە قارشى شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنىڭ رەزىل ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى. لۇشۈننىڭ بۇ كۈرەش پائالىيەتلىرى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئەينى ۋاقىتتا قايناپ تاشقىنلىق بىلەن راۋاجلىنىۋاتقان بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا ئاكتىپ ماسلاشتى.

لۇشۈن كۈرەش داۋامىدا، ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىيىتى ھەم ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر قارىمۇ قارشىلىق يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى، لېكىن ئۆز ئىدىيىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەرگىز يوشۇرمىدى. بەلكى كۈرەش ئەمەلىيىتى داۋامىدا تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئۆزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئىدىيىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشتى.



1926-يىلى 9-ئايدا، لۇشۈن شيامېن داشۆسىگە يۆتكەلدى. ئۇ شۇ چاغدىكى ھايات يولىنى ئەسلەپ «مەن دەرۋەقە ھەممە ۋاقىت باشقىلارنى ئوپېراتسىيە قىلدىم، لېكىن كۆپىنچە ئۆزۈمنى تېخىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن ئوپېراتسىيە قىلدىم» دېگەنىدى. 1927-يىلى 1-ئايدا، لۇشۈن گۇاڭدۇڭغا باردى ۋە جۇڭشەن داشۆسى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە ئىلمىي باشقارمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىدى، شۇنداقلا كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە زىيالىيلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئىدىيە جەھەتتە ناھايىتى زور ئالغا باستى. 1927-يىلى جياڭ جيېشى «12-ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشىنى ئېلىپ بېرىپ، كوممۇنىستلار بىلەن ئىنقىلابىي خەلقنى دەھشەتلىك قىردى. سىنىپىي كۈرەشنىڭ بۇ قانلىق ساۋىقى لۇشۈننى مىسلىسىز زور تەربىيىگە ئىگە قىلدى. ئۇ ئۆز ئىدىيىسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسىنى ئۆزۈل-كېسىل چۆرۈپ تاشلاپ، قەتئىي ھالدا ئىشچىلار سىنىپى مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچىدىن پەيدىنپەي مەشھۇر كوممۇنىزم جەڭچىسىگە ئايلاندى.

1927-يىلى 10-ئايدا، لۇشۈن جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ئەڭ مەركەزلەشكەن جاي شاڭخەيگە بېرىپ يېڭى، شانلىق، جەڭگىۋار ھاياتىنى باشلىدى. ئۇ خەۋپ-خەتەرگە قارىماي، جاپا-مۇشەققەتلەرنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئەستايىدىل ئۆگەندى.

ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى كۆرەش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى
قىلىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ھەم تارىخىي ماتېرىيا ـ
لىزم نۇرى چاقناپ تۇرغان ئالتەيۈز پارچەدىن ئارتۇق
جەڭگىۋار فېلىيەتونلارنى يازدى.

لۇشۈن 1930 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ «جۇڭگو سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى» غا رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىر نەچچە قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي قورشاپ «يوقىتىش» لىرىنى بىتچىت قىلدى. ئۇ 1927 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1930 ـ يىلىغىچە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قورشاپ «يوقىتىش» نىڭ ئاۋانگارتى بولغان «يېڭى ئاي گۇرۇھى» بىلەن تىغمۇتىغ كۆرەش قىلىپ خۇشى، لياڭ شىچيۇ قاتارلىقلار تەرغىپ قىلغان ئەكسىيەتچىل سەپسە ـ تىلەرنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي تەشەببۇسلىرى بىلەن ئەكسىلئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قاراشلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا گومىنداڭ جاسۇس ـ لىرى ئۇيۇشتۇرغان فاشىستىك «مىللەتچىلىك ئەدەبىياتى» ھەرىكىتىگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، چەت ئەل جاھانگىر ـ لىكىنىڭ قولچوماقى بولغان «مىللەتچىلىك ئەدەبىياتى» تەرغىباتچىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى رەھىمسىز ئېچىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۆزلىرىنى «ئەركىن كىشىلەر» دەپ ئاتىۋالغان خۇچۇ، يىۋەن ھەم ئۆزلىرىنى «ئۈچىنچى خىل كىشىلەر» دەپ ئاتىۋالغان سۇۋېن قاتارلىق يا ـ لانما ئەدىبلەرگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۇلار



نىڭ ساختا نىقابلىرىنى ئۆزۈل ـ كېسىل يىرتىپ تاشلىدى. لىن يۈتاڭ ۋەكىللىك قىلغان «مۇھاكىمىچىلەر گۇرۇھى» نىڭ جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلدى. ئۇلارنىڭ «ئۇچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان يۇمۇرىستىك فېلىيەتون» لارنى تەشەببۇس قىلىشتىكى مەقسىتى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەت ـ چىل ھۆكۈمرانلىقىنى «راھەت ۋە ئاساپىشلىق» دەپ پەر ـ دازلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەر ـ دى. لۇشۈن شائىخەيگە كەلگەندىن كېيىن يازغان فېلىيە ـ تونلىرىنىڭ ھەممىسىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە، خەلققە، ئىنقىلابقا قارشى تۇرغان ۋەتەنساتقۇچلۇق سىياسەتلىرىنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كوممۇنىستلارنى ۋە ئىلغار ئەدىبىيدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلغان جىنايەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاش ـ لىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قولچوماقچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن يالانما ئەدىبلەرنىڭ ھەرخىل «ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن تولغان كاتتا ماقالىلىرى» نى ۋە ھەرخىل ئالدامچى ۋاستىلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلدى. ياپون جاھان ـ گىرلىكى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، «كوڭزىغا سېغىنىش»، «كونىنى تىرىل ـ دۈرۈش» تەتۈر قۇيۇنىنى قوزغىغاندا، لۇشۈن ماركسىزمنى ئەدىبىيۋى قورال قىلىپ، كونىسىلىق تەرەپدارلىرىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، بارلىق ئىچكى ـ تاشقى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چوقۇم ھالاك بولۇش تەقدىرى ـ دىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

لۇشۈن كېيىنكى مەزگىللەردە، ئاشكارا دۈشمەنلەرگە قارشى مەردانە كۈرەش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنقىلابىي قوشۇنغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان سىياسىي ئالدامچى، خائىن، ئىشپىيونلار بىلەنمۇ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش ئېلىپ باردى. ئۇ بۇ مەزگىللەردە «تروتسكىچىلارنىڭ خېتىگە جاۋاب»، «ھازىرقى ئەدەبىيات ھەرىكىتىمىز توغرىسىدا»، «شۈي ماۋيۈگە جاۋاب ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ توغرىسىدا» قاتارلىق فېليەتونلارنى يېزىپ، چەت ئەل جاھانگىرلىكى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگو ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان يوشۇرۇن دۈشمەنلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. لۇشۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش توغرىسىدىكى سىياسەتلىرىنى ئاكتىپ قوللىدى ۋە شۇ سىياسەتكە ئاساسەن «مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشتىكى ئاممىۋى ئەدەبىيات» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىرلىكسەپ ئىچىدىكى پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى كۈچلۈك تەكىتلىدى.

لۇشۈن پارتىيىنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا زور ئىشەنچ باغلاپ، ئىشچى-دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىگە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆڭۈل بۆلدى. 1932 - يىلى يازدا، ئازاد رايوندىن شاڭخەيگە كەلگەن قىزىل ئارمىيە



گېنېرالى چېن گېڭ بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، گېنېرال چېن گېڭدىن قىزىل ئارمىيىنىڭ «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش ئەھۋالىنى ھەمدە ئازاد رايوندىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۇقۇشتى. ئۇ چېن گېڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن ۋاقىتتا، گېنېرال چېن گېڭ سىزغان خۇبېي-خۇنەن-ئەنخۇي تايانچ بازىلىرىنىڭ خەرىتىسىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەتىۋارلاپ ساقلىدى. لۇشۈن شۇ يىلى 11 - ئايدا «ماۋزۇسىز» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى يېزىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ۋە تايانچ بازىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار گورۇھىنىڭ تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال چىرىك ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، ئىنقىلابىي خەلق چوقۇم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى، چىرىك ئەكسىيەتچى كۈچلەر چوقۇم ئۇزۇل-كېسىل ھالاك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. 1935 - يىلى 10 - ئايدا، لۇشۈن قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزۇن سەپەر قىلىپ شىمالىي شەنشىگە غەلىبىلىك يېتىپ بارغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. ئۇ تېلېگراممىدا تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن «ئىنسانىيەتنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ كەلگۈسى سىلەرگە باغلىق» دېدى. بۇ ئارقىلىق لۇشۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىنى، ئىشەنچىنى ھەم مۇھەببىتىنى بىلدۈردى.

لۇشۈن پۈتۈن ئۆمرىدە ئىزچىل ھالدا دەۋرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، توختىماستىن ھەقىقەت ئىزدىدى. ئۇ گەرچە پارتىيە قوينىغا كىرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، چەكسىز قىزغىنلىق بىلەن «كېلەچەك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پرولېتارلارغا مەنسۇپ» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز تەقدىرىنى پارتىيە بىلەن چەمبەرچاس باغلىغانىدى. ئۇ ھەقىقىي ماركسىزمچى، ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسى سۈپىتىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، خەتەرلىك ئىستىھكاملارغا باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، پۈتۈن كۈچىنى ۋە ھاياتىنى ئاخىرقى نەپەسكىچە قەدەر جۇڭگو خەلقىغە تەقدىم قىلدى.

جاپا - مۇشەققەتلىك خىزمەت ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان كېسەللىك لۇشۈننى تولىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ 1936 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تاڭ سەھەردە شاڭخەي شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

لۇشۈننىڭ ھاياتى — ئىنقىلابىي ھايات، جەڭگىۋار ھايات، لۇشۈن روھى ۋەتەننىڭ جەۋھىرى، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىسى. يولداش ماۋ زېدۇڭ كوممۇنىزم جەڭچىسى لۇشۈنگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق كۆرسەتتى: لۇشۈن جۇڭگو مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى. ئۇ ئۇلۇغ ئەدىب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە ئۇلۇغ ئىنقىلابچى.



لۇشۈننىڭ سۆڭىكى ناھايىتى قاتتىق ئىدى. لۇشۈندە قۇللۇق ۋە خۇشامەتچىلىكتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. بۇ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە خەلقلىرى ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك خىسلەت. لۇشۈن مەدەنىيەت سېپىدە پۈتۈن مىللەتنىڭ زور كۆپچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىپ، دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئەڭ توغرا، ئەڭ باتۇر، ئەڭ تەمكىن، ئەڭ سادىق، ئەڭ يالقۇنلۇق، مىسلى كۆرۈلمىگەن مىللىي قەھرىمان. لۇشۈننىڭ يۆنىلىشى — جۇڭخۇا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى.»

050839
050839

## «سەۋدايى خاتىرىسى»

لۇشۇننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» ناملىق ھېكايىسى 1918 - يىلى 4 - ئايدا يېزىلغان. شۇ يىلى 5 - ئايدا «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «چۇقان» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

**1**

لۇشۇننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» ناملىق بۇ ھېكايىسى ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئۆتكۈر، كەسكىن سىنىپىي كۆرەشنىڭ مەھسۇلى.

1911 - يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى گەرچە ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن كونا جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئو-داللىق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمىدى، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاجىز-لىقى ھەم مۇرەسسەچىلىكى تۈپەيلىدىن كونا دېموكراتىك



ئىنقىلاب ئۆزىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىدى. جۇڭگو جەمئىيىتى-دىكى زىددىيەتلەرنىڭ بىرىنىمۇ تولۇق ھەل قىلالمىدى. ئەكسىچە بۇ زىددىيەتلەر شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋالغان چوڭ مىلىتارىست يۈەن شىكەي، كاڭ يۇۋېي قاتارلىقلار فېئوداللىزم قارا كۈچ-لىرى بىلەن بىرلىشىپ، فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشكە جېنىنىڭ بارىچە تىرىشتى. سىياسىي جە-ھەتتە ئۆزئارا ماسلاشقان ئەكسىيەتچىلەر ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ بىر-بىرىگە ماسلىشىپ كۈچ-زىيەتلىماتىدىن خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا ئۇرۇندى. كاڭ يۇۋېي ئىبەقسەمدىكىلەر يۈەن شىكەينىڭ سىياسىي مۇددىئاسى بويىچە «بىتاقەت» دېگەن ژۇرنالنى چىقىرىپ، فېئوداللىق كونا مەدەنىيەت بىلەن فېئوداللىق ئەدەب-ئەخلاقنى غالجىرلارچە كۆككە كۆتۈردى. ھەتتا «فېئوداللىق ئەدەب-ئەخلاق پرىنسىپ-لىرى (ئاساسىي قانۇن لايىھەسى) نىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇشى لازىم» دەپ جار سېلىشتى... بۇ ۋاقىتتا جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى تېز سۈرئەت بىلەن زورىيىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتى كۈندىن-كۈنگە كەڭ قانات يېيىشقا باشلى-غانىدى، بولۇپمۇ «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ-زەمبى-رەك ئاۋازلىرى بىزگە ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئە-كەلدى.» بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقىدە يېڭى ئۈمىد پەيدا بولدى. تارىخ جۇڭگو خەلقىگە فېئوداللىق ئەدەب-

ئەخلاق ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تىرىلىش قارا نىيىتى
بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى، يەنە شىكەيھەم
كاك يۈۋېي ئېتىمىدىكىلەرنىڭ مۇستەبىت پادىشاھلىق
تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش
ئۈچۈن، ئىدىيە ھەم مەدەنىيەت ساھەسىدە فېئوداللىق
تۈزۈمنىڭ تۈۋرۈكى بولغان چىرىك فېئوداللىق ئەدەب-
ئەخلاقىنى ئۇزۇل - كېسىل تەنقىد قىلىش لازىملىقىنى
تونۇتتى. ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى لۇشۈن دەل مۇ-
شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قەيسەرلىك بىلەن سەپنىڭ
ئالدىدا مېڭىپ، «سەۋدايى خاتىرىسى» دېگەن بۇ مەش-
ھۇر ھېكايىسىنى يېزىپ فېئودالىزمغا ۋە فېئوداللىق ئەدەب-
ئەخلاققا قارشى تۇرۇشنىڭ جەڭگىۋار سىگنالىنى چالدى.

2

«سەۋدايى خاتىرىسى» «4 - ماي» يېڭى ئەدەبى-
يات ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى باھار گۈلدۈرماممىسى بولۇپ،
ئۇ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا فېئودا-
لىزمغا قارشى يېڭى ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان تۇنجى
ھېكايىدۇر.
لۇشۈن بۇ ھېكايىسىدە، جۇڭگودا ئىككى مىڭ يىل-
دىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن فېئودالىق تۈزۈمى-
نىڭ ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغان چىرىك فېئودالىق
ئەدەب - ئەخلاقنىڭ قانخور ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش
قىلغان. فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ «ۋاپا، ئىنساپ،



ئەخلاق، ساخاۋەت» دېگەن ساختا چۈمپەردىلىرىنى يىر-
تىپ تاشلاپ، خەلق ئاممىسىنى «قاپقاراڭغۇچىلىق،
كۈندۈزمۇ، تۈنمۇ، ئايرىغلى بولمايدۇ»غان ياۋۇز كونا
جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرغان.
لۇشۈن «جۇڭگو يېڭى ئەدەبىيات سىستېمىسى» ھې-
كايىلەر 2 - توپلىمىغا مۇقەددىمە» دېگەن ئەسىرىدە:
««سەۋدايى خاتىرىسى» ئائىلىۋى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى-
نىڭ ۋە ئەدەبىنىڭ زىيانكەشلىكلىرىنى پاش قىلىدۇ» دەپ
كۆرسەتكەنىدى. ئۇ مانا شۇ روشەن سىياسىي مەقسەت
بىلەن فېئودالىزمغا قارشى ئىسيانچى — سەۋدايىنىڭ تى-
پىك ئوبرازىنى يارىتىپ، فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ ئادەم
يەيدىغان قانخور جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى جانلىق سۈرەت-
لەپ بەردى.
سەۋدايى — فېئودالىق تۈزۈمىنىڭ دەھشەتلىك
زىيانكەشلىكىگە ۋە تەقىب قىلىنىشىغا ئۇچراپ ئويغىنىشقا
باشلىغان، كۆپ يىللىق مەنىۋى كىشەنلەرنىڭ ئاسارىتىدىن
قۇتۇلۇش ئۈچۈن، زۇلۇم تۇزاقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش
نىيىتىگە كەلگەن دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە جەڭچى.
بۇ ئوبراز توغرىسىدا بەزى ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلار
مەۋجۇت: بەزىلەر «سەۋدايى ھەقىقىي ساراڭ، ئۇ فېئو-
دالىزمنىڭ قاتتىق قات زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ساراڭ
بولۇپ قالغان» دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر «سەۋدايى
ھەقىقىي ساراڭ ئەمەس، ئۇ فېئودالىزمغا قارشى ئاگاھ
جەڭچى بولۇپ، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قاتتىق
قات زىيانكەشلىكلىرى ئۇنى ساراڭ بولۇشقا مەجبۇر

قىلغان» دەپ قارايدۇ. بۇ كۆز قاراشلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە مەلۇم ئاساس بار، شۇنداقلا بىر تەرەپلىمىلىكمۇ بار.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، سەۋدايى ھەم ساراڭ، ھەم ساراڭ ئەمەس. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، سەۋدايىنىڭ بەزى سۆز - ھەرىكەتلىرى ھەقىقەتەن ساراڭنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەمما سەۋدايىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قانخورلۇقىغا بولغان تونۇشى ۋە قارشىلىقى ئۇنىڭ ساراڭ ئەمەس، بەلكى ساراڭ قىياپىتىدە مەيدانغا چىققان ئاڭلىق ئىسيانچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

سەۋدايى — چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۇ جۇڭگودا ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تارىخىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ۋە تەھلىل قىلىپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخى «ئادەم يېيىش» تارىخى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «فېئوداللىزملىق جۇڭگو نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ‹ھەمىشە ئادەم يېيىلىپ كەلگەن جاي›، ‹ئېنىقلاپ كۆرەي› دەپ تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرسەم، ئۇ تارىخنىڭ يىللىرىغا يېزىلماپتۇ، لېكىن ھەربىر ۋارىقىغا ‹ۋاپا›، ‹ئىنساپ›، ‹ئەخلاق›، ‹ساخاۋەت› دېگەن خەتلەر ئەگرى - بۈگرى يېزىلىپ تۇرۇپتۇ. زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. تارىخنى كۈن نىسبىگىچە دىققەت بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن خەتلەرنىڭ ئارىلىقىدا پۈتۈن كىتاب بويىچە يېزىلىق تۇرغان



‹ئادەم يېيىش› دېگەن خەتنى كۆردۈم.» سەۋدايى فېئوداللىق جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى — ئادەم يېيىش بىلەن ئادەمگە يېيىلىشتىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يېتىدۇ، شۇڭا، ئۇ ئادەم يېگۈچى ھۆكۈمران سىنىپلارنى «تۈلكىگە ئوخشاش ھىيلىگەر، شىرغا ئوخشاش رەھىمسىز» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

سەۋدايى — كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە. ئۇ ئىسيانكارلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، فېئوداللىق تۈزۈمگە باتۇرلۇق بىلەن قارشى چىقىدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق جەمئىيەت تارىخىنىڭ سىمۋولى بولغان گۇجيۇ ئەپەندىنىڭ «كىرىم - چىقىم دەپتىرى»نى غەزەپ بىلەن تېپىۋېتىپ، ئۇنى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ «قانخورلۇق بىلەن تولغان ھېساب كىتابى» دەپ ھېسابلايدۇ.

سەۋدايى پىداكار ھەمجاسارەتلىك بولۇپ، ئۇ فېئوداللىق ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەرگە قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنى يېۋەتمەكچى بولغان فېئودال قارا كۈچلەرگىمۇ ئاشكارا قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا ھەرگىز باش ئەگمەيدۇ. ئۇ ئادەم يېگۈچى قانخورلار بىلەن يۈزمۇ يۈز مۇنازىرىلىشىپ، ئۇلارنى «ئادەم يېيىش توغرا ئىشمۇ؟» «ياق، ئۇنداق بولسا ئۇلار نېمىشقا ئادەم يەيدۇ؟» دەپ كەسكىن سوراققا تارتىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ خىلمۇ خىل شۇملۇق ۋاستىلىرى بىلەن پەردى-

لەنگەن ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، «سىلەر دەكلەر كۆپلەپ تۇغۇلۇپ تۇرسىمۇ، ھەقىقىي ئىنسانلارنىڭ قولىدا خۇددى ئۈۋچىلار بۆرىلەرنى ئېتىپ تۈگەتكەندەك تۈگەيسىلەر، قۇرتقا ئوخشاش ھالاك بولسىلەر!» دەپ چۇقان سالىدۇ. مانا بۇلاردىن شۇلارنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، لۇشۈن سەۋدايىنىڭ ئىسيانكارلىق روھى بىلەن غەيرەت - جاسارىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئۇنى فېئودالىزمغا ۋە فېئودالىق ئەدەب-ئەخلاققا قارشى ئاڭلىق جەڭچى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» دېگەن ھېكايىسىدە سەۋدايىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوبرازىمۇ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان.

سەۋدايىنىڭ ئاكىسى فېئودال ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ۋەكىلى. لاڭزى كەنتىدىن كەلگەن ئورتاقچىنىڭ گەپ - سۆزلىرى، شۇنىڭدەك سەۋدايىنىڭ «ئالدىنقى كۈنلەردە ئورتاقچىلار ئىجارە ھەققىنى ئازايتىۋېتىڭ دېسە، سىز ‹بولمايدۇ› دېدىڭىزغۇ؟» دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ فېئودال پومېشچىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. سەۋدايىنىڭ ئاكىسى ئادەم يېيىش ئەخلاقىنىڭ تەشۋىقاتچىسى ۋە ئىجراچىسى. ئۇ ئادەتتە باشقىلارغا «ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن بىر توغرام گۆشىنى كېسىپ، پىشۇرۇپ ئاتا - ئانىسىغا يېگۈزۈش»نى تەرغىپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسىتى: فېئودالىق ئەدەب - ئەخلاق ئارقىلىق كىشىلەرنى زەھەرلەپ، «ئاجىز ۋە كىچىكلەرنى باپلاش» تىن ئىبارەت. ئۇ جاۋ ھەزرەت قاتارلىق ھۆكۈمرانلار بىلەن



بىرلىشىپ سەۋدايىنى يەۋېتىشنى قەستلەيدۇ. ‹سەۋدايىنىڭ «ئوماق ۋە ئايانچلىق» بەش ياشلىق سىڭلىسىنىمۇ شۇ ئەبلەخ يەۋەتكەن›. ئۇنىڭ قارىشىچە ئادەم يېيىش يوللۇق بولۇپ، «ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق» بولۇپ كەلگەن، شۇڭا، ئادەم يېيىش ئەخلاقى توغرىسىدا گەپ قىلغاندا «ئۇنىڭ كالپۇكلىرىدىن ئادەم قېنى بۇژغىراپ تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يۈرىكىمۇ ئادەم يېيىش نىيىتى بىلەن تولغان». ئۇ ئۇكىسى سەۋدايىنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەزەپلىنىدۇ. ئۇنىڭغا بولغان نازارىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئالىدۇ ھەمدە ئۇكىسى سەۋدايىنىڭ ئاڭ - سىزىمىنى يوقىتىش ئۈچۈن خىلمۇ خىل پەسكەش ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن تېۋىپ قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر جاللاتنى ئىشقا سېلىپ، سەۋدايىغا «ھېچ نەرسىنى ئويلىماڭ» دەپ تەھدىت سالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەم يېگۈچىلەرنىڭ «كونا دەستۇرى»نى كۆتۈرۈپ چىقىپ، سەۋدايىغا «ساراڭ» دېگەن بەتنامنى چاپلايدۇ-دە، ئۇنى كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىسيانكار روھىنى سۇندۇرماقچى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەم يېگۈچىلەر بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ، سەۋدايىنى روھىي ھەم جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابلايدۇ. سەۋدايىنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلىپ، شۇ ئارقىلىق «قاتىل دېگەن جىنايەتكە قالماي» ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ «ساراڭنى يەپ خويمۇ ياخشى ئىش-

قىپتۇ» دېگەن ھېسداشلىقىغا ئىگە بولماقچى بولىدۇ...
مانا بۇلاردىن ئۇنىڭ سەۋدايىنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقارغان باش جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىـ
ۋېلىش تەس ئەمەس. لۇشۈن سەۋدايىنىڭ ئاكىسىنىڭ
ئوبرازى ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ جاھىل قوغدى-
غۇچىلىرى بولغان ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ
رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىپ،
ئۇلارنىڭ «شىرغا ئوخشاش رەھىمسىزلىك، توشقانغا
ئوخشاش قورقۇنچاقلىق، تۈلكىگە ئوخشاش ھىيلىگەرلىك»
ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان. فېئودال ھۆكۈم-
ران سىنىپلارنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە ۋە فېئودالىق
ئەدەپ - ئەخلاققا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلغان كى-
شىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ «كاتتا داۋلىلىرى»غا تايىنىپ
تۆھمەت قىلغان، زىيانكەشلىك قىلغان ھەم ئۇلارنى
«سارائ» بولۇشقا مەجبۇر قىلغانچېكىدىن ئاشقان جى-
نايەتلىرى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىپ،
«بۇ ئۇلارنىڭ كونا دەستۇرى» ئىكەنلىكىنى دەل جايىدا
پاش قىلغان، شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ پاش قىلىش ھەم تەنقىد
قىلىشتىكى چوڭقۇرلۇقى، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى فېئودالىزمغا
قارشى روھتا يېزىلغان ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەردىن
ئېشىپ چۈشىدۇ.

لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» دېگەن ھېكايىـ
سىگە چوڭقۇر غەزەپ - نەپرەت سىڭگەن. ئىنقىلابىي
دېموكراتىزمچى لۇشۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش
ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئەمگەكچى



خەلقنى بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنى مەنىۋى جەھەتتە
قاتتىق زەھەرلىگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغانىدى، شۇڭا،
بۇ ھېكايىسىدە سەۋدايىنىڭ ھېسسىياتى ۋە تىلى ئارقى-
لىق چوڭلارنىڭلا ئەمەس، ھەتتا كىچىك بالىلارنىڭمۇ
ئەنئەنىۋى ئادەم يېيىش ئەخلاقىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچ-
رىغانلىقىنى قايتا - قايتا بايان قىلغان. بۇ لۇشۈننىڭ
چەكسىز غەزەپ - نەپرەتلىك ھېسسىياتىنى ئەكس ئەت-
تۈرىدۇ. لۇشۈن جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئۈمىد
باغلاپ، يېڭى ئەۋلادلارغا بولغان چوڭقۇر غەمخورلۇقىنى
«بالىلارنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭلار» دېگەن سادا ئارقىلىق
ئىپادىلىگەن. گەرچە بۇ سادادا لۇشۈننىڭ ئىدىيىسىدە يەنىلا
تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرى بارلىقى
سېزىلىپ تۇرسىمۇ ۋە جۇڭگو جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ
يولى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدە ئېنىق بىر چۈشەنچە بولمىسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭدا لۇشۈننىڭ چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ
يەنە داۋاملىشىۋېرىشىگە يول قويغىلى بولمايدۇ، فېئو-
داللىق ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلى-
دىغان ۋە خەلقنى زەھەرلەيدىغان ھالىتىنىڭ يەنە داۋامـ
لىشىۋېرىشىگە يول قويغىلى بولمايدۇ، دەپ ھېساblىغان-
لىقى ئىپادىلەنگەن. لۇشۈن جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئالغا
بېسىشى لازىملىقىنى ۋە چوقۇم ئالغا باسىدىغانلىقىنى
بىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، كەسكىن ھالدا «كەلگۈسىدە
ئادەم يېگۈچىلەرگە يول قويۇلمايدۇ» دەپ جاكارلىغان.
بۇ لۇشۈننىڭ دەۋرگە ۋە خەلققە ۋەكىللىك قىلىپ، فېئو-
داللىق تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولغان

فېئوداللىق ئەدەب ـ ئەخلاق ئۈستىدە چىقارغان ھەققانىي ھۆكۈمىدۇر.

## 3

«سەۋدايى خاتىرىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، لۇشۈن: «بۇ ئەسەر ئىپادىلىنىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە شەكلىنىڭ ئالاھىدە بولۇشى بىلەن بىر قىسىم ياش كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالدى» دېگەنىدى. بۇ ھېكايىدىكى فېئودالىزمغا قارشى چوڭقۇر مەزمۇنلار قانداق ئالاھىدە شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن؟

لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» دېگەن ھېكايىسى خاتىرە شەكلىدە يېزىلغان. لۇشۈننىڭ بۇ شەكىلنى قوللىنىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا فېئودالىزم كۈچلىرى تېخى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، فېئودالىزمغا ۋە فېئوداللىق ئەدەب ـ ئەخلاققا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلغان كىشىلەرنى دەھشەتلىك باستۇراتتى، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودالىزمغا ۋە فېئوداللىق ئەدەب ـ ئەخلاققا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىمۇ يول قويمايتتى، شۇڭا لۇشۈن «تەقىب ۋەسۋەسىگە ئۇچرىغان روھىي كېسەل»گە گىرىپتار بولغان سەۋدايىنىڭ «گادىرماچ» يېزىلغان خاتىرىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ فېئودالىزمغا ۋە فېئوداللىق ئەدەب ـ ئەخلاققا ئۇزۇل ـ كېسىل قارشى تۇرۇش



ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

لۇشۈن قوللانغان بۇ خاتىرە شەكلى جانلىق، ئۆزگىرىشچان ھەم ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەر پۇختا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن سەۋدايىنىڭ ئادەم يېيىشكە قارشى تۇرىدىغان ئوتتەك قىزغىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە تازا باب كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتورنىڭ سەۋدايىنىڭ بىردەم تارىخنى ئەسلەپ، بىردەم كۆز ئالدىدىكى مۇدھىش رېئاللىقنى ئەيىبلىگەنلىكىدەك مۇرەككەپ ھېسسىياتى ئارقىلىق، فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن فېئوداللىق ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ ئادەم يەيدىغان قانخورلۇق ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلىشقا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. خاتىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك ھەرىكەتلىرى (ئىچكى دۇنياسى)نى بىۋاستە سۈرەتلىگىلى بولىدۇ. لۇشۈن خاتىرە شەكلىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، سەۋدايىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتى بىلەن خىلمۇ خىل ئوي ۋە مۇلاھىزىلىرىنى ئىنچىكە سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ چىنلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى كۈچلۈك مەنىۋى تەسىرگە ئىگە قىلغان.

«سەۋدايى خاتىرىسى»نىڭ تىلىمۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن تىللار كۆپىنچە ئىككى بىسلىق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

بولۇپ، ھەربىر جۈملە ۋە ھەربىر سۆز ئۆز ئالدىغا
چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن،
«بۈگۈن ئاخشام ئاپئاق ئايدىڭ بولدى، مېنىڭ مۇنداق
ئايدىڭ كېچىنى كۆرمىگىنىمگە ئوتتۇز نەچچە يىل بولغان
ئىدى»، «قاپقاراڭغۇچىلىق، كۈندۈزمۇ – تۈنمۇ ئايرى-
غىلى بولمايدۇ، جاۋ ھويلىسىدىكى ئىت يەنە قاۋىغىلى-
تۇردى» دېگەن جۈملىلەرنى ئالساق، بۇ مۇنداق قارى-
غاندا، سەۋدايىنىڭ ئەقلىدىن ئازغان قالايمىقان روھىي
ھالىتىنىڭ ئەكس ئېتىشىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئەمەلى-
يەتتە ئۇ سەۋدايىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كونا جەمئى-
يەت ئۈستىدىن قىلغان غەزەپلىك شىكايىتى. «كۇجۇ
ئەپەندىنىڭ بۇ كونا كىرىم – چىقىم دەپتىرىنى تېپىۋەت-
كەن ئىدىم»، «ئۇلار ماڭا ‹ساراڭ› دېگەن نامنى چاپلى-
ماقچى، شۇنىڭ بىلەن مېنى يەپ بىرەر بالاغا گىرىپتار
بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ‹ساراڭنى يەپ خويمۇ
ياخشى ئىش قىپتۇ› دېگەن ھېسداشلىقىغا ئىگە بولماقچى»،
«تۆت مىڭ يىلدىن بۇيان ئادەم يېگەنلىك سەرگۈزەشت-
ىسىگە ئىگە بولغانلىقىنى مەن دەسلەپتە بىلمىگەن بول-
ساممۇ، مانا ئەمدى بىلدىم، ھەقىقىي ئىنساننى تېپىش
تەس ئىكەن»، «كەلگۈسىدە ئادەم يېگۈچىلەرگە يول قو-
يۇلمايدۇ» دېگەن جۈملىلەر بولسا، سەۋدايىنىڭ فېئو-
داللىق ئەنئەنىلەرگە قارشى كۆرەش روھىنىڭ مەركەز-
لىك ئىپادىلىنىشىدۇر.

لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» دېگەن ھېكايى-
سىدە يېزىلغىنى پەقەت بىرلا سەۋدايى بولسىمۇ، لېكىن



ئۇ ھەرگىز ئاددىيلا بىر سەۋدايى ئەمەس. ئۇ فېئودال-
لىق تۈزۈمنىڭ قاتمۇ قات زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن
«سەۋدايى» قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىشقا مەجبۇر بولغان
مەلۇم كۆرەش ئېڭىغا ئىگە جەڭچىنىڭ تىپىك ئوبرازى.
بىز سەۋدايىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ۋە «گادىرماچ»
يېزىلغان كۈندىلىك خاتىرىلىرىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەت-
راپنى ئادەم يېيىش ۋەقەلىرى بىلەن تولغان زۇلمەتلىك
رېئاللىقنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. لۇشۈن سەۋدايى
ئوبرازى ئارقىلىق جىسمانىي جەھەتتە ئادەم يېيىش
بىلەن روھىي جەھەتتىكى ئادەم يېيىش ھادىسىلىرىنى
ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، فېئوداللىق تۈزۈمگە
ۋە فېئوداللىق ئەدەب – ئەخلاققا قارشى ئىسيان كۆتۈ-
رۈشكە جۈرئەت قىلغان جەڭچىنىڭ سەگەك تونۇشى ۋە
كۆرەش ئىرادىسىنى جانلىق ئىپادىلىگەن. بۇ دەل
«سەۋدايى خاتىرىسى» نىڭ «4 – ماي» ھارپىسىدىكى
ئەدەبىيات ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى ناما-
يان قىلىپ، خەلقنى تەربىيىلەش، دۈشمەنگە زەربە بې-
رىشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار رولىنى جارى قىلدۇرالىش-
دىكى تۈپ سەۋەبتۇر.

## «كوُكٔ يىجى»

لوُشوُننىڭ «كوُكٔ يىجى» ناملىق ھېكايىسى 1919 - يىلى «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ ھارپىسىدا يېزىلغان بولوُپ، 1919 - يىلى 4 - ئايدا «يېڭى ياشلار» ژوُرنىلىنىڭ 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «چوُقان» غا كىرگۈزۈلگەن.

1

شىنخەي ئىنقىلابى مەغلوُپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ مىلىتارىست يۇەن شىكەي جاھانگىرلار ۋە فېئودال قاراكوُچىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن پادىشاھ بولوُۋالدى. 1916 - يىلى ئوُ ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ - كىچىك مىلىتارىستلار ئۆزئارا ھوقوُق - مەنپەئەت تالىشىپ، قىرغىنچىلىق ئوُرۇشلىرىنى باشلىدى. ئوُلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرلارنىڭ جوُڭگودىكى قورالى بولوُپ، فېئودال چوڭ پومېشچىكلار ۋە بيۇروكرات چوڭ بوُرژۇئازىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئوُ ۋاقىتلاردا جوُڭگو يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە



ھالەتتە ئىدى. دۆلەتنىڭ سىياسىي ئەھۋالى چىرىك، ئىقتىسادى قالاق، خەلق تۇرمۇشى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.

بۇ مەزگىلدە، جوُڭگودا ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن فېئودال ئىدىيىگە قارشى تۇرۇشنى باير اق قىلغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى بارلىققا كېلىشكە باشلىغانىدى. 1915 - يىلىدىن باشلاپ لى داجاۋ، لۇشۈن قاتارلىق كىشىلەر فېئودال مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جوُڭگونىڭ زۇلمەتلىك قالايمىقان ھالىتىدىن قايغۇرۇپ، جوُڭگونىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ۋە ئازادلىقىنى جىددىي تەلەپ قىلدى. ئوُلار «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنى مەركەز قىلغان ھالدا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. چوڭ پومېشچىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان فېئودال قاراكۈچلەر فېئودالىزم تۈزۈمى بىلەن فېئوداللىق مەدەنىيەتنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى چىقتى، ئەمما بۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئىنقىلابىي ئېقىمنى توسۇپ قالالمىدى. يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ماركسىزم - لېنىنىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، جوُڭگو پرولېتارىياتىنىڭ رەھبەرلىكىدە توسۇۋالغىلى بولمايدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى.

لۇشۈن بۇ مەزگىلدە كۆپلىگەن ھېكايە ۋە فېلىيەتونلارنى يېزىپ، جاھانگىرلىك مەدەنىيەت بىلەن فېئودال لىق مەدەنىيەتكە قارشى قەھرىمانلارچە ھۇجۇم قىلىپ، ئادەم يەيدىغان قانخور فېئوداللىق تۈزۈمنى كەسكىن

تەنقىد قىلدى. «كۆك يىجى» مانا شۇ مەزگىلدە يېزىلغان ئەسەر ئىچىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەرنىڭ بىرىدۇر.

2

لۇشۈن «كۆك يىجى» دېگەن ھېكايىسىدە، فېئودالىلىق تۈزۈمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ خاراب بولغان كونا زىيالىي كۆك يىجىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، فېئودالىلىق تۈزۈم بىلەن فېئودالىلىق ئىمتىھان تۈزۈمىنىڭ جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، فېئودالىلىق تۈزۈم ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلغان. خەلق ئاممىسىنى فېئودالىلىق چىرىك مەدەنىيەتنىڭ كويزا - كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئىنقىلاب يولىغا ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

كۆك يىجى — فېئودالىلىق تۈزۈم بىلەن فېئودالىلىق ئىمتىھان تۈزۈمىنىڭ قاتمۇ قات زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، چىقىش يولى تاپالماي ھالاك بولغان كونا زىيالىيلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

ئەينى ۋاقىتتا فېئودالىلىق تۈزۈم ئاستىدا تەربىيەلەنگەن زىيالىيلارنىڭ ئالدىدا ئىككى يول بار ئىدى. بىرى، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا جايلىشالايدىغان ۋە ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرلىرى بەدىلىگە پارازىتلارچە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئاقسۆڭەك زىيالىيلارنىڭ يولى. بۇ يول ھېكايىدە دېيىلگەن جۈرېن ئوبرازىدا



بېرىلگەن.

يەنە بىرى، جەمئىيەتتە سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئورۇنلىشالمىغان، ئۆز بىلىمىنى ئىشلىتەلمەيدىغان ياكى ئىشلىتىشكە پۈتۈنلەي ئامالسىز قالغان، شۇنداقلا ئەمگەكچى خەلقتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ئەمگەك سۆيمەيدىغان، ھورۇن، ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماي، ئاخىر ھالاك بولىدىغان ئۇششاق زىيالىيلار يولى. بۇ يول كۆك يىجى ئوبرازىدا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ دەل مۇشۇنداق ھالاكەتلىك تەقدىردىكى زىيالىيلارنىڭ ۋەكىلىدۇر.

بىز ھېكايىدىن شۇنى ئېنىق بىلەلەيمىزكى، لۇجىڭ بازىرىدىكى مەيخانىدا «ئۇزۇن چاپان كىيگەنلەر ئارىسىدا پوكەي يىگە يۆلىنىپ ھاراق ئىچىدىغان كىشى پەقەت كۆك يىجىلا ئىدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، سۇرچىراي، قورۇقلىرىغا تاتۇق ئارىلاشقان، چارسا قىلى رەتسىز كىشى ئىدى، كىيگەن ئۇزۇن چاپىنىمۇ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا بىر قېتىممۇ يۇيۇلمىغاندەك ۋە يامالمىغاندەك كىر، جۇل - جۇل ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى كونا كىتابلاردىكى ‹ئىبتىدۇرلەركى›، دېگەندەك چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر بىلەن قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن تىڭشىغۇچىلار، ئۇنىڭ پارىڭىنى چالا - بۇلا چۈشىنەتتى.» بۇ تەسۋىرلەردە كۆك يىجىنىڭ جەمئىيەتتە ھېچقانداق سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورۇنغا ئىگە بولمىغان، ھوقۇقسىز، كەمبەغەل بىر كىشى ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭدا فېئودالىلىق تەلىم - تەربىيە

ئالغان زىيالىيلارغا خاس جازا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر دائىم بەلەرمەن قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

كۆكيىجى «بىر ۋاقىتلاردا ئوقۇغان، لېكىن دائىم بىرىنچى ئىمتىھاندىلا ئۆتەلمەي كەلگەن.» ئۇ فېئوداللىق مەدەنىيەتنىڭ زەھەرلىشى بىلەن ئەمگەك سۆيمەيدىغان ھورۇن بولۇپ قالغانلىقتىن، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بىرەر ئوقەت قىلىپ كۆرۈش- نىمۇ بىلمەيدۇ. «شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھالى بارغانسىرى يامانلىشىپ، ھەتتا تاماق قەلەندەرچىلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان.» كۆكيىجى فېئوداللىق ئەخلاق بىلەن فېئوداللىق مەدەنىيەتنىڭ قاتتىق زەھەرلىشى نەتىجىس- دە قۇللۇق ئىدىيىسى سىڭدۈرۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، دېڭ جۇرېنغا ئوخشاش پومېشچىك زومىگەرلەرنىڭ دەھشەت- لىك ئېزىشىگە ئۇچرىسىمۇ ۋە ئارقا - ئارقىدىن ئېغىر زىيانكەشلىك قىلىنسىمۇ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە كىملەر تەرىپىدىن ئېزىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكيىجىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتكە قارشى كۈ- رەش قىلىش ئېڭى يوق، غەيرەت ۋە ئىرادىسىمۇ يوق. يەنە بىر تەرەپتىن، كۆكيىجى ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ مەس- خىرە - شاكىخوللىرىغا تولا ئۇچراۋېرىپ، كىشىلەرنىڭ مەسخىرە قىلىپ كۆكۆل ئاچىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇ تۇرمۇش ھەم مەنىۋى جەھەتتە ئىنتايىن يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، شۇڭا ئۆز ھاياتىدىن مەنىسىزلىك ھېس قىلىدۇ. تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئۆتىدۇ.



فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئەنە شۇنداق خىلمۇخىل زەربىلىرى كۆكيىجىنى ھوقۇقسىز، نامراتلىقتا مەھكۇم قىلىپ، ئۇنى ئىلاجىسىز ھالدا ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. «كۆز شامىلى كۈندىن - كۈنگە سوغۇق- لىشىپ قىش يېقىنلىشىپ قالغان» كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆكيىجى پومېشچىك دېڭ جۇرېننىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىق- قا چۈشۈپ تۇتۇلۇپ قالىدۇ. دېڭ جۇرېن ئالدى بىلەن كۆكيىجىنى ئىقرار قىلدۇرۇۋېلىپ، ئارقىدىن قاتتىق دۇم- بالايدۇ - دە، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئۇرۇپ چېقىۋېتىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭچا مىدىرلىغىمۇ چامىسى يوق، ئۇ ئىككى قولىغا تايىنىپ ئۆمىلەپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئويلاپ باقايلى: جىسمانىي جەھەتتە ساغلام چاغلاردا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان كۆكيىجى، پۇتىدىن ئاي- رىلىپ قالغاندا، ئاشۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە ئۆمىلەپ يۈرۈپ قانداقمۇ تۇرمۇش كەچۈرەلىسۇن؟! ئەمما كۆك- يىجىدەك ھىمايىسىز كەمبەغەل ئادەمگە قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈن بىرەر ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. كۆكيىجى ھايات ياشاشقا ئىنت- تىلىپ ئۆمىلەپ ھەرىكەت قىلغاندا ئەتراپىدىكى ئادەم- لەر ئۇنىڭغا ئېچىنماي ۋە ھېسداشلىق قىلماي، ئەكس- چە ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ جىسمانىي ھەم مەنىۋى جەھەتتە پۈتۈنلەي كاردىن چىقىپ، ئاخىر سوغۇق كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

قاراڭلار! فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۆسكەن، فېئودال-

لىق جەمئىيەتتە ياشاپ، فېئوداللىق تەرتىپلەرگە باش ئەگكەن كونا زىيالىيلارنىڭ تەقدىرى نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە!؟

كۆك يىجى پاجىئەسىنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنبەسى بار، بۇ مەنبە ـ قانخور فېئوداللىزم تۈزۈمى.

كۆك يىجى ئەسلىدە ئاق كۆڭۈل، راستچىل، سەممىي بىر ئادەم ئىدى. بىز ھېكايىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدىغان بولساق ياكى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. كۆك يىجى لۇجىڭ بازىرىدىكى «ياپراش» ناملىق مەيخانىدا كېلىدىغانلار ئىچىدە ھەممىدىن ئەدەبلىك بولۇپ، قەرز پۇللىرىنى ھەممە ۋاقىت ئۆز ۋاقتىدا تۆلەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، كۆك يىجى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ كەلگۈسىدە ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىشىنى ۋە ئىنگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارغا خەت ئۆگەتمەكچى بولىدۇ. ئۆز تۇرمۇشىنىڭ چىدىغۇسىز ئېغىر بولۇشىغا قارىماي، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، ئۆزى يەيدىغان پۇرچاقلارنى بالىلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ... بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆك يىجى بۇرۇن ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل، سەممىي بىر ئادەم ئىدى، لېكىن ئادەمنى ئادەم يەيدىغان قانخور فېئوداللىق تۈزۈم ئۇنى قاتتىق زەھەرلەپ، رېئاللىققا توغرا قارىيالمايدىغان مۇتەئەسسىپ، ھورۇن ۋە ھاراقكەش قىلىپ قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆك يىجى فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن فېئوداللىق ئىمتىھان تۈزۈمىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى ئىدىيىسىدە چوڭقۇر تونۇيالمايدۇ. ئەكسىچە «ھىدايەتكار ئادەم پېقىرلىكتە



ساپتۇر» دېگەنگە ئوخشاش فېئوداللىق كۆز قاراشلار بىلەن ئۆزىنى بىلەرمەن قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ، لېكىن بۇ بىلەرمەن، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئىستىقباللىرىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە ئۆزىنى چاپىنىنى سېلىۋېتىشنى خالىمايدۇ ياكى بىرەر ئىش قىلىشنى بىلمەيدۇ. قەيەرگە بارسا شۇ يەردە «ئېيتىمدۇرلەركى» دېگەنگە ئوخشاش چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت تەرىپىدىن شەپقەتسىز ئاياغ ئاستى قىلىنغان ۋە خارلانغانلىقىغا قارىماي ئەترابىدىكى كىشىلەرنىڭ ئازراق بولسىمۇ ھېسداشلىق قىلىشىغا ۋە ياردەم قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتلىرى باشقىلارنىڭ كۈلكە ـ مازاقلىرى ئۈچۈن شاكىلخو ماتېرىيالى بولۇپ قالىدۇ.

دېمەك، كۆك يىجى پاجىئەسى ھەرگىز شەخسىي پاجىئە ئەمەس. ئۇ ئىجتىمائىي پاجىئە بولۇپ، بۇ پاجىئەنىڭ باش جىنايەتكارى قانخور فېئوداللىق تۈزۈمدۇر.

لۇشۈن كۆك يىجى ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەندە، ھەم ئۇنىڭغا سەمىمىي ھېسداشلىق قىلىدۇ، ھەم ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش بولغان كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىكى فېئوداللىق ئىللەتلەرنى رەھىمسىز تەنقىد قىلىدۇ.

كۆك يىجى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ خاراب بولغان زىيالىي. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى، گەپ ـ سۆزلىرى ۋە روھىي قىياپىتى ھەقىقەتەن

كۆلكىلىك، لېكىن شۇ كۆلكىسىنىڭ ئاستىغا خورلانغان-
دىكى جۈرئىتىغا ئوخشاش پومپىشچىك زومىگەرلەر تەرىپىدىن
قاتمۇ قات زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغان بەختسىز ئادەم-
نىڭ قەلبىدىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەر يوشۇرۇنغان. كۆك يىجى
پۈتۈن ئۆمرىدە ھايات خۇشاللىقلىرىنىڭ نېمىلىكىنى
بىلگەن ۋە غەمسىز راھەت بىلەن قېنىپ ئىنا بىر كۈلگەن
ئادەم ئەمەس. ئۇ خۇشاللىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ.
چۈنكى، ئۇنىڭ ئېزىلىپ قان بولغان يۈرىكى چەكسىز قايغۇ-
ھەسرەتلەر بىلەن تولغان... ئەمما شۇ تەرىپى ئېچىنىشلىقلىكى،
ئەتراپىتىكى كىشىلەر كۆك يىجىنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشىنى
ئېنىق كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلماي-
دۇ. كىشىلەر پەقەت كۆك يىجىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈش
بىلەنلا، لۈجېنىڭ بازىرىنىڭ ئۆلۈك، جىمجىتلىقىنى بۇز-
ماقچى بولۇشىدۇ.

كۆك يىجى ياشىغان زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە، خەلق
شۇ قەدەر غەپلەتتە قالغانىدىكى، ئۇلارنىڭ كۆك يىجىغا
قىلغان مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرىكى
قاتتىق سىقىلىدۇ، ئەمما بىز كۆك يىجىنى مەسخىرە قى-
لىپ كۈلىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا ئىنچىكە تەھلىل
يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى كۆك يىجى
بىلەن بىر تەقدىردىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەي-
مىز. چۈنكى، كۆك يىجىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدىغان
كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى خۇددى كۆك يىجىغا ئوخشاشلا
فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قاتمۇ قات زىيانكەشلىكىگە
ئۇچراپ دەھشەتلىك ئېزىلىۋاتقان كىشىلەردۇر، لېكىن



ئۇلار ئۆزلىرىنىڭمۇ خۇددى كۆك يىجىغا ئوخشاش ئوت
بىلەن سۇنىڭ ئارىلىقىدا ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى
بىلمەيدۇ ياكى چۈشەنمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز-
لىرىنىڭمۇ ئاخىر بىر كۈن كۆك يىجىنىڭ پاجىئەلىك تۇر-
مۇشىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، ئەمما
بۇ خىل بىخۇدلۇقنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئارتىشقا بول-
مايدۇ. ئۇنى مۇستەبىت فېئوداللىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ
چىقارغان بولۇپ، بۇ فېئوداللىق چىرىك مەدەنىيەتنىڭ
كىشىلەرنى قۇللۇق ئىدىيىسى بىلەن زەھەرلىگەنلىكىنىڭ
نەتىجىسىدۇر.

لۇشۇن كۆك يىجىنىڭ پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئار-
قىلىق، بىر تەرەپتىن كۆك يىجىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدى-
رىگە ھېسداشلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆك يىجى-
نىڭ كاللىسىدىكى فېئوداللىق ئىدىيىۋى تەسىرلەرنى
ھەم ئۇنىڭ مەنىۋى ئاجىزلىقلىرىنى رەھىمسىز تەنقىد قىل-
دى. كۆك يىجىنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان فې-
ئوداللىق تۈزۈمنىڭ جىنايەتلىرىنى رەھىمسىز ئېچىپ
تاشلاپ، خەلق ئاممىسىنى ئويغىنىشقا چاقىرىپ، فېئو-
داللىق ھۆكۈمرانلار سىنىپلار كەك بازارغا سالغان «ۋاپا،
ئىنساپ، ئەخلاق، ساخاۋەت» دېگەنلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئادەم
ئالدايدىغان قۇرۇق سەپسەتىلەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق
كۆرسىتىپ بەرگەن.

## 3

لۇشۇننىڭ «كۆك يىجى» دېگەن ھېكايىسى ئىدىيىۋى
مەزمۇنى چوڭقۇر، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك ئەسەر بولۇپلا

قالماي، بەلكى بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئەسەردۇر.

كۆك يىجى — تىپىك شارائىتتا يارىتىلغان تىپىك ئوبراز. بۇ ھېكايىدىكى تىپىك شارائىت فېئودالىزم دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، كۆك يىجىنىڭ ئەتراپىنى ئىزچىل قورشىۋالغان، كۆك يىجىنىڭ پائالىيىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلىگەن ھەم كۆك يىجى خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن راۋاجلىنىشىغا جىددىي تەسىر قىلغان مۇھىت — لۇجېڭ بازىرىدۇر.

لۇشۈن كۆك يىجى ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنى تىپىك شارائىتتا ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغاندىن تاشقىرى، كۆك يىجىنىڭ پائالىيىتىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ۋەقەلەرنى يېزىشقا ئۆرۈنۈپ كەتمەي، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئاساسلىق ۋەقەلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، دىققەت - ئېتىبارنى كۆك يىجى پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي مەنبەنى ئېچىپ بېرىشكە قاراتقان. بىز ئويلاپ باقايلى، ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر بىر ياكى بىرنەچچە كۈندە سادىر بولغانمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ھېكايىنىڭ ئومۇمىي روھىدىن قارىغاندا، ھەربىر ۋەقەنىڭ ئارىلىقىدا كۈن ئەمەس، ئاي، ھەتتا يىل پەرقى بار. مانا شۇنداق ئۇزۇن ۋاقىتلار ئىچىدە كۆك يىجىنى ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئاشۇ بىرنەچچە ۋەقەنىلا بېشىدىن كەچۈرگەن دېيىشكە بولامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ. ھېكايىدە كۆك يىجى مەيدانغا چىقىپ تا ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا، ئۇ نۇرغۇن ۋەقە - ھادىسىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. لۇشۈن شۇ ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، پەقەت كۆك يىجىنىڭ خاراكتېرىنى روشەن ئېچىپ بېرەلەيدىغان ھەم ئۇنىڭ پاجىئەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرالايدىغان مۇھىم ۋەقەلەرنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى پۇختا ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىنچىكە تەسۋىرلىگەن، شۇڭا، ئۇ مۇكەممەل يارىتىلغان بەدىئىي تىپ بولالىغان.

بۇ ھېكايىنىڭ تىلى راۋان، ساغلام ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ، جانلىق، ئىخچام ھەم ئوبرازلىقتۇر. لۇشۈننىڭ بۇ ھېكايىسىدە، پېرسوناژلار تىلى بىلەن ئاپتورنىڭ بايان تىلى بىر - بىرىدىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ.

لۇشۈن ھېكايىنىڭ بېشىدىلا ئىككى خىل خېرىدارنىڭ ھاراق ئىچىش ئەھۋالىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇلارنىڭ بىر خىلى نامراتلار بولۇپ، «تۆت يارماققا بىر چىنە ھاراق ئالىدۇ - دە پوكەيگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئىسسىققىنا ئىچىۋالىدۇ.» يەنە بىر خىلى ئۇزۇن چاپان كىيگەن ھاللىق خېرىدارلار بولۇپ، ئۇلار «دۇكاننىڭ ئىچىدىكى بۆلۈمگە كىرىپ، شۇ يەردە ھاراق ۋە تاماقلارنى بۇيرۇتۇپ، ئالدىرىماي، پەيزى قىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ.» لۇشۈن مانا شۇنداق قىسقىغىنا بىر تەسۋىردە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ

تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى پەرقلەر بىلەن سىنىپىي ئايرىمىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

لۇشۈن پېرسوناژلار تىلى ئارقىلىق، كۇڭ يىجىنىڭ تۈپ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ پاجىئەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان مۇھىم ۋەقەلەرنىمۇ بايان قىلىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. مەسىلەن، كۇڭ يىجىنىڭ خې ئائىلىسىدىن كىتاب ئوغرىلاپ تاياق يېگەنلىكى ۋە شۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالغانلىقى، ئۇنىڭ خېرىدارلار بىلەن بولغان بىر نەچچە دىئالوگلىرى بىلەنلا كۆرسىتىپ بېرىلگەن. خېرىدارلار بىلەن مەيخانا خوجايىنى ئوتتۇرىسىدا بولغان قىسقا، ئۆتكۈر دىئالوگلاردا كۇڭ يىجىنىڭ پومېشچىك دىڭ جۈرېننىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرىپ تۇتۇلۇپ قالغانلىقى، دىڭ جۈرېننىڭ كۇڭ يىجىنىڭ پۇتىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىپ، ۋەقەلىك تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغان. كۇڭ يىجى بىلەن دىڭ جۈرېننىڭ ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئوخشاشمىغان سىنىپىي خاراكتېرى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن. خۇلاسە قىلغاندا، لۇشۈننىڭ «كۇڭ يىجى» ناملىق ئەسىرى فېئودالىزمغا قارشى ئېتىلغان غەزەپلىك ئوق بولۇپ، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە بەدىئىيلىكىنىڭ نەپىس، ئۆزگىچە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.



# «دورا»

لۇشۈننىڭ «دورا» ناملىق ھېكايىسى 1916-يىلى 4-ئايدا يېزىلغان بولۇپ، شۇ يىلى 5-ئايدا «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 5-سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «چۇقان» غا كىرگۈزۈلگەن.

## 1

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودال دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. جاھانگىرلار جۇڭگو خەلقىنى قۇل قىلىشقا باشلىدى. ئەكسىيەتچى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سىرتقا قارىتا قوللارچە باش ئېگىپ ۋەتەن ساتقۇچ سىياسەت قوللانسا، مەملىكەت ئىچىگە قارىتا سىياسىي جەھەتتىن ئېزىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئىدىيە جەھەتتىن فېئودال خۇراپاتلىق كىشەنلىرى بىلەن چۈشەپ قويۇش سىياسىتىنى قوللاندى. نەتىجىدە جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزم بىلەن جۇڭگو خەلقى ئوتتۇ-

تۈرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى.

جاھانگىرلار بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى ۋە قۇل قىلىشى ئاستىدا، ئەڭ قاتتىق ئازابقا ئۇچرىغۇچىلار يەنىلا ئەمگەكچى خەلقلەر ئىدى، شۇڭلاشقا ھەممىدىن ئاۋۋال قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرمۇ يەنە شۇلار بولدى. 1901 - يىلىدىن 1910 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا جاھانگىرلىككە ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالغان خەلق كۆرەشى مىڭ قېتىمغا يېقىن يۈز بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالدى. كۆرەشكە بىۋاستە قاتناشقان ئاما بىرقانچە ئون مىليوندىن كەم بولمىدى.

خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى كۆرىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان كونا دېموكراتىك ئىنقىلابمۇ ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. 1905 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە «ئىتتىپاقداشلار ئۇيۇشمىسى» (تۇڭمىڭخۇي)، «ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇيۇشمىسى» (گۇاڭفۇخۇي) قاتارلىق بۇرژۇئا ئىنقىلابىي تەشكىلاتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى كۆرەشلەرنى قانات يايدۇردى. 1911 - يىلى بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى. شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق پادىشاھلىق تۈزۈمگە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بەردى، لېكىن «شىنخەي ئىنقىلابى پەقەت بىرلا خاننى قوغلىۋەتكىنى



بىلەن جۇڭگو يەنىلا جاھانگىرلىكنىڭ ۋە فېئوداللىزمنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا قېلىۋەردى. جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنقىلاب ۋەزىپىسى ئورۇندالمىدى.» نەتىجىدە، جۇڭگو بۇرۇنقىدەكلا قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قېلىۋەردى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن ئاجىز بولغاندىن تاشقىرى، ئۇلار يەنە خىلمۇخىل يىپلار ئارقىلىق جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىزم بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانىدى، شۇڭا، ئۇلار جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى كۆرەشتە قەتئىي بولالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى ئاممىۋى كۆرەشنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن كەڭ پايدىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئاممىغا تايىنىدىغان ۋە ئاممىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ھەقىقىي بىر ئىنقىلابىي لۇشيەن بولمىدى ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئۇلار ئاممىدىن قورقتى، ھەتتا ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسىنى قاتتىق باستى. نەتىجىدە شىنخەي ئىنقىلابى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشەلمەي مەغلۇپ بولدى.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى جۇڭگو خەلقىنى ئىنتايىن چوڭقۇر تارىخىي ساۋاققا ئىگە قىلدى. ئۇ جۇڭگو خەلقىگە جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى، جاھانگىرلىككە ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى قولچوماقلىرىغا ھەرقانداق خام خىيالدا بولماي، ئۇلارغا قارشى قەتئىي ئۈزۈل - كېسىل كۆرەش قىلىش لازىملىقىنى تونۇتتى.

ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى لۇشۈن شىنخەي ئىنقى-
لابىنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىشقا
خېلى بۇرۇنلا كىرىشكەنىدى، لېكىن ئۇ چاغدا ماركسىزم
بىلەن ئۇچراشمىغان بولغاچقا، ئىنقىلابنىڭ چىقىش يولى-
نى تاپالمىغان، ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي كۈچى قەيەردە
ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدى. 1917 - يىلى روسىيە
ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لۇشۈن
ماركسىزمنى ئۆگىنىش ئارقىلىق پەقەت خەلق ئاممىسى-
نى ئويغىتىپ، خەلق ئاممىسىغا تايانغاندىلا ئاندىن ئىنـ-
قىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇ-
ۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كونا جۇڭگونىڭ كېسەللىك
يىلتىزىنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلق ئاممىسىغا «ئۆزى يا-
شاۋاتقان مۇھىتنى بىلدۈرۈش» ۋە ئۇلارنى ئويغىتىش
ئۈچۈن «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ ھارپىسىدا «دورا»
دېگەن بۇ مەشھۇر ھېكايىسىنى يېزىپ، شىنخەي ئىنقىلا-
بىنىڭ مەغلۇپ بولۇش تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى چوڭ-
قۇر يەكۈنلىدى.

## 2

لۇشۈن «دورا» دېگەن ھېكايىسىدە، كونا دېمو-
كراتىك ئىنقىلاب قوشۇنىدىكى بىر ئىنقىلابچىنىڭ پاجىئە-
سىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ كەڭ
ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولغان-
لىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. خۇا لاۋشۇەنىڭ ئىنقىلابچى



شىيايۈنىڭ قېنىغا مىلەنگەن جىگموما سىل كېسىلى
بىلەن ئاغرىغان ئوغلىغا دورا سۈپىتىدە يېگۈزگەن بىخۇد،
نادان ھەم خۇراپاتلىقىنى تەنقىد قىلىپ، خەلق ئاممىسى-
نى ئويغىنىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان.

لۇشۈن نېمە ئۈچۈن بۇ ھېكايىسىگە «دورا» دەپ
ماۋزۇ قويغان؟ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش — ئەسەر-
نىڭ تېماتىك ئىدىيىسىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن زور
ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇا لاۋشۇەن فېئودالىلىق خۇراپىي
ئىدىيىلەر بىلەن قاتتىق زەھەرلەنگەن بولغاچقا، ئادەم
قېنىغا مىلەنگەن جىگموما ئارقىلىق ئوغلى شاۋشۇەنىڭ
ئۆپكە كېسىلىنى داۋالىماقچى بولىدۇ. خۇا لاۋشۇەنىڭ
دورا سېتىۋېلىشقا ئالدىرىشى ھەمدە ئادەم قېنىغا مىلەن-
گەن جىگمومىنى شىپالىق دورا دەپ بىلىشى ئۇنىڭ
خۇراپىي ھەم بىخۇدلۇقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، باشقا بىر
خىل دورا ئارقىلىق بۇ خۇراپاتلىق كېسىلىنى داۋالاش-
نىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خۇا لاۋشۇەنىڭ خۇراپاتلىقى بىلەن نادانلىقى
ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە بو-
لۇپ، بۇ خۇراپاتلىق ۋە نادانلىقنى ئۇزۇن مۇددەت ھۆ-
كۈم سۈرگەن ياۋۇز فېئودالىلىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقار-
غان، شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈن بۇ ھېكايىسىدە ئاممىنىڭ
ئىدىيىسىدىكى خۇراپاتلىق بىلەن نادانلىق كېسىلىنى
جىددىي داۋالاشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن بېشارەت بېرىپ،
كونا جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك شىپالىق
دورىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. چايخانىدىكى خېرىدارلار-

نىڭ ئىنقىلابچى شىايۇ ھەققىدىكى پاراڭلىرىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتتە قانداق دورا ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئىنقىلابچى شىايۇ كونا جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدا قۇربان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىشلەتكەن دورىسىنىڭ ئۈنۈمى بولمىغانلىقى، شۇڭلاشقا بۇ جەمئىيەت يېڭى بىر دورىغا جىددىي موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

دېمەك، لۇشۈن بۇ ھېكايىسىدە ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭموما شاۋشۇەننىڭ كېسىلىنى داۋالىيالمىغانلىقىنى، پەقەت فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ جىنايەتلىرىنى تولۇق پاش قىلىپ، خەلقنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىپ، پۈتكۈل فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا ئاندىن كونا جۇڭگونى ئۆزگەرتكىلى ھەمدە ئەمگەكچى خەلقنى كۆلپەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان شىپالىق دورىنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. لۇشۈننىڭ بۇ ئەسەرگە «دورا» دەپ ماۋزۇ قويۇشىنىڭ چوڭقۇر مەنىسى مانا مۇشۇ يەردە. بۇ ماۋزۇ ھېكايىدىكى ۋەقەلىك ۋە يىپ ئۇچلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، تېماتىك ئىدىيىسىنى روشەن دەرىجىدە ئېچىپ بەرگەن.

لۇشۈن ئىنقىلابچى شىايۇنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى بىلەن خۇا لاۋشۇەننىڭ دورا، يەنى ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى سېتىۋېلىشىنى بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ئاممىنىڭ بىر ئىنقىلابچىنىڭ ساپ قېنى بىلەن بويالغان مومىنى يېگەنلىكى ئارقىلىق ئاما



بىلەن ئىنقىلابچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. دورا، يەنى ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭموما ئاشۇ مۇناسىۋەتنى باغلايدىغان بىر ۋاستە بولۇپ، ئۇ ئەسەرگە باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن ئاساسىي يىپ. شۇڭا ئەسەردىكى ۋەقە ھەم پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى «دورا»نى يىپ ئۇچى قىلغان ھالدا تەدرىجىي قانات يايىدۇ.

لۇشۈننىڭ «دورا» دېگەن ھېكايىسىنى قۇرۇلۇش جەھەتتىن تۆت بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى بۆلەكتە، خۇا لاۋشۇەننىڭ دورا، يەنى ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭموما سېتىۋالغانلىقى يېزىلغان. ئاپتور ھېكايىنىڭ بېشىدىلا ۋاقىت ھەم مەزگىلىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خۇا لاۋشۇەننىڭ جازا مەيدانىغا بېرىپ ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى سېتىۋېلىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى كەيپىياتىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددا ھەم بىخۇدلۇقتىن ئىبارەت مۇرەككەپ روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. خۇا لاۋشۇەننىڭ كۆزىتىشى ئارقىلىق جازا مەيدانىنىڭ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشىنى جانلىق تەسۋىرلەپ، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ ۋەھشىي، ياۋۇزلۇقىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاش بىلەن بىرگە، تاماشىبىنلارنىڭ بىخۇد ھالىتىنىمۇ تولۇق ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچى بۆلەكتە، شاۋشۇەننىڭ «دورا» يېيىشى گەۋدىلىك يېزىلغان بولۇپ، فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىنى نەقەدەر كۈچلۈك زەھەرلە

گەنلىكى ئېچىپ تاشلانغان. خۇا لاۋشۇەن بىلەن خۇا
موماي «دورا»— ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىغا شۇ-
قەدەر ئىشەنچ ۋە ئۇمىد باغلىغانكى، ئۇلار دورا يېۋاتـ
قان ئوغلىغا قاراپ، گويا شاۋشۇەنگە يېڭى ھايات
بېغىشلاپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى بىردەمدىلا ساقايتىۋېتىدىـ
غاندەك تەسىراتتا بولۇشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ «ئادەم قېنىغا
مىلەنگەن جىڭموما ئۆپكە كېسىلىگە داۋا بولىدۇ»
دەيدىغان خۇراپىي قاراشلارغا قاتتىق ئىشەنگەنلىكىنىڭ
ئالامىتى. ئاپتور خۇالاۋشۇەن بىلەن خۇا مومايىنىڭ
نادان، خۇراپىي ۋە بىخۇدلۇقىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىـ
لىگەن ھالدا چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنى
ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
چۈشەندۈرگەن.

ئۈچىنچى بۆلەكتە، چايخانىدىكى كىشىلەرنىڭ «دورا»
ھەققىدىكى پاراڭلىرى نۇقتىلىق يېزىلىپ، ئادەم قېنىغا
مىلەنگەن جىڭمومىنىڭ كېلىش مەنبەسى كۆرسىتىلگەن.
چايخانىدا ئىككى مەسىلە ئۈستىدە پاراڭ بولىدۇ. بىرى
«دورا» ھەققىدىكى پاراڭ. يەنى، جاللات كاڭ داشۇ
«دورا»— ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى كۆككە
كۆتۈرۈپ ماختاپ «شەكسىز ئۈگىنىلىدۇ، باشقىلارنىڭكىگە
ئوخشىمايدۇ»، «بەختىڭ ئۇلۇغ كەلدى» دەپ كاپىشـ
سا، چارساقال ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، شاۋشۇەنگە «ئامەت
كېلىپتىكەن-دە» دەيدۇ. خۇا موماي بولسا ئۇنىڭغا
مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ «راست» دەيدۇ. بۇ پاراڭـ
لاردا مەقسەتلىك ئالداش، خۇشامەتكويلۇق بىلەن



ھاسىلىشىش ۋە چىن دىلىدىن ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ
خىل پوزىتسىيە روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. لېكىن
ئەمەلىيەتتە قانداق؟ شاۋشۇەن «دورا» يېگەندىن
كېيىنمۇ يەنە «ئىككى قولى بىلەن كۆكسىنى تۇتۇپ،
تىنىماي يۆتىلىدۇ.» ئاپتور بۇلارنى ئىنچىكە تەسۋىرـ
لەش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن كاڭ داشۇ قاتارلىقلارنىڭ
ئالدامچىلىقىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىسا، يەنە بىر
تەرەپتىن خۇا لاۋشۇەن قاتارلىقلارنىڭ «دورا»
ھەققىدىكى خام خىياللىرىنىڭ پۈتۈنلەي بەربات
بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىرى، ئۆلتۈرۈلگۈچى
ھەققىدىكى پاراڭ بولۇپ، ئىنقىلابىي قۇربان شيا يۈـ
نىڭ ئىنقىلابىي خىسلەتلىرى بۇرمىلىنىدۇ ۋە ھاقارەتلىـ
نىدۇ. جاللات كاڭ داشۇ ئۇنى «جېنىدىن تويغاـ
نىكەن»، «ئادەم ئەمەس نەرسەئىكەن» دەپ ھاقارەتـ
لەيدۇ. شيا يۈنىڭ تۈرمىدە تۇرۇپمۇ گۈندىپاينى چىڭ
خانىدانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە دالالەت
قىلىشتەك ئىنقىلابىي روھىغا قارىتا، ھەتتا يىگىرمە ياشلار
چامىسىدىكى بىر ياشمۇ غەزەپلەنگەندەك بولۇپ، «ساراڭ بوـ
لۇپ قاپتۇ» دەيدۇ. شيا يۈ «بۇ دۇنيا مانجۇ خانىدانلىـ
قىغا باقمۇەندە ئەمەس» دېگەندە، گۈندىپاينىڭ ئىككى
كاچات ئۇرغانلىقىنى ئاڭلىغان دۆمچەك بايۇەچچە
خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. شيا يۈنىڭ «ئىست! سېنىڭ
ھالىڭغا ئىست!» دېگەن سۆزى ئەسلىدە گۈندىپاينىڭ
دۆت ۋە ئەكسىيەتچىلىكىگە ئېچىنىپ ئېيتىلغان سۆز
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنى چۈشەنمەي «جۆيلۈپ قاپتۇ»

دېيىشىدۇ... لۇشۈن چاپخانىدىكى بۇ پاراڭلار ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ئىنقىلابچى شىيا يۈنىڭ قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى گەۋدىلەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوخشاشمىغان تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابقا بولغان تونۇشى ۋە پوزىتسىيىسىنى مەركەزلىك ئىپادىلەيدۇ.

ئۆتكەنچى بۆلەكتە، «دورا» يېيىشنىڭ ئاقىۋىتى يېزىلغان. شاۋشۈەن ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىڭگومىنى «دورا» دەپ يېگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق شىپا تاپالماي، ئاخىر ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىپ، شىيا يۈ بىلەن بىر قەبرىستانلىقتا كۆمۈلىدۇ. بۇ ئىككى ياش فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى تەرىپىدىن ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى قىلىچ بىلەن، يەنە بىرى فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ زەھىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ئۇلار تەقدىرداش بولسىمۇ، لېكىن بىر - بىرىنى چۈشەنمەيدۇ. تەقدىرداش ئىككى ئانا — خۇا موماي بىلەن شىيا مومايمۇ ئۆز بالىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. قەبرىستانلىقتا چىققان شىيا موماينىڭ «ئۈچ قەدەم ئېلىپ بىر توختاپ» ھاڭۋېقىپ، لېۋىنى چىشلەپ، خىجالەت بولغاندەك تارتىنىپ كېتىشى، ئوغلىنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇربان بولغانلىقىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خۇا موماي بولسا، ئوغلى شاۋشۈەننىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيلا قالماستىن، يەنە شىيا يۈنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان گۈل چەمبىرەكنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇنى سۈرۈشتۈرگۈسى



كەلمەيدۇ. مانا بۇ — فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ خەلقنىڭ روھىنى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر زەھەرلىگەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى.

لۇشۈننىڭ «دورا» دېگەن ھېكايىنى يېزىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. ئۇ مۇشۇ مەقسىتىنى چىقىش قىلىپ، ھېكايىدە ئىجتىمائىي ئورنى، ئىدىيىسى ۋە خاراكتېر، خۇسۇسىيەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە خىل پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىۋاستە تەسۋىرلەنگەن بولسا، بەزىلىرى ۋاستىلىك تەسۋىرلەنگەن. ھېكايىدە بىۋاستە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنى ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىر خىلى، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت خەلقنى ئاسارەتتە تۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشى ئارقىسىدا، ئىدىيىدە بىخۇدلاشقان ئامما. مەسىلەن، خۇا لاۋشۈەن، خۇا موماي، شاۋشۈەن، شىيا موماي، خېرىدارلار ۋە تاماشىبىنلار. يەنە بىر خىلى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قولچوماقلىرى. مەسىلەن، جاللات كاڭ داشۇ. ھېكايىدە ۋاستىلىك تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارمۇ ئىككى خىل. بىر خىلى، ئىنقىلابىي قۇربان شىيا يۈ. يەنە بىر خىلى، ئەكسىيەتچىلەر لاگېرىدىكى شىيا سەنيې بىلەن گۇندىپاي قىزىل كۆز ئايى. بۇ بىۋاستە ھەم ۋاستىلىك تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەت، توقۇنۇشلار بىر - بىرىگە باغلىنىپ ھەم بىر - بىرىنى كۈچەيتىپ، تەبىئىي ھالدا

خەپلەتتە قالغان نادان ئامما تېپىدىكى خۇا لاۋشۇەن
بىلەن ئىنقىلابچى شيا يۈ ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي زىددى-
يەتنى شەكىللەندۈرگەن، شۇڭا خۇا لاۋشۇەن ئوبرازى
بىلەن شيا يۈ ئوبرازىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلمى-
غاندا، ھېكايىنىڭ باش تېما ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئېچىپ
بەرگىلى بولمايدۇ.

## خۇا لاۋشۇەن ئوبرازى

خۇالاۋشۇەن ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، ساددا،
مۆمىن شەھەر كەمبەغىلى بولۇپ، ئۇ نەچچە مىڭ يىللار-
دىن بېرى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن مۇستەبىت فېئوداللىق
تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە چىدىغۇسىز
ئېزىلىپ، مەنىۋى جەھەتتە چوڭقۇر زەھەرلەنگەن بىر
ئادەم. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئۈچ جان بولۇپ، ھەممىسى
كىچىككىنە بىر چايخانىغا يۆلىنىپلا كۈن كەچۈرىدۇ.
شاۋشۇەن كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئىشقا قاتنىشالمى-
غانلىقتىن، چايخانىنى خۇا لاۋشۇەن بىلەن خۇا موماي
ئىككىسىلا باشقۇرىدۇ. دېمەك، خۇالاۋشۇەن ئۆز كۈچىگە
تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان يەككە ئەمگەكچىلەر تىپىغا
مەنسۇپ. بۇنداق بىر كەمبەغەل ئادەم ئەسلىدە ھەلۇم
ئاڭغا ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى، لېكىن ئادەم قېنىغا
مىلەنگەن جىگمومىنى «شىپالىق دورا» دەپ
سېتىۋالغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇ ناھايىتى نادان ۋە
ساددا بولۇپ، فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ زەھەرلىشىگە
چوڭقۇر ئۇچرىغان. جازا مەيدانىغا بېرىپ ئادەم قېنىغا



مىلەنگەن جىگمومىنى سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ
روھىي ھالىتى بەكمۇ ياخشى ئىدى. «ئۆزىنى تېتىك
ھېس قىلاتتى. ئۇ خۇددى ياشىرىپ قالغاندەك ۋە بىر-
دىنلا خىزىرغا يولۇقۇپ، باشقىلارغا ھايات بەخش
ئېتەلەيدىغان كۈچكە ئېرىشكەن ئادەمدەك چوڭ - كىچىك
قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى.» جازا مەيدانىغا بارغاندىن
كېيىن، جاللات كاڭداشۇنىڭ ئىككى كۆزىنى خەنجەردەك
تىكىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن تۈگۈلۈپلا
كېتىدۇ. جاللات كاڭداشۇ يوغان ئالىقىنىنى ئېچىپ
خۇالاۋشۇەنگە تەڭلىگەندە، خۇالاۋشۇەن ئالدىراپ - تېنەپ،
يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزىتىدۇ يۇ قورققىنىدىن
تىترەپ كېتىپ، جاللات كاڭداشۇنىڭ قولىدىكى قانغا
مىلەنگەن جىگمومىنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.
بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خۇالاۋشۇەن-
نىڭ قورقۇنچاقلىق خاراكتېرى، ئۇنىڭ نادان ھەم
خۇراپاتلىقى بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن. خۇالاۋشۇەن
ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىگمومىنى ئۆيىگە
ئەكەلگەندىن كېيىن، خۇشاللىقتا چۆمۈپ، ئۇنىڭدىن
«نۇرغۇن دۆلەت، بەخت ھاسىل قىلماقچى» بولىدۇ. ئۇ
گەرچە ئۆزىنى ئالدىغان ئالدامچىنى قىلچە تونۇمىسىمۇ،
لېكىن ئۇنى «كۆڭلى ياخشى» دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭغا
ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ھىممەت ۋە شەپقى-
تىدىن مىننەتدار بولىدۇ، بىراق كۆپ ئۆتمەيلا ئوغلى
شاۋشۇەن ئۆلىدۇ - دە، ئالدانغانلىقى ئاشكارا بولۇپ،
ھەممە ئۈمىد - ئارزۇلىرى يوققا چىقىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ

ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، خۇالاۋشۇەن ئىنقىلابنى چۈشەنمەيدۇ. جىگمومىدىكى قان نەدىن كەلگەن؟ جازا مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى كىم؟ ئۇنىڭ بىلەن قىلچە كارى بولمايدۇ. جاللات كاڭ داشۇنىڭ قولىدىن قانغا مىلەنگەن جىگمومىنى ئېلىۋاتقاندا، «ئۇنىڭ مېڭىسىدە ھېچقانداق نەرسە قالمىغانىدى.» مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇالاۋشۇەننىڭ ئىنتايىن نادان ھەم قالاقلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، لۇشۈن خۇالاۋشۇەنگە ھەم چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان، ھەم ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. لۇشۈن «خەلقنىڭ جاھالەتتە قېلىشى خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى» دېگەنىدى. خۇالاۋشۇەن بىگۇناھ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ نادانلىقى بىلەن بىپەرۋالىقى فېئودال ھۆكۈمرانسىنىپلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قۇل قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ، لېكىن خۇالاۋشۇەننىڭ بىر ئىنقىلابچىنىڭ ھايات-ماماتى بىلەن كارى بولماي، «ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىگموما بىلەن كېسەل داۋالىغىلى بولىدۇ» دېگەن سەپسەتىلەرگە ئىشىنىشى ئۇنىڭ بەكمۇ خۇراپاتلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەرىپىنى تەنقىد قىلىشقا تېگىشلىك. لۇشۈننىڭ بۇ خىل ئېنىق پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ مۇشۇ ھېكايىنى يېزىشتىكى «جەمئىيەتنىڭ كېسەللىك يىلتىزىنى ئېچىپ تاشلاپ، كىشىلەرنى سەگەكلەشتۈرۈپ،



چارە - تەدبىر تېپىش داۋالىنىش ئۈمىدىنى كۈچەيتىش» مەقسىتى بىلەن بىردەك.

لۇشۈن خۇالاۋشۇەننىڭ ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىگموما بىلەن ئوغلىنىڭ كېسىلىنى داۋالىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە ئوغلىنىڭ شىپالىق تاپالماي ئۆلگەنلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلقنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە دەھشەتلىك ئېزىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىمۇ دەھشەتلىك ئاياغ ئاستى قىلغان جىنايەتلىرى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلغان. خۇالاۋشۇەننىڭ نادان ۋە خۇراپاتلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب قوشۇنىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ پاجىئەسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

### شيايۇ ئوبرازى

شيايۇ — قەتئىي ئىرادىلىك كونا دېموكراتىك ئىنقىلابچىنىڭ ئوبرازى. لۇشۈننىڭ بۇ ئوبرازنى يارىتىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يارىتىلغان خىيالىي ئوبرازمۇ ئەمەس. شيايۇ رېئال ئاساسقا ئىگە ئوبراز بولۇپ ئۇنىڭ پروتوتىپى، ئايال قەھرىمان چيۇجىننىڭ قەھرىمانلىق ئىشلىرى بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇلارنى بىر كىشى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شيايۇ بەدىئىي تىپ، چيۇجىن بولسا تارىخىي شەخس. چيۇجىن

(1875 — 1907) مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئايال ئىنقىلابچى. جىجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىن شەھىرىدىن. ئۇ 1904 - يىلى ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغىنىدا، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، «قۇتۇلدۇرۇش جەمئىيىتى» ۋە «ئىتتىپاق جەمئىيىتى» گە ئەزا بولغان. 1906 - يىلى ياپونىيىنىڭ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتقان. 1907 - يىلى، شاۋشىندا داتۇڭ مەكتىپىگە مۇدىر بولۇپ، «قۇتۇلدۇرۇش قوشۇنى» تەشكىل قىلغان ھەمدە شۈي شىلىن (1873 — 1907) بىلەن بىرلىكتە ئەنخۇي، جىجياڭ ئۆلكىلىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەييارلىقىنى كۆرگەن. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شۈي شىلىن قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چيۇجىنمۇ مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شاۋشىندىكى شۈەنتىڭكۇ كوچىسىدا ئۆلتۈرۈلگەن. چيۇجىن لۇشۈنىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. لۇشۈن «دورا» دېگەن بۇ ھېكايىسىدە شۈەنتىڭكۇ دېگەن جاينى ئالاھىدە كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ چيۇجىن ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن ھەمدە تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، چيۇجىننى پىروتوتىپ قىلىپ شيا يۈ ئوبرازىنى ياراتقان. شيا يۈ — كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب سېپىدىكى



قەھرىمان جەڭچى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنقىلابقا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆز ھاياتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدۇ. خۇددى «يولۇۋاسنىڭ بېشىنى قاشلىغاندەك» تۈرمىدە يېتىپ تۇرۇپمۇ، گۇندىپاينى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئاغزىغا ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، گۇندىپاينىڭ ئەكسىيەتچىلىكىگە ئېچىنىپ: «ئىسست! سېنىڭ ھالىڭغا ئىسست!» دەيدۇ. شيا يۈ تۈرمىدە قىزىل كۆز ئاينىڭ دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقلىرىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، قىلچە باش ئەگمەيدۇ. «بۇ دۇنيا مانجۇخاندانلىقىغا باقىۋەندە ئەمەس» دەپ جاراڭلىق شوئار توۋلاپ، ئەكسىيەتچىلەر بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشىپ، بىر ئىنقىلابچىنىڭ ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شيا يۈ ئەنە شۇنداق جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئاخىردا ياش ھاياتىنى ئىنقىلابقا تەقدىم قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك ئىدىيىسى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى خەلق ئاممىسى چۈشەنمەيدۇ. شۇنىداقلا ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە كۆرەشلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسداشلىق قىلىشىغا ھەم قوللىشىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابچىلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تايىنىشقا ۋە ئۇلارنى قوزغاشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئۆزلىرىنى «قۇتۇلدۇرغۇچى نىجاتكار» قىلىپ كۆرسىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەشلىرىنى كۆرەلمىگەن. شۇنداق بولغاچقا

شيا يۈنىڭ ئىنقىلابىي غايىسى بىلەن ئىنقىلابىي ھەرى-
كەتلىرىنى خەلق ئاممىسى چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ
ئانىسى بولغان شيا موما يمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئاز سانلىق
كىشىلەرگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بۇنداق ئىنقىلابنىڭ
ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى،
شۇڭا لۇشۈن شيا يۈنىڭ پاجىئەسىگە قارىتا تەنقىد قىلىش
پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، شيا يۈ ئوبرازى ئارقىلىق،
بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلابى خەلق-
قە تايانمىغان ۋە خەلقنى قوزغىيالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن
مەغلۇپ بولغان تارىخىي ساۋاقنى ئېچىپ بەرگەن.
شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىش كېرەككى، لۇشۈن «دورا»
دېگەن بۇ ھېكايىسىنى يازغان ۋاقىتتا، سىياسىي جەھەتتە
تېخى بىر ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى بولۇپ، ئۇنىڭ
دۇنيا قارىشى يەنىلا تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى
باسقۇچىدا ئىدى، شۇڭا، ئۇ كونا دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ
ئاممىدىن ئايرىلغان ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ، كەڭ خەلق
ئاممىسى قوزغىتىلمىسا ئىنقىلاب غەلىبە قازىنالمايدىغان-
لىقىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ماركسىزملىق سىنىپ-
پىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئىگى-
لىيەلمىگەن بولغاچقا، دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئاممىدىن
ئايرىلىپ قېلىشىدىكى سىنىپىي مەنبەنى ئېنىق كۆرسىتىپ
بېرەلمەيتتى، شۇنداقلا يەنە ئىنقىلابنى قايسى سىنىپقا
تايىنىپ ئېلىپ بېرىش، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قانداق
قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىق تۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلا-
لىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەمما لۇشۈن بۇ ۋاقىتتا



ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇلدۇرۇشنىڭ توغرا يولى ئۈستىدە
ھارماي - تالماي ئىزدىنىۋاتاتتى. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا
شيا يۈنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان گۈلچەمبىرەك مانا شۇ
ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى.
لۇشۈن «چۇقان» غا يازغان «كىرىش سۆز»دە
مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «چۇقان سالغانىكەنمەن، بۇ
چۇقانلىرىمدا قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى
زۆرۈر تاپتىم، شۇڭا كۆپىنچە ئەگىتمە يول بىلەن يېزىش-
تىن ئەيمەندىشمۇ قىلمىدىم. ‹دورا›دا يۈئېرنىڭ قەبرى-
سىگە گۈلچەمبىرەك قويدۇم.» شيا يۈنىڭ قەبرىسىگە قو-
يۇلغان گۈلچەمبىرەك ئىنقىلابنىڭ ئىز باسارلىرى بار-
لىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، بۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ
ئىنقىلاب يالقۇنىنى ھەرگىزمۇ ئۆچۈرەلمەيدىغانلىقىنى،
بىر ئىنقىلابچى قۇربان بولغان بىلەن يەنە نۇرغۇن ئىز
باسارلارنىڭ بارلىقىنى، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىنقىلابىي
قۇربانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار-
دىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىگە ۋارىس-
لىق قىلىپ، ئىنقىلابنى داۋاملىق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى
چۈشەندۈرىدۇ. مانا بۇ لۇشۈننىڭ ئىنقىلابىي غايە ۋە
ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارروھقا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى.

## 3

لۇشۈننىڭ «دورا» دېگەن ھېكايىسى بەدىئىيلىك
جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) بىۋاسىتە تەسۋىرلەش ۋە ۋاسىتىلىك تەسۋىرلەش

بۇ ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى ئوچۇق ۋە يېپىق ئىككى لىنىيە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان بولۇپ، بىۋاسىتە تەسۋىرلەش ۋە ۋاسىتىلىك تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. خۇالاۋشۇەن ئائىلىسىنىڭ «دورا» سېتىۋېلىشى، شاۋشۇەننىڭ «دورا» يېيىشى ۋە «دورا» نىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىقلار ئوچۇق لىنىيە بىلەن تەسۋىرلەنسە، شيا يۈنىڭ ئىنقىلاب يولىدا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىشى، تۈرمىدىكى پائالىيىتى ۋە قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇشى قاتارلىقلار يېپىق لىنىيە بويىچە تەسۋىرلىنىدۇ. بىر قانلىق جىڭمۇما ئارقىلىق بۇ ئىككى لىنىيىدىكى ۋەقەلەر بىر - بىرى بىلەن باغلىنىپ، ئىككى بەختسىز ئائىلىنىڭ قەبرىستانلىقتىكى ئۇچرىشىشى بىلەن بىر - بىرىگە تۇتىشىدۇ. ھېكايىدىكى پېرسوناژلارمۇ ئىككى لىنىيە بويىچە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، لۇشۈن خۇالاۋشۇەن، كاڭداشۇ قاتارلىقلارنى بىۋاسىتە تەسۋىرلىسە، شيا يۈ، شاسەنيې قاتارلىقلارنى ۋاسىتىلىك ھالدا يوشۇرۇن لىنىيىدە تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن، شيا يۈنىڭ تۈرمىدە ئىنقىلابىي ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىشى ۋە چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىشى، شاسەنيېنىڭ يېقىن بىر تۇغقىنىغا ساتقۇنلۇق قىلىپ يىگىرمە بەش سەر ياراچەن ئىنئام ئالغانلىقى؛ قىزىل كۆز ئايىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربان شيا يۈنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ پايدا ئالغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى



جاللات كاڭداشۇنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلگەن. لۇشۈن مۇشۇنداق تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق خىلمۇ خىل پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرغان. شيا يۈنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، باشقا پېرسوناژلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە تونۇشىنى ئېنىق ئىپادىلەپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدىكى يىللاردىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ھېكايىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان.

(2) پېرسوناژلار تەسۋىرى

لۇشۈن «دورا» دېگەن ھېكايىسىدە، خىلمۇ خىل بەدىئىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تۈرلۈك پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى، تىلى، ھەرىكىتى ھەمدە مۇرەككەپ پىسخىك پائالىيەتلىرىنى سۈرەتلەپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېچىپ بەرگەن. مەسىلەن، بىز ھېكايىدىكى مۇنۇ بىر ئابزاسنى كۆرۈپ باقايلى:

— ھەي، پۇلۇڭقىنى، پۇلۇڭنى چىقار، نەرسە تەييار! — پۈتۈن ئۇستىبېشى قاپقارا بىر ئادەم خۇالاۋشۇەننىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئىككى كۆزىنى ئۇنىڭغا خۇددى خەنجەردەك تىكىپ تۇردى. خۇالاۋشۇەن ئۇنىڭ بۇ قارشىدىن قورقۇپ، تۈگۈلۈپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم يوغان ئالقىنىنى ئېچىپ، خۇالاۋشۇەنگە تەڭلىدى. يەنە بىر قولىدا قىپقىزىل جىڭمۇما تۇراتتى. ئۇنىڭدىن قىزىل بىرنەرسە تامچىلاپ تۇراتتى.

خۇلاۋشۇەن ئالدىراپ ـ ئۇشقىراپ يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاتماقچى بولىدى، لېكىن تىترەپ كەتكەنلىكىدىن ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ـــ نېمىدىن قورقىسەن؟ نېمىشقا ئالمايسەن؟ ـــ ھېلىقى ئادەم ئالدىرىغىنىدىن ۋارقىرىدى.

خۇلاۋشۇەن تەرەددۇتلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ھېلىقى قارا ئادەم پانۇسنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ، قەغەزنى يىرتىپ، جىگموممىنى ئوراپ خۇلاۋشۇەنگە تۇتقۇزدى. كېيىن پۇلنى قولىغا ئېلىپ تۇتۇپ كۆرۈپ، ئارقىسىغا بۇرۇلغىنىچە «ئەخمەق چال» دەپ كوتۇلداپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇ ئابزاستا پېرسوناژلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن، شۇڭا، بىز ئۇنى ئوقۇۋاتقاندا گويا جاللات كاڭداشۇ بىلەن خۇلاۋشۇەننىڭ ئۆزىنى كۆرۈۋاتقاندەك ۋە ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز. مول ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان «شارتتىدە تارتىۋېلىپ»، «يىرتىپ»، «تۇتقۇزۇپ»، «كوتۇلداپ» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ھەرىكەتلەر تەسۋىرى كاڭداشۇنىڭ رەزىل، ياۋۇز ئەپت ـ بەشىرسىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، «قورقۇپ تۈگۈلۈپ كەتتى»، «ئالدىراپ ـ ئۇشقىراپ»، «تىترەپ»، «نەرسىنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى» دېگەنگە ئوخشاش ھەرىكەت تەسۋىرلىرى خۇلاۋشۇەننىڭ قورقۇنچاق، ئاق كۆڭۈل، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناھايىتى نادان ۋە



بىخۇد خاراكتېرىنى تەپسىلىي ئېچىپ بەرگەن. بۇنداق ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ھەرىكەت بىر ـ بىرىگە زىددىلا ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل خاراكتېرنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ھېكايىنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە، جاللات كاڭداشۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى تېخىمۇ ئېنىقكە تەسۋىرلىنىپ، ئۇنىڭ رەزىل ئىچكى دۇنياسى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن.

مەسىلەن، مۇنۇ بىر پارچىنى كۆرۈپ باقايلى:

«...دۇمچەكبايۇەچىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇراتتى بىردىنلا ئەبدى ـ بەشىرىسى سەت، داپ يۈز بىراۋ، قارا سەگەز كۆڭلىكىنى يېپىنچاقلىغان، تۈگمىلىرى ئوچۇق ـ بېلىدىكى كەڭ قارا بەلبېغىمۇ ھەرەڭ ـ سەرەڭ چىگىلگەن ھالدا كىرىپ كەلدى.»

مانا بۇ قىياپەت تەسۋىرىدىن، كاڭ داشۇنىڭ ھەقىقەتەن ئىككى قولى خەلقنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويالغان رەھىمسىز، ۋەھشىي جاللات ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

(3) مەنزىرە تەسۋىرى

لۇشۈن «دورا» دېگەن ھېكايىسىدە، ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە مەنزىرىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مەسىلەن، خۇلاۋشۇەن جازا مەيدانىغا كېتىۋاتقان چاغدىكى مەنزىرە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

«كوچا قاپقاراڭغۇ بولۇپ پەقەت يولىلا ئاقۇچ بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خۇالاۋشۇەن كۆتۈرگەن پانۇسنىڭ يورۇقى بىردەم بىر پۇتىغا، بىردەم بىر پۇتىغا چۈشۈپ تۇراتتى. بەزىدە بىر نەچچە ئىت ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىتلارنىڭ بىرىمۇ قاۋىمايتتى. هاۋا ئۆيدىكىدىن سوغۇق ئىدى، لېكىن خۇالاۋشۇەن ئۆزىنى تېتىك هېس قىلدى. ئۇ خۇددى ياشىرىپ قالغاندەك ۋە بىردىنلا خىزىرغا يولۇقۇپ، باشقىلارغا هايات بەخش ئېتەلەيدىغان كۆچكە ئېرىشكەن ئادەمدەك چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭغانسېرى يول يورۇپ، تاڭمۇ ئېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

بۇ پارچىدا مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن پېرسوناژنىڭ هېسسىياتى ئورگانىك هالدا بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇالاۋشۇەننىڭ هەم «ئادەم قېنى بىلەن ئۆپكە كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ» دېگەن خۇراپىي كۆز قاراشقا ئىشىنىدىغان نادانلىقى، هەم ئوغلى شاۋشۇەننىڭ تېزرەك ساقىيىپ كېتىشىگە ئۈمىدلىنىپ خۇشال بولۇۋاتقانلىقىدەك مۇرەككەپ ئىدىيىۋى هېسسىياتى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن. هېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ مەنزىرىسى تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. لۇشۈن تۇپراق بېشىغا چىقىدىغان كۈنى هاۋانىڭ ناهايىتى سوغۇقلۇقى، بايلار ئائىلىسىدە «تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى» ئۆتكۈزۈلگەندە قاتمۇ قات تىزىپ قويۇلىدىغان جىڭمومىلاردەك تىزىلىپ ياتقان قەبرىلەر، شيايۇ بىلەن شاۋشۇەننىڭ قەبرىسىدىكى ئاندا - ساندا ئېچىلىپ تۇرغان سوغۇقتىن



قورقمايدىغان ئۇششاق گۈللەر، يىلتىزى تېخى تامام يېتىلمىگەن ئوت - چۆپلەر، يوپۇرماقلىرى چىقمىغان بىر تۈپ دەرەخ شېخىدا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان قاغا قاتارلىقلار ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەنگەن. بۇلار هېكايىنى بىر خىل سۈرلۈك تۈسكە ئىگە قىلغان بولۇپ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بۇ مەنزىرە تەسۋىرلىرىدە بىر تەرەپتىن، بالىلىرىدىن ئايرىلغان ئىككى بەختسىز ئانىنىڭ قەبرىستانلىقتىكى ئېچىنىشلىق هېسسىياتى كۆچلۈك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناهەق ئۆلتۈرۈلگەن ئىنقىلابچىغا بولغان تەزىيىسى بىلەن هېسداشلىقى هەمدە بەختسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەكسىيەتچىل هۆكۈمرانلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئىپادىلەنگەن.

شۇنى ئالاهىدە ئەسكەرتىش زۆرۈركى، هېكايىنىڭ ئاخىرىدا قاغىنىڭ يېزىلىشى هەرگىز سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئەمەس. قاغىنىڭ «يوپۇرماقلىرى چىقمىغان بىر تۈپ دەرەخ شېخىدا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان» لىقى قەبرىستانلىقنىڭ كۆرۈنۈشىنى تېخىمۇ قايغۇلۇق ۋە سۈرلۈك تۈسكە ئىگە قىلغان بولسا، قاغىنىڭ «قاق - قاق» دەپ قاقىلداپ «خۇددى يانىڭ ئوقىدەك يىراققا قاراپ ئۇچۇپ كەتكەنلىكى» شيا مومايغا ئوغلىنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان گۈلچەمبىرەك ئۇنىڭ ئەرۋاهى ئەمەس، بەلكى كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان هەقىقىي گۈلچەمبىرەك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يېزىلغان. دېمەك، هېكايىنىڭ ئاخىرىدا قاغىنىڭ يېزىلىشى قەب-

رىستانلىقتا بارغان ئىككى بەختسىز ئانىنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرقانداق سىمۋوللۇق مەنىسى يوق، شۇڭا ئۇنى بىرەر سىياسىي مۇددىئا ياكى خاھىشنىڭ سىمۋولى دەپ چۈشەندۈرۈش-تىن ساقلىنىش لازىم.



## «كىچىككىنە بىر ۋەقە»

لۇشۈننىڭ «كىچىككىنە بىر ۋەقە» ناملىق ھېكايىسى 1919 - يىلى 7 - ئايدا يېزىلغان. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «سەھەر گېزىتى» نىڭ قوشۇمچە بېتىدە ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «چۇقان» غا كىرگۈزۈلگەن.

### 1

لۇشۈننىڭ «كىچىككىنە بىر ۋەقە» دېگەن ھېكايىسىدە، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

چوڭ مىلىتارىست يۈەن شىكەي شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، 1915 - يىلى 12 - ئايدا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى، ئەمما پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشىلىقى ۋە نارازىلىقى نەتىجىسىدە ئاران سەكسەن نەچچە كۈن ھۆكۈم سۈرۈپ، 1916 - يىلى 3 - ئايدا تەخت-

تىن غۇلاپ چۈشتى. ئەكسىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھالاكىتىگە ھەرگىز تەن بەرمىدى. ئۇلار يەنە شىكەي تەختتىن چۈشۈپ كۆپ ئۆتمەيلا «جاڭ شۈننىڭ تىرىلىشى» دېگەن بىر سەت ئويۇننى ئويناپ چىقتى. 1917 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جاڭ شۈن ئۆزىنىڭ قولچوماقى كاڭ يۇۋېي بىلەن بىرلىكتە ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان شۈەنتۇڭ پادىشاھى فۇيىنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇستەبىت پادىشاھلىقنى يېڭىباشتىن تىرىلدۈردىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى بىر مەھەل قويۇق ئىس - تۈتەك قاپلاپ كەتتى، لېكىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى ھەم غەزەپ - نەپرىتى ئىچىدە بۇ رەزىل ئويۇنلار مۇئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى.

1917 - يىلى 11 - ئايدا روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىسىگە زور ئىلھام بەردى. 1919 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بېيجىڭدا «4 - ماي» ھەرىكىتى پارتلىدى. «4 - ماي» ھەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ۋە ئاكتىپ مەدەت بېرىشىگە ئېرىشتى. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى ئىشچىلار «4 - ماي» ھەرىكىتىنى قوللاپ، كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلىدى. جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل سىياسىي كۈچىنى نامايان قىلدى ۋە «4 - ماي» ھەرىكىتىنى يېڭىپىكى قىياپەتكە ئىگە قىلدى.



لۇشۈن «4 - ماي» ھەرىكىتىنى ئاكتىپ قوللىدى. كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ زىممىسىدە ئىكەنلىكىنى، زىيالىيلار ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەندىلا ئاندىن چىقىش يولى تاپالايدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇۋالدى. «ئىنقىلاب باشلامچىسىنىڭ بۇيرۇقى»غا ئاڭلىق بويسۇنۇش «باشلامچى بىلەن بىرسەپتە بولۇش» لۇشۈننىڭ «4 - ماي» مەزگىلىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. دەۋر ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى ئىنقىلاب تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىش، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنى ئىنقىلاب باشلامچىلىرى كۆرسىتىپ بەرگەن يولدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، لۇشۈن ئۆزىنىڭ روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى تەسىراتلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، «كىچىككىنە بىر ۋەقە» دېگەن بۇ مەشھۇر ھېكايىسىنى يازدى.

## 2

لۇشۈن «كىچىككىنە بىر ۋەقە» دېگەن ھېكايىسىدە، رىكشىچى بىلەن «مەن» ئوبرازىنى سېلىشتۇرما قىلىپ تەسۋىرلەپ، «مەن»نىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق، زىيالىيلارنىڭ چوقۇم ئەمگەكچى خەلقتىن ئۆگىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى

كۆرسىتىپ بەرگەن.

ھېكايىنى قۇرۇلۇشىغا ئاساسەن ئۈچ ئابزاسقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى ئابزاس: ئەسەرنىڭ بېشىدىن «ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمايمەن» دېگەن يەرگىچە.

بۇ ئابزاستا «كىچىككىنە بىر ۋەقە» يۈز بەرگەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن «مەن»نىڭ كىچىككىنە بىر ۋەقەنى ئۇنتۇيالماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرى كۆرسىتىلىپ، كىچىككىنە بىر ۋەقەنىڭ «مەن»گە بولغان ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن.

ئىككىنچى ئابزاس: «مىنگونىڭ 6-يىلى، قىش كۈنلىرى» دېگەن يەردىن «مەن ئۆزۈمنىڭ سوئاللىرىغا ئۆزۈم جاۋاب بېرەلەيتتىم» دېگەن يەرگىچە. بۇ ئابزاستا «كىچىككىنە بىر ۋەقە»نىڭ جەريانى بايان قىلىنىپ، «مەن»نىڭ ئىدىيىۋى كۆرۈشى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن. سىنىپىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى پېرسوناژنىڭ كەمبەغەل مومايغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئېنىق ئىپادىلىنىپ، ئىككى سىنىپقا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئىككى خىل ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئېچىپ بېرىلگەن. دائىم ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەيدىغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيسى «مەن»نىڭ سىنىپىي قېرىنداشلىرىغا سەممىي كۆيۈنىدىغان ئاق كۆڭۈل رىكشىچىنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆز ئىچ-باغرىنى يېرىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىپ، ئىدىيىدە زور ئۆزگىرىش ياسىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.



ئۈچىنچى ئابزاس: «بۇ ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدۇ» دېگەن يەردىن ئەسەرنىڭ ئاخىرغىچە.

بۇ ئابزاستا «كىچىككىنە بىر ۋەقە»نىڭ «مەن»گە بولغان چوڭقۇر تەسىرى يېزىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ باش تېما ئىدىيىسى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «مەن»نىڭ يالغۇز ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتىنى تونۇپلا قالماي، شۇ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئىلھامى ۋە تەربىيىسى بىلەن ئۆزىنى ئويلاپ كۆرۈشكە تىرىشىپ، ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق غەيرىتىنى ئۇستۇرۇپ، ئۈمىدنى كۈچەيتىپ، ئەمگەكچى خەلقتىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشكە بەل باغلىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

لۇشۇننىڭ «كىچىككىنە بىر ۋەقە» دېگەن ھېكايىسىدە «مەن» ئوبرازى پۈتۈن ئەسەرگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، كىچىككىنە بىر ۋەقەنىڭ جەريانىنى تەسۋىرلەشتە «مەن»نىڭ ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشلىرى ئاساسىي يىپ ئۈچى قىلىنغان.

«مەن» جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيسى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي رېئاللىقتىن قاتتىق نارازى بولغاچقا، يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشى، جاڭ شۈننىڭ تىرىلىشى بىلەن شۇغۇللىنىشى قاتارلىق ئاتالمىش «دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى»دىن ئاگاھلىق نەپرەتلىنىدۇ. مىلىتارىستلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى، قالايمىقان ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىشلىرى قاتارلىق ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىش ھېسابىغا شان-شۆھرەت

قازىنىدىغان رەزىل ھەرىكەتلىرىنى قىلىچە كۆزگە ئىلمايدۇ،
شۇڭا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان «مەن»نىڭ ئېسىدىن
كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، ئەمما رىكشىچىنىڭ كەمبەغەل مو-
مايغا قىلغان سەممىي كۆيۈمچانلىقى ۋە ئۇنىڭ سىنىپىي
قېرىنداشنى ئالدىدىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى «مەن»
نىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس بولۇپ ساقلىنىپ قالغان.
ئۇ شۇ ۋەقەنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەمما كىچىككىنە بىر ئىش بار، ئۇ ئىش مەن
ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىش مېنى
ئەسكى مىجەزدىن قۇتۇلدۇردى. مەن بۇ ئىشنى ھازىر-
غىچە ئۇنتۇيالمايمەن». «مەن» ئىقرار قىلغان «ئەسكى
مىجەز» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇ «مەن»نىڭ ۋۇجۇدىدا
مەۋجۇت بولغان شەخسىيەتچىلىك، ئۆزىنىڭكىنىلا راست
ھېسابلاش ۋە ئاز - تولا ئۆگىنىشكەن بىرنەرسىنى دەسمايە
قىلىۋېلىپ، ئەمگەكچى خەلقنى كۆزگە ئىلماسلىق قاتار-
لىق خاتا ئىدىيىلەرنى كۆرسىتىدۇ. «مەن» ئەنە شۇنداق
«ئەسكى مىجەز»گە گىرىپتار بولغاچقا، ئاق چاچلىق
كەمبەغەل موماي يىقىلغاندا ئۇنى كۆرۈپ رىكشىچى دەر-
ھال توختىغاندا ئۇنىڭ ئويلىغىنى موماينىڭ تەقدىرى
بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى بولدى.
شۇنداق بولغاچقا، ئۇ مومايغا قىلىچە ھېسداشلىق قىلمايدۇ،
كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئەكسىچە «بۇ تازىمۇ مۇتتەھەملىك
بولدى» دەپ ئويلاپ، مومايدىن يىرگىنىدۇ، ئەمما بۇ
ھالەت ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. رىكشىچى موماينى يۆلەپ
ساقچى ئىدارىسىگە ماڭغاندا، «مەن»نىڭ ئىدىيىسى



ھېسسىياتىدا كۈچلۈك ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. «مەندە
شۇئان ئۇشتۇمتۇتلا باشقىچە بىر ھېسسىيات پەيدا بولدى.
رىكشىچىنىڭ توپىغا مىلەنگەن قىياپىتى بىردەمدىلا مېنىڭ
نەزىرىمدە زورىيىپ كەتتى، ئۇ يىراقلاشقانسېرى ماڭا
ئۇلۇغ كۆرۈنگىلى تۇردى. بويىنۇمنى سوزۇپ يۇقىرى قا-
رىغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا كۆزۈم يېتىدىغاندەك تۇيۇلدى...
ھەتتا ئۇ بارا - بارا مەن ئۈچۈن بىر تۈرلۈك تەھدىتكە
ئايلانغىلى، مېنىڭ تون - جۇۋىغا ئورالغان كىچىك بە-
دىنىمنى مىجىپ تاشلىغىلى تۇرغاندەك تۇيۇلدى.» مانا بۇ
تەسۋىرلەر رىكشىچىنىڭ «زور» لۇقى بىلەن «مەن»نىڭ
«كىچىك»لىكىنى جانلىق ھەم ئوبرازلىق ھالدا كۆز
ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. «مەن» نى رىكشىچى بىلەن سې-
لىشتۇرغاندا، «مەن» ھەقىقەتەن بەكمۇ «كىچىك»، لېكىن
ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيسى تۇرۇقلۇق ئۆزىنىڭ كىچىك-
لىكىنى تونۇيالىغانلىقىنىڭ ئۆزى «ئۆزىنى چۈشەنگەنلىك»
بولۇپ، بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك. «مەن» ئۆزىنىڭ كىچىك-
لىكىنى چۈشەنگەندە ھەرگىز قايغۇرمايدۇ، بوشاشمايدۇ.
ئەكسىچە «ئۆزىنى ئويلاش»قا جۈرئەت قىلالىغانلىقتىن
ئۆزگىرىپ «ھەمىشە ئازابلىنىپ» ئۆزىنى ئويلاپ كۆرۈش-
كە تىرىشىدىغان بولىدۇ. بۇ ئۆزىنى يېڭى ئادەم بولۇشقا
ھەيدەش بولۇپ، ئۇ «مەن»نىڭ ئۆز ئىچ - باغرىنى
يېرىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىشتەك ئىنقىلابىي روھىنىڭ
مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى. «مەن» ئاخىردا ئېنىق قىلىپ
مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت مۇشۇ كىچىككىنە بىر ئىش ھە-
مىشە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بەزىدە ناھايىتى روشەن-

لىشىپ مېنى خىجىل قىلىدۇ. مېنى يېڭى ئادەم بولۇشـقا ھەيدەيدۇ. مېنىڭ غەيرىتىم ۋە ئۈمىدىمنى ئۈستۈرىدۇ».
بۇ «مەن»نىڭ زىيالىيلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقتىن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشىنىۋېلىپ، ئەمگەكچى خەلقتىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، داۋاملىق ئالغا بېسىشقا ئىرادە باغلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لۇشۈن «مەن»نىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ ئىجابىي تەرەپنى كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىدىيە ئېقىمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن.
ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ يەر - جاھاننى ئۆزگەرتىشتىكى غايەت زور كۈچ- قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، جۇڭگودىكى ئىلغار زىيالىيلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى ۋە ئۇلارغا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىك، تېڭىرقاش، زېرىكىش كەيپىياتلىرىنى تۈگىتىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئىشەنچىسى ۋە غەيرىتىنى ئاشۇردى. «مەن»نىڭ «مىنگونىڭ 6 - يىلى قىش كۈنلىرى» يۈز بەرگەن ئىنتايىن كىچىككىنە بىر ۋەقەدىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتىنى كۆرەلىشى، ئۇنى ئۆز ئىدىيىسىدىكى ئاجىزلىقلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆز ئىچ-باغرىنى يېرىپ كۆرۈشتەك ئىنقىلابىي روھىنى نامايان قىلىشى ۋە ئەمگەكچى خەلقتىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشتەك سەممىي ئارزۇسىنى ئىپادىلىشى دەل «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»نىڭ «مەن»



ئوبرازىغا بولغان ئىلھامى ۋە تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى.
يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ھېكايىدە گەۋدىلىك يېزىلغىنى «مەن» نىڭ كىچىككىنە بىر ۋەقەگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، قايتا - قايتا تەكىتلىگەنلىكىنى كىچىككىنە بىر ۋەقەنىڭ «مەن»گە بولغان كۈچلۈك تەربىيىسى، نۇقتىلىق سۈرەتلەنگىنى كىچىككىنە ۋەقە جەريانىدا «مەن» نىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ھېكايىنىڭ باش تېما ئىدىيىسى «مەن» ئوبرازىدا مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.
لۇشۈننىڭ «كىچىككىنە بىر ۋەقە» دېگەن ھېكايىسىدە، رىكشىچى ئوبرازىمۇ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ «مەن» نىڭ ئۆزىنى كۆرۈۋېلىش ئەينىكى. رىكشىچى «مەن» گە سېلىشتۇرما قىلىنىپ، «مەن» نىڭ ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىرىلغان.
رىكشىچى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان ئاددىي ئەمگەكچى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چاڭ - توپا باسقان بولسىمۇ، قەلبى ساپ، ئىدىيىسى پاك. ئىقتىسادىي ئورنى تۆۋەن بولغان بىلەن خىسلىتى يۇقىرى. ئۇ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە قاتمۇقات ئېزىلگەن ۋە خورلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈمىدىنى يوقاتمىغان، شۇڭا ئۇ قىزغىن ھەم بەرداشلىق بولۇپ، ئۆزى بىلەن تەقدىرداش كەمبەغەل نامراتلارغا كۆيۈنۈشنى ئۆزىگە كۆيۈنۈشتىن ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرى

چاپىنىنىڭ پېشى رىكشىنىڭ تۇتقۇچىغا ئىلىنىپ قېلىش سەۋەبىدىن يىقىلغان كەمبەغەل موما يىغا قىلغان موئا-مىلىسىدە ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ:

موماي يىقىلا- يىقىلمىسىتىن رىكشىچىمۇ دەرھال توختىدى. مەن: بۇ موماي قاتتىق يىقىلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ يىقىلغىنىنى باشقا ئادەملەرمۇ كۆرمىدى. رىكشىچىنىڭ نېمە كارى بار. بۇ مېنىڭ يولۇمغا بىكاردىن-بىكار كاشىلا قىلىۋاتىدۇ دېگەن خىيالغا كەلدىم.

— ھېچ گەپ يوق، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ، — سەن ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەر!

رىكشىچى مېنىڭ سۆزۈمنى پىسەنت قىلمىدى ياكى ئاڭلىماي قالدى. ئۇ رىكشىنى تاشلاپ قويۇپ ھېلىقى مومايىنى بىلىكىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ سورىدى:

— نېمە بولدىلا؟

— قاتتىق يىقىلىپ كەتتىم...

رىكشىچى مومايىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قىلچە تېڭىرقىماستىن ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاستا ئالدىغا ماڭدى. مەن بىر ئاز ھەيران بولۇپ ئالدى تەرەپكە قارىدىم. بىر ساقچى ئىدارىسى كۆرۈندى. بوراندىن كېيىن ئىدارىنىڭ ئالدىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. رىكشىچى ھېلىقى مومايىنى يۆلەپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى».

ناھايىتى ئېنىقكى، رىكشىچى مومايىنى قەستەن ياكى ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىتىۋەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن



ئۇ مومايغا چىن كۆڭلىدىن غەمخورلۇق قىلىپ، بۇ تاسادىپىي ۋەقەنىڭ جاۋابكارلىقىنى مەردانىلىك بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە رىكشىچىنىڭ قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدىغان ۋە سىنىپىي قېرىنداشلىرىغا چىن كۆڭلىدىن سەمىمىي كۆيۈنىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتى كۈچلۈك گەۋدىلەنگەن. دېمەك، لۇشۈن رىكشىچى ئوبرازى ئارقىلىق، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

لېكىن لۇشۈن «كىچىككىنە بىر ۋەقە» دېگەن ھېكايىسىنى يازغاندا، تېخى بىر ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى ئىدى، شۇڭا، ئۇ گەرچە بۇ ئەسەردە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ چاغدا جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ بىلەن سىياسىي سەھنىگە چىققانلىقىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، لۇشۈن بۇ ھېكايىسىدە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەپ، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى بىلەن تۇراقسىزلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنى ئەمگەكچى خەلقتىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەمگەكچى خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى، ئەمگەكچى خەلقتىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ كونا ئىدىيىلىرىنى ئەستايىدىل تۈگىتىشكە بەل باغلىغان قەيسەر ئىرادىسىنى تولۇق ئىپادىلىگەن.

## 3

لۇشۈننىڭ «كىچىككىنە بىر ۋەقە» دېگەن ھېكايىسى بەدىئىيلىك جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

**(1) بۇ ھېكايە بىرىنچى شەخس بايان ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان.**

بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلى ھېكايە ۋەقەلىكىنى بايان قىلىش بىلەن «مەن» نىڭ پسىخىك ھەرىكەتلىرىنى ئىپادىلەشتە ئىنتايىن قولاي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى بىۋاسىتە ئىپادىلىشىگىمۇ قولاي بولغان، بۇ ھېكايىدە يازغۇچىنىڭ كىچىككىنە بىر ۋەقەگە بولغان باھاسى «مەن» نىڭ تەسىراتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىمۇ «مەن» نىڭ پسىخىك ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن.

مەسىلەن، «مەن» نىڭ ئاتالمىش «دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى» غا بولغان غەزىپي بىلەن نارازىلىقى، رىكشىچىنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتىگە بولغان مەدھىيىسى، يېڭى ئىستىقبالغا نىسبەتەن ئىشەنچكە تولۇپ غەيرىتىنى ئاشۇرۇشى ۋە ئىچ-باغرىنى يېرىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىش روھى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچى ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ ھەقىقىي ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ ئەسەردىكى بايان، تەسۋىر، مۇھاكىمە ۋە لىرىكا



قاتارلىقلار ھېكايە ۋەقەلىكى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ ھەقىقىيلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان، شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندا ناھايىتى تەبىئىي ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تەربىيە ۋە ئىلھام ئالىدۇ.

**(2) سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.**

لۇشۈن بۇ ھېكايىسىدە يۈەن شىكەينىڭ پادىشا بولۇشى، جاڭ شۈننىڭ تىرىلىش بىلەن شۇغۇللىنىشى قاتارلىق ئاتالمىش «دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى» نى ئاددىي ئەمگەكچى رىكشىچىنىڭ يېقىلغان موماينى يەنە ئىمىسي كۆيۈمچانلىق قىلغىنىدىن ئىبارەت «كىچىككىنە بىر ۋەقە» بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا «دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى» دېگەن بىرنېمىنىڭ ھەرگىز «ئۇلۇغ» ئەمەسلىكىنى، «كىچىككىنە بىر ۋەقە» نىڭ ھەرگىز «كىچىك ئىش» ئەمەسلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

بۇ ھېكايىدە پېرسوناژلار بىر-بىرى بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلىنغان. لۇشۈن ئەمگەكچى خەلق ئوبرازى بولغان رىكشىچىنى ئىلغار ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيسى «مەن» ئوبرازى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، رىكشىچىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى نامايان قىلغان. «مەن» ئوبرازىنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىپ، ئەمگەكچى خەلقتىن كەمىنەرلىك بىلەن ئۆگىنىشكە بەل باغلىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، زىيالىيلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقتىن ئۆگىنىشنىڭ

زۆرۆر لۇكىنى ئـوبـرازلىق ئىـپادىلىگەن. بـۇ ئىكـكى
ئـوبرازنىڭ سىلىشتۇرۇلۇشىدا سىنىپىي ئايىرىما بىلەن
سىنىپىي ھېسىياتتىكى پەرقلەر ئېنىق كۆرسىتىلـگەن
بـولۇپ، ئـۇنىڭـدا يازغـۇچىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ
كېلەچەك ئىستىقبالىغا بولغان يۈكسەك ئىشەنچى تـولۇق
گـەۋدىلەندۈرۈلگەن.

**(3) مەنزىرە تەسۋىرلىرى باش تېما ئىـدىيىسىنى ئىچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان.**

بـۇ ئەسـەردە مەنـزىرە تەسـۋىرى ئانـچە كـۆپ
ئەمەس، ئـۇنىڭـدا پەقەتـلا «شـامـال» گەۋدىـلىك
يېزىلغان بـولۇپ، «شامال» نـىڭ ئىلىگىرى ـ ئاخىر
بولۇپ بەش قېتىم ئۆزگىرىشى كۆرسىتىلگەن: بىرىنچى قېتىم
« بوران قاتتىق سوقۇۋاتاتتى» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭدا
تۇرمۇش غېمى بىلەن سەھەردىلا كوچىغا چىققىشـقا مەجـ
بۇر بولغان «مەن» نىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ ئىنتاـ
يىن تۆۋەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

ئىككىنچى قېتىم «بىر ئازۋاقتتىن كېيىن بوران پەسـ
لىدى» دەپ يېـزىلغان. بـۇ ئارقىلىق چاڭ ـ توزانـلار
تـۆگەپ، پاك پاكىز بـولۇپ قالغان يولـدا رىكشىچىنىڭ
ئىـلدام مېڭىش شارائىتى يارىتىلغان.

ئۈچىنچى قېتىم موما يىنىڭ پاختىلىق كەمزۇلىنىڭ تۈگمـ
لىرى ئېتىلمەي، پەشلىرى شامالدا ئىككى ياققا يەلپۈنۈپ
تۇرغانلىقتىن، رىكشىنىڭ تۇتقىسىغا ئىلىنىپ قېلىپ يىقىلـ
غانلىقى يېزىلغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ كىچىككىنە بىر ۋەقەنىڭ
پەيدا بـولۇشىدىكى ئوبيېكتىپ سەۋەب كۆرسىتىلگەن.



ئەگەر شامال بـولمىغان بـولسا، موما يىنىڭ تـۈگمىلىرى
ئېتىلمىگەن كـەمـزۇلىنىڭ پەشـلىرى ئىككـى ياقـقا
يەلپۈنۈپ تۇرمايـتتى ھەم رىكشىنىڭ تۇتقىسىغا ئىلىنىپ
قالمايتتى، شـۇنىڭـدەك ۋەقەمۇ سادىر بولمايـتتى. بـۇ
يەردە يازغۇچى بۇ ۋەقەنىڭ سادىر بولۇشىدا رىكشىچىـ
نىڭ قىلچە مەسئۇلىيىتى يوقلۇقىنـى كـۆرسـەتـكەن.

تۆتىنچى قېتىم « بوراندىن كېيىن يولدا بىرمۇ ئادەم
كۆرۈنمەيتتى» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭ بىلەن «مەن» نى رىكشىـ
چى يىقىلغان موما يىنى يۆلەپ ساقچى ئىدارىسىگە ئەكىتىۋاتقانـ
لىقىنى ئوچۇق كـۆرۈش ئىمـكانىيـتىـگە ئىگە قىلغان.

بەشىنچى قېتىم «بـوران تـامـام تـوختىدى»
دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭـدا « مەن » نىڭ ئەستايىـ
دىل ئـويلىنىشى ئۈچۈن تىپىك مۇھىت يارىتىپ بېرىلـ
گەن. دېمەك يـۇقىـرىقـى مەنـزىرە تەسـۋىرلىرى
ناھايىتى ئىخچام ھەم مەنىلىك بولۇپ، ئۇلار كەيپىياتـ
نـى كـۈچەيتـىش بىلەن ۋەقـەنـى راۋاجـلانـدۇرۇشـتا
مۇھىم رول ئويناپ، ئەسـەرنىڭ باش تېما ئىدىيىسىنى
ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

# «يۇرتۇم»

لۇشۈننىڭ «يۇرتۇم» ناملىق ھېكايىسى 1921- يىلى 1- ئايدا يېزىلغان بولۇپ، تۇنجى قېتىم «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىلدىكى 5- سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «چۇقان» غا كىرگۈزۈلگەن.

## 1

1895- يىلى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا «ماگۇەن شەرتنامىسى» تۈزۈلگەندىن تارتىپ، لۇشۈن مۇشۇ ھېكايىنى يازغانغا قەدەر ئۆتكەن يىگىرمە نەچچە يىل ئىچىدە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ھەرقايسى جاھانگىر ئەللەر بىلەن نۇرغۇن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالىدى. مەسىلەن، 1901- يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق سەككىز دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «شىنچۇ شەرتنامىسى»، 1915- يىلىدىكى شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىدىن



يۈەن شىكەي قوللىغان، ياپون جاھانگىرلىكى ئوتتۇرىغا قويغان «21 ماددىلىق توختام» ... قاتارلىقلار. جاھانگىرلار بۇ تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرگە تايىنىپ، جۇڭگودىن نۇرغۇن مىقداردا قەرز پۇلى تۆلىتىۋالغاندىن تاشقىرى، خەلقئارا بازارلاردا ساتالمىغان ماللىرىنى جۇڭگوغا كۆپلەپ ئەكىرىپ قىممەت باھادا ساتتى. ئۇلار جۇڭگودا زاۋۇت قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋېلىپ، ئېلىمىزنىڭ قاتناش تورلىرىنى، ئېغىر سانائەت، سودا، پۇل تارقىتىش قاتارلىق مۇھىم ساھەلىرىنى كونترول قىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي كۈچلىرى جۇڭگوغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى. نەتىجىدە جۇڭگو ئىگىلىكى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچراپ، جۇڭگو جەمئىيىتى يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق پاتقاققا چۆكۈپ قالدى.

بۇ تارىخىي مەزگىلدە، ھەرقايسى گۇرۇھتىكى مىلىتارىستلار ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىچكى جەھەتتە كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ قالايمىقان ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ئەمگەكچى خەلقلەر ئۈستىدىكى ھەر خىل باج-سېلىقلار مىسلىسىز كۆپىيىپ كېتىپ، پومېشچىك، زومىگەرلەرنىڭ دېھقانلارغا قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيىسى تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈس ئالدى. جۇڭگونىڭ ئەسلىدىمۇ ناھايىتى نامرات بولغان يېزىلىرى تېخىمۇ نامراتلىشىپ، دېھقانلار-

نىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالىدى. ئۇلار مىللىي ھەم سىنىپىي زۇلۇمنىڭ قوش
قەۋەت ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ، كۈندىن- كۈنگە
نامراتلىشىپ، خانىۋەيران بولۇپ، ئاچ - يالىڭاچلىققا
قېلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە پۈتۈنلەي
ھوقۇقسىز ھالەتتە كۈن كەچۈرۈشكە باشلىدى.

1919 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، لۇشۈن ئۆي
كۆچۈش سەۋەبى بىلەن ئۆز يۇرتى شاۋشىڭغا باردى.
ئۇ شۇ چاغدا، يېزىلارنىڭ خارابلاشقان نامرات
ھالىتىنى ھەم دېھقانلارنىڭ ئاچ - يالىڭاچلىق ئىچىدە
ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە شۇ جانلىق پاكىتلار
ئاساسىدا، 1921 - يىلى 1 - ئايدا «يۇرتۇم» دېگەن
بۇ ھېكايىسىنى يازغان.

## 2

لۇشۈن «يۇرتۇم» دېگەن ھېكايىسىدە، XIX ئەسىر-
نىڭ ئاخىرىدىن «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ ھارپىسىغىچە
بولغان ئارىلىقتىكى جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ نامرات ھالى-
تىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دېھقانلارنى ماددىي ھەم مە-
نىۋى جەھەتتىن دەھشەتلىك ئەزگەن ئەكسىيەتچىل
ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىل-
غان. سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر تۈپەيلىدىن «مەن» بىلەن
رۇڭتۇ ئوتتۇرىسىدا كېلىپ چىققان زور ئارىلىقنى ئېچىپ



تاشلاپ، دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا بولغان
ھېسداشلىقىنى، كونا جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىپ يېڭى
جەمئىيەت ۋە يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا بولغان كۈچلۈك
ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

بۇ ھېكايىنى ئۈچ چوڭ ئابزاسقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى ئابزاس: ئەسەرنىڭ بېشىدىن «مەن تىرىكچى-
لىك قىلىۋاتقان يىراق يات يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىشكە توغرا
كېلەتتى» دېگەن يەرگىچە.

لۇشۈن بۇ ئابزاستا يۇرتىنىڭ خارابلاشقان مەن-
زىرىسىنى كۆرۈپ «مەن»نىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان
تەشۋىشلىك ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەپ، ھېكايە ۋەقەلىكى
يۈز بەرگەن ۋاقىت، ئورۇن ھەم بۇ ۋەقەنى بارلىققا
كەلتۈرگەن سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى
رۇڭتۇ ياشىغان ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن تونۇشتۇرغان.

ئىككىنچى ئابزاس: «ئىككىنچى كۈنى سەھەردە» دېگەن
يەردىن «ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ
بەردى» دېگەن يەرگىچە.

لۇشۈن بۇ ئابزاستا، كونا جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ خاراب-
لىشىش ۋە دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشقا گىرىپ-
تار بولۇپ قېلىشىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى ئوت-
تۇرىغا قويۇپ، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا بولغان
چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن.

ئۈچىنچى ئابزاس: «مەن ئۆزۈمنىڭ كونا ئۆيۈمدىن
بارغانسېرى يىراقلاشماقتىمەن» دېگەن يەردىن ئەسەر-
نىڭ ئاخىرىغىچە.

لۇشۈن بۇ ئابزاستا، «مەن»نىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىيا-
تىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق، كونا جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، يېڭى جەمئىيەت ۋە يېڭى تۇرمۇش يارىتىشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە كۈچلۈك ئىلھام بەرگەن.

لۇشۈننىڭ «يۇرتۇم» دېگەن ھېكايىسىدە رۇڭتۇ، ياڭئەرساۋ ۋە «مەن» ئوبرازلىرى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان.

## رۇڭتۇ ئوبرازى

رۇڭتۇ — جاھانگىرلىك ھەم فېئوداللىزم قاراكۈچلىرى تەرىپىدىن دەھشەتلىك ئېزىلگەن، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغان، ھاقارەتلەنگەن ۋە چىدىغۇسىز خورلانغان نامرات دېھقانلارنىڭ تىپى.

رۇڭتۇ نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدە مېھنەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، تېتىك، ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان، كىچىك پېئىل ۋە ھوشيار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەبىئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان ئەقىللىق بالا ئىدى. ئۇچاغدا ئۇ «بوغداي ئۆڭلۈك، يۈزى دۈپدۈگىلەك بالا بولۇپ، بېشىغا كىگىز مالخاي كىيگەن، بوينىغا پارقىراق كۈمۈش مونچاق ئېسىلغانىدى.» ئۇ ساغلام، ئاددىي ـ ساددا بالا بولۇپ، قېلىن قار چۈشكەن مەزگىللەردە ئەپچىللىك بىلەن قۇشقاچ تۇتالايتتى، بالىلارغا خاس خۇشخۇيلۇق



بىلەن دېڭىز بويلىرىدا چېپىپ يۈرۈپ، ھەر خىل رەڭدار قۇلۇلىلەرنى تېرەتتى. ئايدىڭ كېچىلەردە بولسا پولات ئارىنى چىڭ تۇتۇپ، تاۋۇزلۇققا كىرگەن سۇغۇرغا ئوخشاش ئەرسىگە تازا كەلتۈرۈپ سانجىيتتى.

دېمەك، كىچىك رۇڭتۇ ھەقىقەتەن ئەمگەكچى خەلق پەرزەنتىگە خاس باتۇر، پاراسەتلىك ھەم چەبدەس ئىدى. ئۇنىڭ ئەمگەك قىلىش ھاياتىدا ئېرىشكەن بىلىملىرى ئۆسمۈر «مەن»نىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ كەڭ زېمىننى پەيدا قىلغانىدى. ئۇ «مەن»ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى بىلمەيدىغان ئاجايىپ نەرسىلەرنى بىلەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بالا بولۇپ، بالىلارغا خاس سەممىيلىكى بىلەن «مەن»نىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەنىدى، لېكىن ئوتتۇز يىلدىن كېيىن، رۇڭتۇ جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىزمنىڭ قاتمۇ قات ئېزىشى ھەم ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى تۈپەيلىدىن جىسمانىي ھەم مەنىۋى جەھەتلەردىن ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، گويا تاشتىن ياسىغان ھەيكەلگىلا ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى تېتىكلىكى، ئاق كۆڭۈل، خۇشخۇيلۇقى، كۈچ ـ قۇدرىتى، جۇشقۇن ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى، ياشاشقا بولغان مۇھەببىتى ۋە دوستلۇق ئىشەنچى... ئومۇمەن ھەممە نېمىسى يىتچىت قىلىنغان. لۇشۈن رۇڭتۇنىڭ قىياپىتىدىكى بۇ زور ئۆزگىرىشنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئۇ مېنىڭ خاتىرەمدىكى رۇڭتۇغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئاۋۋالقىغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئېگىز ئىدى. بۇغداي ئۆڭلۈك، دۈگىلەك يۈزلىرى ئۆز-

گىرىپ، ئاللىقانداق سىرىقا ئايلانغان ۋە چوڭقۇر قو-
رۇقلار باسقان. كۆزلىرىمۇ خۇددى دادىسىنىڭكىدەكلا
قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەندى ... رۇكتۇنىڭ
بېشىدا كونا كىگىز مالخاي، ئۈستىدە نېپىز پاختىلىق
پەشمەت بار ئىدى. ئۇ سوغۇقتىن شۈمشىيىپ، قەغەزگە
ئورالغان بىر بولاق نەرسىنى ۋە ئۇزۇن غاڭزىسىنى تۇ-
تۇپ تۇراتتى. قاچاندۇ بىر ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بۇ قول-
لىرى دىغماقىنا، كۆچلۈك ئىدى. ھازىر بولسا، قوپال
ۋە يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى قارىغاينىڭ قوۋ-
زاقلىرىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى ... ئۇ ھەدەپ بېشىنى
چايقايتتى، ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزى خۇددى تاشتىن
ياسىغان ھەيكەلدەك ھەرىكەتسىز كۆرۈنەتتى.» رۇكتۇ-
نىڭ قىياپىتىدىكى بۇ زور ئۆزگىرىشلەر جاھانگىرلىك
بىلەن فېئوداللىزمنىڭ قاتمۇ قات ئېزىشى ۋە ئېكس-
پىلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

رۇكتۇ «مەن»نىڭ بالا ۋاقتىدىكى دوستى. ئەينى
ۋاقىتتا ئۇلار بىر - بىرىگە ناھايىتى ئامراق ئىدى.
بىر - بىرىگە سەممىي كۆرۈنەتتى ۋە بىر-بىرىدىن ھەر-
گىز ئايرىلمايتتى. ئەمما ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ئۇچراش-
قاندا، گەرچە رۇكتۇ يەنىلا «چىرايىدىن خۇشاللىق ھەم
قايغۇ چىققان قىياپەتتە» تۇرسىمۇ، لېكىن شۇ ھامان
ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە ھۆكۈمەت بەلگىسى پەيدا بولىدۇ
ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ «جانابلىرى» دەيدۇ. رۇكتۇنىڭ
ماناشۇ «جانابلىرى» دېگەن بىر ئېغىز سۆزى، ئۇنىڭ
بىلەن «مەن» ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور بىر سىنىپىي



سىپىل پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

رۇكتۇنىڭ قىياپىتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ كۆ-
ڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىنىشى فېئوداللىق تۈزۈم كونا
جۇڭگو دېھقانلىرىنى يالغۇز سىياسىي، ئىقتىسادىي جە-
ھەتتىلا ئېزىپ قالماي، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىمۇ ئەز-
گەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن باتۇر، ساغلام، ئاق كۆڭۈل،
ئاددىي - ساددا، ئىشچان رۇكتۇنىڭ ناھايىتى تېزلا
روھسىز، چۈشكۈن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، تاشتىن
ياسىغان ھەيكەلگە ئوخشىشىپ قالغانلىقىنى ئوبرازلىق
ھالدا ئېچىپ بەرگەن.

رۇكتۇ ئۆزىنىڭ تاشتىن ياسىغان ھەيكەلگە ئوخ-
شىشىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەنمىگۈدەك
بىخۇد ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشت-
لىرى ئارقىلىق، ئۆزىنى شۇنداق ئېغىر نامراتلىق
تۇرمۇشقا گىرىپتار قىلىپ قويغان ئىجتىمائىي سەۋەبنى
تولۇق چۈشىنىدۇ، شۇڭا ئۇ «مەن»گە ئۆزىنىڭ ئەھۋا-
لىنى سۆزلەپ بەرگەندە مۇنداق دەيدۇ: «ئەھۋالىمىز
ئېغىر ... ھامان يېمەكتىن قىسىلىۋاتىمىز... ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئەنسىزلىك ... يەردىن ئالغاننى ئاپىرىپ ساتساق،
سېلىق ئۈستىگە سېلىق. زىيىنىغا سېتىشتىن باشقا چارە
يوق. ساتمىساق سېسىپ كېتىدۇ.» رۇكتۇنىڭ بۇ شىكا-
يىتى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ
جاھانگىرلىك ھەم فېئوداللىزمنىڭ قاتتىق ئېزىشى ۋە
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە پۈتۈنلەي خانىۋەي-
ران بولۇپ كەتكەنلىكىنى، كونا جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ

مىللىي زۇلۇم بىلەن سىنىپىي زۇلۇمدىن ئىبارەت قوش زۇلۇم ئاستىدا نامراتلىشىپ، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. رۇنتۇنىڭ بۇ شىكايىتىگە جاپاكەش نامرات دېھقانلارنىڭ جاھانگىرلارغا ۋە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتى سىڭگەن. بۇ خىل غەزەپ - نەپرەت گەرچە تېخى قارشىلىق كۆرسىتىشكە ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت كۈچىگە ئايلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇنىڭدىن نامرات دېھقانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېغىر ھالاكەتتە ياشاۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى ۋە بۇ ئېغىر ھالەتتىن قانداق قۇتۇلۇش توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىپ، چوڭقۇر ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

رۇنتۇنىڭ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى قانخور فېئوداللىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان.

لۇشۈن «مەن»نىڭ تىلى ئارقىلىق ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «بالىلىرى كۆپ، ئاچلىق، ياڭاچلىق، ئېغىر سېلىقلار، ئەسكەرلەر، بۇلاڭ - تالاڭچىلار، ئەمەلدارلار، بايلار مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قىيناپ، ئۇنى خۇددى ياغاچ ھەيكەلگە ئوخشاش قاغجىراتقان.» بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رۇنتۇنىڭ قىياپىتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر ھەرگىز ئۇنىڭ ھورۇن بولغانلىقىدىن بارلىققا كەلگەن ئەمەس. ئۇنى پەقەت جاھانگىرلار بىلەن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قاتمۇقات ئېزىشى ھەم ئاياغ ئاستى قىلىشىلا كەلتۈرۈپ



چىقارغان. رۇنتۇ گەرچە ياغاچ ھەيكەلگە ئوخشىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلققە خاس بولغان ئىشچان، ئاددىي - ساددا، ئاقكۆڭۈل خۇسۇسىيەتلىرى ئۆزگەرمىگەن. دېمەك رۇنتۇنىڭ قىياپىتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر پۈتۈنلەي مىللىي ھەم سىنىپىي زۇلۇمنىڭ مەھسۇلىدۇر.

لۇشۈننىڭ «يۇرتۇم» دېگەن ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر پەلسەپىۋى پىكىر بار: «مەن ئويلىدىم، ئۈمىد دېگەن نەرسىنى بار دېيىشمۇ بولىدۇ، يوق دېيىشمۇ بولىدۇ. ئۇ خۇددى زېمىندىكى يوللارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. زېمىندا ئەسلىدە يول يوق ئىدى. ماڭىدىغان كىشىلەر كۆپەيگەچكە يول ھاسىل بولغان.» بۇنىڭدا ئۈمىدنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش تەكىتلەنگەن. پەقەت ئۈمىدلا بولۇپ، ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق - ئۈمىدسىزلىك بىلەن باراۋەر بولۇپ، بۇنداق ئۈمىدنى يوق دېسە بولىدۇ. ئۈمىدمۇ بولسا ۋە ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ بولسا، يەنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق، ئۈمىد رېئاللىققا ئايلاندۇرۇلسا، ئاندىن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق ئۈمىدنى بار دېسە بولىدۇ. بۇ يەردە ئاپتور «يېڭى تۇرمۇش» قا يېتىپ بېرىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ، خەلقنى داۋاملىق ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرغان. «زېمىندىكى يول» دېگەن سۆزدىكى يول زېمىندىكى ئادەتتىكى يولنى ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابنىڭ يولىنى كۆرسىتىدۇ. بىزگە مەلۇم، ئىنقىلاب يولىنى

كىشىلەر ئاچقان، ئىنقىلاب كۆرەش ئارقىلىق غەلىبە
قىلىدۇ. لۇشۈن زېمىندىكى يولنى كىشىلەر مېڭىپ
ھاسىل قىلغانلىقىدىن ئىبارەت داۋلى ئارقىلىق رۇكتۇغا
ئوخشاش نامرات دېھقانلارنى يېڭى تۇرمۇشنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن دادىل كۆرەش قىلىشقا چاقىرغان
بولۇپ، ئۇنىڭدا لۇشۈننىڭ «4-ماي» مەزگىلىدىكى ئىن-
قىلابىي ئۈمىدۋارلىق روھى ھەم دېھقانلارنىڭ تەقدىرىنى
ئۆزگەرتىشكە بولغان ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن.

لۇشۈن ئەينى ۋاقىتتا، دېھقانلار مەسىلىسىنى ئىن-
قىلابىي دېموكراتىزم مەيدانىدا تۇرۇپ كۆزەتكەنىدى،
شۇڭا ئۇ «يۇرتۇم» دېگەن ھېكايىسىدە، رۇكتۇنىڭ
ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق،
كونا جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشىنى ئەكس
ئەتتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كونا جۇڭگو دېھقان-
لىرىنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتە يەنىلا فېئوداللىق خۇرا-
پىي ئىدىيىلەرنىڭ ئاسارىتىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ
دېموكراتىك ئىنقىلابىي ئېڭى تېخى ناھايىتى تۆۋەن
ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن بىز لۇشۈننىڭ
شىنخەي ئىنقىلابىغا بولغان ئۈمىدسىزلىكىنى ۋە نارازى-
لىقىنى، شۇنىڭدەك شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ كەڭ دېھقانلار
ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈش
مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمىغانلىقىنى ئېنىق
چۈشىنىۋالغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ «چىلتەكلىك ئەدە-
بىيات توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن «روھنى كۈتۈش ۋە
ئادەم چىشلەش» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازغانىدى:



«ئىمپېرىيە مىنگوغا ئايلانغاندىن بۇيان، يۇقىرى قاتلام-
دىكى ئۆزگىرىشلەر كۆپ بولدى، لېكىن تەربىيىسىز
دېھقانلار ھېچقانداق يېڭى مەنپەئەتلىك نەرسىگە ئىگە
بولالمىدى. ئۇلار يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا خۇراپىي، بۇرۇن-
قىدەكلا خاراب ...» دېمەك، لۇشۈن رۇكتۇ ئوبرازىنى
يارىتىشتا دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي روھى بىلەن
قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي كۈچىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەن-
لىكى ئۈچۈن، ئۇنى روشەن ھەم كۈچلۈك تەسۋىرلىيەل-
مىگەن. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، لۇشۈن بۇ ھېكا-
يىنى يازغان چاغدا، تېخى كوممۇنىزمچى ئەمەس ئىدى،
شۇڭا دېھقانلاردىن ئىبارەت بۇ ئىنقىلابىي سىنىپنىڭ
تارىخىي رولىنى تولۇق مۆلچەرلىيەلمەيتتى. يېڭى ھايات
قانداق بولىدۇ؟ ئىنقىلاب يولىنى قانداق بېسىش كېرەك؟
دېگەن مەسىلىلەرگىمۇ دەل توغرا جاۋاب بېرەلمەيتتى.
دېھقانلارنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە قايسى سىنىپ-
نىڭ رەھبەرلىكىگە تايىنىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە
ئۈستىدىمۇ ئۇ تېخى ئىزدىنىش باسقۇچىدا ئىدى، لېكىن
لۇشۈننىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا ئۈزۈل -
كېسىل قارشى تۇرۇش ئىدىيىسى ۋە يېڭى دېموكراتىك ئىن-
قىلابنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ كۆرەش قىلىشى ئۇنىڭ سىنىپ-
پىي كۆرەش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ماركسىزم-لېنىنىزمنى
ئۆگىنىشنى، پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى،
مەيدانى ۋە دۇنيا قارىشىنى قەدەممۇ قەدەم ئۆزگەرتىپ، قە-
دەممۇقەدەم كوممۇنىزم يولىغا مېڭىپ، پرولېتارىياتنىڭ ئازاد-
لىق ئىشلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## ياڭ ئەرساۋ ئوبرازى

ياڭ ئەرساۋ — كونا جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ۋەيران بولغان ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ تىپى. ئۇ بۇرۇن يېزا بازىرىدا دۇفۇ دۇكىنى ئاچقان بىر كىچىك تىجارەتچى ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە دۇفۇ دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ سودا – سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، رەڭگىرويىمۇ چىرايلىق ئىدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «شىسى مەلىكە» دەپ ئاتىشاتتى، لېكىن يىگىرمە يىلدىن كېيىنكى ياڭ ئەرساۋ بۇرۇنقى «شىسى مەلىكە»گە پۈتۈنلەي ئوخشىماي قالىدۇ. ئۇ دۇفۇ ساتىدىغان دۇكىنىدىن ئاللىقاچان ئايرىلىپ قالغان بولغاچقا، تۇرمۇشمۇ پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كەتكەن، شۇڭا ئۇنىڭ مەڭىز سۆڭەكلىرى چىقىپ، لەۋلىرى ياغاقلىشىپ، قىياپىتى گويا كەڭ ئېچىلغان سىركۇلغا ئوخشىشىپ قالغان. «مەن» ئائىلىسىدىكى نەرسە – كېرەكلىرىنى سېتىشقا باشلىغاندا، ياڭ ئەرساۋ ھەر كۈنى شۇ ئۆيگە كېلىپ، كۆپرەك بىر نەرسە يۇلۇۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ دۇفۇ ساتىدىغان دۇكىنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەنە شۇنداق شەخسىيەتچى، ئاچكۆز بولۇپ قالغان. بۇ جاھانگىرلار، فېئودال مىلىتارىستلار، پومېشچىك – زومىگەرلەر ۋە دەللال بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇملىرى ياڭ ئەرساۋغا ئوخشاش ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى ناھايىتى تېز ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ياڭ ئەرساۋ گەرچە قاتمۇ قات زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچ-



راپ پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ نۇرغۇن يامان ئىللەتلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان.

لۇشۈن ياڭ ئەرساۋ ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنىڭ قىياپىتىدىن تارتىپ ھەرىكىتىگىچە ئۆتكۈر ھەجۋىي قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ياڭ ئەرساۋنىڭ يامان ئىللەتلىرىنى كەسكىن تەنقىد قىلغان، ئەمما لۇشۈننىڭ بۇ خىل تەنقىدى ياڭ ئەرساۋنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىلمىغان، لۇشۈن ئۆتكۈر ھەجۋىي قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ياڭ ئەرساۋنى ئاچكۆز، شەخسىيەتچى، مەككار قىلىۋەتكەن چىرىك قاراڭغۇ جەمئىيەتنى، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنى غەزەپ بىلەن پاش قىلغان. دېمەك، ياڭ ئەرساۋنىڭ ئوبرازى كونا جۇڭگو يېزىلىرىدىكى تۇرمۇشنىڭ يەنە بىر خىل كۆرۈنۈشى سۈپىتىدە ھېكايىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ، يېزىلارنىڭ خاراب بولۇشىنىڭ ئېغىرلىقىغا بولغان تونۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

## «مەن» ئوبرازى

«مەن» ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرىنىڭ تىپى بولۇپ، ئۇزۇل – كېسىل ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق ئىدىيىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نامرات دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى كۆرۈپ ئەستايىدىل قايغۇرىدۇ، ئەمگەكچى خەلقلەرگە چىن كۆڭ-

لىندىن ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنى سەممىي ھۆرمەت
قىلىدۇ، يېزىلارنىڭ خاراب بولۇشىغا سەۋەب بولغان
چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمگە چەكسىز نەپرەتلىنىدۇ. مانا
بۇلارنىڭ ھەممىسى «مەن»نىڭ جۇڭگونى يېرىم مۇستەمـ
لىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان
فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارغا، قالايمىقان ئۇرۇش قىلىپ
ئەمگەكچى خەلقلەرنى تاشتىن ياسىغان ھەيكەلگە ئايلانـ
دۇرۇپ قويغان ئەكسىيەتچى مىلىتارىستلارغا بولغان
كۈچلۈك غەزىپىنى ئىپادىلەپ، «مەن»نىڭ ئىنقىلابىي
دېموكراتىزملىق مەيدانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
«مەن» ئۆزۈل ـكېسىل ئىنقىلابىي دېموكراتىك ئىدىيىگە
ئىگە بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئازادـ
لىقى ۋە كېلەچەك ئىستىقبالىغا بولغان ئۈمىد ـئارزۇـ
سىنى پۈتۈنلەي كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بېغىشلايدۇ. بۇ
ھەقتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «رۇڭتۇ بىلەن ئىككىمىزنىڭ
پەرقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن بالىلىرىمىز
يەنە بىللە بولىدۇ... خۇڭئېر ھازىر تېخى شۈيشېڭنى
ئويلاۋاتامدۇ؟... ئۇلارنىڭ ھېچقاچان ماڭا ئوخشاش
باشقىلاردىن پەرقلىق بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىـ
مەن... لېكىن ئۇلارنىڭ بىللە بولىمىز دەپ ماڭا ئوخـ
شاش جاپا ـ مۇشەققەتتە تېنەپ يۈرۈشىنى ياكى رۇڭتۇغا
ئوخشاش باشنى قاتۇرغۇدەك ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى،
باشقىلارغا ئوخشاش ئاچچىق قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە
ئۆتۈشىنى خالىمايمەن. ئۇلار بىز كۆرمىگەن، بىز بىلـ
مىگەن يېڭى ھايات كەچۈرۈشى كېرەك.»



لۇشۈن «يۇرتۇم» دېگەن ھېكايىسىنى ئۆزى كۆرـ
گەن ۋە ئاڭلىغان ۋەقەلەر ئاساسىدا يازغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن «مەن» ئوبرازىنى لۇشۈنـ
نىڭ ئۆزى دەپ قارىماسلىق لازىم. «مەن» ۋەتەنىنىڭ
ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەمگەكچى خەلقنى
قىزغىن سۆيىدىغان، ئۇلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك
تۇرمۇشىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغان، زۇلمەتلىك
كونا جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇپ، يېڭى جەمئىيەت، يېڭى تۇرـ
مۇش بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇششاق
بۇرژۇئازىيە ئىلغار زىيالىيلىرىنىڭ تىپى بولۇپ، ئۇ يۈكـ
سەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان بەدىئىي ئوبرازدۇر.
بىز «مەن» ئوبرازىدىن لۇشۈننىڭ دېھقانلارنىڭ
تۇرمۇشى بىلەن تەقدىرىگە چوڭقۇر غەمخورلۇق قىلىپ
ۋە ھېسداشلىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىي يولى
ئۈستىدە جىددىي ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.
«مەن» ئوبرازىدا لۇشۈننىڭ كۆلەڭگىسى بارلىقىدا شەك
يوق، لېكىن ئۇ ھېكايىدىكى بىر بەدىئىي ئوبراز بولۇپ،
مۇئەييەن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇڭا «مەن»ئوبراـ
زىنى لۇشۈننىڭ ئۆزى دېيىشكە بولمايدۇ.

3

لۇشۈن «يۇرتۇم» دېگەن ھېكايىسىدە، ئوبراز
يارىتىش، ماتېرىيال تاللاش، سىرتقى كۆرۈنۈشلەرنى
ماسلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ

يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنى ئىپادىلىگەن.

ئوبراز يارىتىش — بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى مەركىزىي مەسىلە. لۇشۈننىڭ بۇ ھېكايىسىدىكى ئوبرازلار ناھايىتى جانلىق ھەم مۇكەممەل بولۇپ، ئۇلار ئەسلەش ھەم سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بويىچە يارىتىلغان. مەسىلەن، ئۆسمۈر رۇنتۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، ئاددىي - ساددا، باتۇرلۇقى ياغاچ ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغان ئوتتۇرا ياشلىق رۇنتۇنىڭ قىياپىتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ، كونا جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشى ۋە ئېچىنىشلىق تەقدىرلىرى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن. ياش ۋاقتىدا «شىسى مەلىكە» دەپ ئاتىلىپ ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرگەن ياڭ ئەرساۋ بىلەن يىگىرمە يىلدىن كېيىنكى يۈزلىرى ياغاقلىشىپ، پۈتۈنلەي خانىۋەيران بولغان ياڭ ئەرساۋ روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ، كونا جۇڭگودىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ ۋەيران بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدىغان مۇقەررەرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

لۇشۈن بۇ ھېكايىسىدە يالغۇز پېرسوناژلارنىڭ ئالدى - كەينىنى سېلىشتۇرما قىلىپ تەسۋىرلەپلا قالماي، بەلكى پېرسوناژلارنىمۇ ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، ئەسەرنىڭ باش تېما ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. مەسىلەن، رۇنتۇ بىلەن «مەن»نىڭ مۇناسىۋىتى ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى سەمىمىي ئىدى. ئۇلار خۇددى قوشماقلاردەك چىن دوستلۇق مۇھەببىتىگە ئىگە ئىدى،



لېكىن ئوتتۇرا ياشلىق بولغاندا، ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئورنىدا زور پەرق پەيدا بولغاچقا، بىر - بىرىگە بۇرۇنقىدەك سەمىمىي ھەم قىزغىن مۇئامىلە قىلالمايدۇ. رۇنتۇ «مەن» بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئەيمىنىدۇ ھەم قورقىدۇ، شۇڭا چۈشىنىشلىك قىلىپ «جانابلىرى... » دەيدۇ. «مەن» بولسا ئۇنىڭدىن قاتتىق روھىي سىقىلىش ھېس قىلىدۇ. بۇ، رۇنتۇ بىلەن «مەن» ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان زور سىنىپىي پەرق ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا قېلىن بىر سىنىپىي سېپىلنى ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى چىن دوستلۇق مۇھەببىتىنى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىۋەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

لۇشۈن مەنزىرە تەسۋىرىنىڭ ماھىر ئۇستىسى. ئۇ «يۇرتۇم» دېگەن ھېكايىسىدە ئۆزىنىڭ ئازغىنا تەسۋىر بىلەن مول ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ماھىر سۆز سەنئەتكارى ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلغان. بۇ ھېكايىدىكى مەنزىرە تەسۋىرلىرى ناھايىتى رەڭدار، روشەن ھەم چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ، ئۇلار ئەسەرنىڭ بەدىئىي تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن بەلكى باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە زور رول ئويناپ، ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ھېكايىنىڭ بېشىدا رۇنتۇ ياشىغان يېزىنىڭ قىياپىتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «تازا قىش ۋاقتى. يېزىغا يېقىنلاشقانسېرى ھاۋا تېخىمۇ تۇمانلاشماقتا. كېمە بۆلۈمىگە كىرىۋاتقان سوغۇق شامال گۈركىرىمەكتە. بامـ

بۇكتىن ياسالغان لەمپىنىڭ يوچۇقلىرىدىن سارغۇچ سۇر ئاسمان ۋە قىرغاق بويلاپ ئۇ يەر - بۇ يەرگە جايلاشقان، لېكىن ھېچقانداق ھايات بەلگىسى بولمىغان چۆل يېزىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆيلەرگە قاراپ كۆڭلۈم مەيۈسلىنىشكە باشلىدى.» بۇ — خارابىلاشقان كونا جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى. بۇ مەنزىرە تەسۋىرى «مەن»نىڭ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتكە بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرەتلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى رۇكتۇ بىلەن ياڭئەرساۋلار ياشىغان تىپىك مۇھىتنى جانلىق سۈرەتلىگەن. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى «دېڭىز بويىدىكى قۇملۇق كۆزۈمگە تاشلاندى، ئۈستۈمدە تولۇن ئاي» دېگەن تەسۋىرمۇ ناھايىتى گۈزەل ھەم چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ ئۇ كىشىلەرنى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. «مەن»نىڭ يېڭى جەمئىيەت ۋە يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇشال كەيپىياتقا چۆمدۈرىدۇ، ھاياتقا بولغان ئۈمىدىنى كۈچەيتىدۇ.



## «بەخت تىلەش»

لۇشۈننىڭ «بەخت تىلەش» ناملىق ھېكايىسى 1924-يىلى 2-ئايدا يېزىلغان. تۇنجى قېتىم، شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنى نەشىردىن چىققان «شەرق ژۇرنىلى»نىڭ 21-جىلد 6-سانىدا ئېلان قىلىنغان، كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «تېڭىرقاش» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

### 1

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداليزمغا قارشى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان ھەرقايسى ئىنقىلابىي سىنىپلار، تەبىقىلەر، ئىنقىلابىي گۇرۇھلار قاتناشقان كەڭ مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش كېرەكلىكىنى تونۇۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1923-يىلى 6-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىست-

تنك پارتىيىسى گۇاڭجۇدا 3-قۇرۇلتاينى چاقىرىپ،
سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى گومىنداڭ بىلەن ھەمكار-
لىشش، مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش مەسىلىسىنى مەخسۇس
مۇھاكىمە قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
ياردىمى ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا 1924- يىلى 1-ئايدا،
سۇن جۇڭشەن گۇاڭجۇدا گومىنداڭنىڭ 1- قۇرۇلتىيىنى
چاقىردى. يولداش ماۋزېدۇڭ قۇرۇلتايغا قاتناشتى ھەم
ئۇنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلدى. قۇرۇل-
تاي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جاھانگىرلىككە،
فېئوداللىزمغا قارشى تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدى؛ گومىن-
داڭنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى، ئىككى پارتىيىنىڭ ھەم-
كارلىشىشىنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە بىرىنچى قېتىملىق مىللىي
بىرلىكسەپ رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ مىللىي بىرلىكسەپنىڭ
قۇرۇلۇشى، ئېلىمىز يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ
يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئەمما
ئۇ ۋاقىتتا، ئىنقىلابنىڭ مەركىزى جەنۇبقا يۆتكەلگەنلىك-
تىن، شىمالىي جۇڭگو يەنىلا فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ
زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. كەڭ ئەمگەكچى خەلق
بۇرۇنقىدەكلا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى
ۋە فېئودال ئۇرۇقداشلىق ئىدىيىسىنىڭ زەھەرلىشىگە
ئۇچراپ، چىدىغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئىچىدە تۇرمۇش
كەچۈرۈۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئەمگەكچى ئاياللار جەمئىيەتنىڭ
ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى ھېسابلىنىپ، ھەرقانداق ئىنسانىي
ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنىپ، جاھالەتتە ياشىماقتا ئىدى،



خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ «خۇنەن دېھقانلار ھەرىكىتىنى
تەكشۈرۈشتىن دوكلات» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسەتكىنى-
دەك: «جۇڭگو ئاياللىرى سىياسىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداش-
لىق ھاكىمىيىتى ۋە ئىلاھىي ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ
خىل ھاكىمىيەتنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغاندىن تاشقى-
رى، يەنە ئەرلەرھاكىمىيىتىنىڭمۇ ئىدارە قىلىشىدا ئىدى.»
بۇ مەزگىلدە لۇشۈن جۇڭگونىڭ ئىدىيەۋە مەدەنىيەت
سېپىدىكى ئىلغارلارغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئاياللار ئازاد-
لىقى مەسىلىسى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىۋاتاتتى.
ئۇ 1924- يىلى «بەخت تىلەش»، «سوپۇن»، «بەختلىك
ئائىلە» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئەمگەكچى
ئاياللارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ۋە تەقدىرلىرىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئادەمنى ئادەم يەيدىغان فېئوداللىق
تۈزۈمگە ھەم فېئوداللىق قائىدە - يوسۇنلارغا بولغان
چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىدى. «بەخت تى-
لەش» شۇلار ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە
بىر ئەسەر.
لۇشۈن «بەخت تىلەش» دېگەن ھېكايىسىدە سىياسىي
ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى، ئىلاھىي ھاكىمىيەت
ۋە ئەرلەر ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت «تۆت چوڭ سىرتماق»
نىڭ ئاسارىتى ئاستىدا ھالاك بولغان شياڭلىن ھەدىنىڭ
پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق،
فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى
دەھشەتلىك ئەزگەن ۋە قۇل قىلغانلىقى، فېئودال
ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى بىلەن، فېئوداللىق ئەخلاقىي

قائىدىلەرنىڭ خەلققە مەنىۋى جەھەتتە چەكسىز زۇلۇم
سالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، فېئودال ھۆكۈمران
سىنىپلار بىلەن كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى
مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنى
چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان.

2

بۇ ھېكايىنىڭ «بەخت تىلەش» دېگەن ماۋزۇسى
چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. «بەخت تىلەش» — كونا جەمئىيەتتە
خۇداغا ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ھاراق ۋە
باشقا يېمەكلىك ئىنئام قىلىپ، كۆجە كۆيدۈرۈپ، سەجدە
قىلىپ، ئۇلاردىن كېلەر يىلى ئۈچۈن «بەخت» تىلەيدىغان
خۇراپىي ئادەت بولۇپ، ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ
كۈنىدىن كېيىنكى بەش ـ ئالتە كۈن ئىچىدە ئۆتكۈزۈلەتتى.
بۇ ماھىيەتتە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەمگەكچى
خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى
قوغداپ قېلىشتىكى بىر خىل رەزىل ۋاستىسى ئىدى،
لېكىن جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن
فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا ئەمگەكچى خەلق فېئودال
لىق چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ زەھەرلىشىگە چوڭقۇر ئۇچرى
غانلىقى ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئەرۋاھلاردىن «بەخت» تىلەيدى
غان خۇراپاتلىققا ئىشىنىدىغان بولۇپ قالغان. لۇشۈننىڭ
بۇ ھېكايىسى لۇجېڭدىكى كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئالدى
راشلىق بىلەن «بەخت تىلەش» كە تەييارلىق قىلىۋاتـ



قانلىقىدىن باشلىنىپ، لۇسى ھەزرەتنىڭ ئائىلىسىدە
ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان «بەخت تىلەش» مۇراسىمىنىڭ قىقاس ـ
چۇقانلىرى ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ. شياڭلىن ھەدە لەپىلـ
دەپ قار يېغىۋاتقان چاغدىكى «بەخت تىلەش» سادا ـ
لىرى ئىچىدە ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ، قارغا كۆمۈلۈپ
قالىدۇ. لۇسى ھەزرەت ئائىلىسىدىكىلەر بولسا، شياڭلىن
ھەدىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن قىلچە كارى بولماي، خۇشال ـ
خۇراملىق بىلەن ئۆزلىرىگە كېلەر يىلى ئۈچۈن «بەخت
تىلەش» پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ نېمىدېگەن روشەن
سېلىشتۇرما ـ ھە ؟! دېمەك، لۇشۈن بۇ ھېكايىسىگە
«بەخت تىلەش» نى ماۋزۇ قىلىپ بەلگىلەپ، بىر تەرەپـ
تىن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ياۋۇز ۋە ھىيلىگەرلىكىنى
قاتتىق مەسخىرە قىلىپ، شياڭلىن ھەدە پاجىئەسىنىڭ
ئىجتىمائىي مەنبەسىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان بولسا،
يەنە بىر تەرەپتىن فېئودال خۇراپاتلىق ئىدىيىسىنىڭ
قاتتىق زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭمۇ
فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن بىللە «بەخت تىلەش»
پائالىيىتى ئېلىپ بارغانلىقىغا ئېچىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ
خۇراپىي ئىدىيىلىرىنى تەنقىد قىلغان؛ «غايىب بەخت»
كۆز قارىشىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى
ھەقىقىي بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باشقا بىر يول
ئىزدەشكە دەۋەت قىلغان، شۇڭا بۇ ھېكايىنىڭ «بەخت
تىلەش» دېگەن ماۋزۇسى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ،
ئۇ ئەسەرنىڭ تىراگېدىيىلىك تۈسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ،
پېيەن قىلىش ئۈنۈمدارلىقىنى كۈچەيتىدۇ، مەسخىرە

قىلىش رولىنى جارى قىلىپ، كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

لۇشۇننىڭ «بەخت تىلەش» ھېكايىسى يۈكسەك ئىدىيىۋىلىكى ۋە جەڭگىۋارلىقى ئىگە ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ باش تېما ئىدىيىسى شياڭلىن ھەدە، «مەن»، لۇسى ھەزرەت قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ.

**شياڭلىن ھەدە ئوبرازى**

شياڭلىن ھەدە — يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق كونا جۇڭگودا سىياسىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇق-داشلىق ھاكىمىيىتى، ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ئەرلەر ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت «تۆت چوڭ سىرتماق» نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان سان-ساناقسىز ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى — كونا جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ ھەقىقىي سۈرەتلىنىشىدۇر.

شياڭلىن ھەدە — ئەمگەكچان، كەم سۆز، مۇلايىم، ياۋاشلىقىدىن كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان ئاق كۆڭۈل بىر ئايال. ئۇ قىز ۋاقتىدا ئۆزىدىن ئون ياش كىچىك بىر بالىغا ياتلىق قىلىنغاندا، ئېرىنىڭ چوڭ بولۇشىنى كۈتۈپ، خېلى ئۇزۇنغىچە جاڭگالدىن ئوتۇن كېسىپ كېلىپ جان بېقىپ تۇرىدۇ. ئېرى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، لۇسى ھەزرەتنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ خىزمەتچى



بولىدۇ. «ئۇنىڭ ئەر كىشىدىن ئېشىپ كەتكۈدەك كۈچى بار ئىدى،» شۇڭا «خۇددى بىكار بولۇپ قالسا ئىچى پۇشىدىغاندەك ئەتىدىن-كەچكىچە تىنماي ئىشلەيدۇ.» «تامانى خىللىمايدۇ، كۈچىنىمۇ ئايىمايدۇ، ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداپ، قىلچە زارلانمايدۇ.» «ئەتىدىن - كەچكىچە لام-جىم دەپ ئاغزىنىمۇ ئاچمايدۇ.» ئۇكىشىلەرنىڭ ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەي، دائىم كەمسىتىلىپ، چىدىغۇسىز خورلۇق ئىچىدە ياشىسىمۇ، لېكىن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆتكۈزۈۋاتقان تۇرمۇشىدىن رازى بولىدۇ... بۇنىڭدىن بىز شياڭلىن ھەدىنىڭ ھەقىقەتەن ئىشچان، كەمتەر، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز، بىراق شياڭلىن ھەدە ئەنە شۇنداق ئىشچان، ئاق كۆڭۈل، كەم سۆز بولسىمۇ، زۇلمەتلىك فېئودالىزم جەمئىيىتىدە مۇستەقىل ياشاش ۋە ئىشلەش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغاچقا، قىرىق نەچچە يىللىق ھاياتىدا، بىر كۈنمۇ راھەت كۆرەلمەي، بىر دەممۇ زۇلۇم-خورلۇقلاردىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاخىر قەلەندەر بولۇپ قېلىپ، ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالماي، چىرىك فېئوداللىق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق ئەخلاقنىڭ ناھەق قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ كونا جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ ئورتاق تەقدىرى!

شياڭلىن ھەدىنىڭ خاراكتېرىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك شۇكى: ئۇ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە.

شياڭلىن ھەدىنىڭ پاجىئەسى ئۇ تۇنجى قېتىم فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ تۆمۈر قاپقىنىغا چۈشكەن ۋاقتىتىن باشلانغان. شياڭلىن ھەدىنىڭ قىز ۋاقتىدا، ئۆزىدىن ئون ياش كىچىك بىر بالىغا ياتلىق بولۇشى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، قېيىن ئانىسىنىڭ قۇلى بولغانلىقى ئىدى. ئېرى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، شياڭلىن ھەدە ھېچبىر گۇناھسىزلا جەمئىيەتتە ئەڭ پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، «قاپىقى يامان قېيىن ئانا» نىڭ تېخىمۇ قاتتىق خورلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ، لۇسى ھەزرەتنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ خىزمەتچى بولىدۇ. شياڭلىن ھەدە گەرچە لۇسى ھەزرەت ئائىلىسىدە «تۇل خوتۇن» دەپ كەمسىتىلسىمۇ ۋە كېچە-كۈندۈز ئىشتىن باش كۆتۈرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ ئازابلىق تۇرمۇشنى قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىدىكى قۇللۇق تۇرمۇشىدىن ئەۋزەل كۆرىدۇ. «ئۆي بېقىش، كىر يۇيۇش، توخۇ-ئۆردەك بوغۇزلاش، ياغ پۇرىتىش ئۈچۈن كېچىلەپ ھەزە تەييارلاش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يالغۇز ئورۇندايدۇ. ياردەمچى تەلەپ قىلمايتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ تۇرمۇشىدىن مىننەتدار ئىدى. شۇڭا ئۆزى خۇشال، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ قالغانىدى.» ئەمما شياڭلىن ھەدىنىڭ ئۆزى «مىننەتدار» بولغان بۇ تۇرمۇشى ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ. ئۇنى قېيىن ئانىسى مەجبۇرىي تۇتۇپ كېتىدۇ-دە، خېجياۋئاۋدىكى خې لاۋلىيۇدىيەگەن بىر كىشىگە ئوتتۇز



سەر تەڭگىگە سېتىۋېتىدۇ. شياڭلىن ھەدە نېمە ئۈچۈن تاۋار مال ئورنىدا سېتىلىدۇ؟ بۇ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە ياندىشىدىغان مەسىلە. زۇلمەتلىك فېئودالىزم جەمئىيىتىدە ئاياللار ئىنتايىن خار بولۇپ، ئۇلار نىكاھ ئەركىنلىكىگە قىلچە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۆزى خالاش-خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، تاۋار مال ئورنىدا مەجبۇرىي سېتىلىشتىن قۇتۇلالمايتتى... شياڭلىن ھەدىنىڭ تەقدىرىمۇ خۇددى شۇنداق بولىدۇ، ئەمما ئۇ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە بىر قېتىم چوڭقۇر ئۇچرىغان بولغاچقا، يەنە شۇنداق قۇللۇق ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشنى خالىماي، ئۆزىنىڭ تاۋار مال ئورنىدا سېتىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ھېكايىدە شياڭلىن ھەدىنىڭ بۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىش روھى، ۋېي مومايىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئۇ يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە يول بويى يىغلاپتۇ، تىللاپتۇ. خېجياۋئاۋغا بارغۇچە ئۈنلىرى پۈتۈپ كېتىپتۇ. تەختىراۋاندىن چۈشۈرۈپ، ئىككى ئەر كىشى بىلەن ئۇنىڭ قېيىن ئانىسى ئۇنى شۇنچە زورلاپمۇ، توي رەسمىيىتىنى ئۆتكۈزۈشكە ئۇنىمالماپتۇ. ئۇلار دىققەت قىلماي قوللىرىنى بوشىتىپ قويغان بولسا كېرەك، يا ئاللا، ئۇ شام يېقىپ قويغان ئۈستەلنىڭ بۇرجىكىگە بېشىنى بىرلا ئۇرۇپ يېرىۋاپتۇ. بېشىدىن قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئىككى تال كۈجىنىڭ كۈلىنى بېسىپ، ئىككى تال قىزىل لاتا بىلەن تېڭىپمۇ قانىنى توختىتالماپتۇ. كېيىن بىرنەچچە ئادەم ھە-ھۇ قىلىپ ئۇنى ئېرى بىلەن بىللە ئۆيگە سولاپ قويسىمۇ، يەنە

ئاغزى بىسلىماي تىللاپتۇ... ئاڭلىسام ئەتىسمۇ ئورنىدىن
تۇرماپتۇ.» بۇ پارچىدا شياڭلىن ھەدىنىڭ قارشىلىق
كۆرسىتىش روھى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. شياڭلىن
ھەدە فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە ئەنە شۇنداق قارشى
تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاۋار مال ئورنىدا سېتىلىش-
تىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قارشىلىق
كۆرسىتىش روھىنى ھېچكىم قوللىمايدۇ، ئەكسىچە كىشى-
لەر ئۇنى: «جاھىللىق قىپتۇ»، «ئاشۇرۇۋېتىپتۇ» دەپ
ئەيىبلەپ، «قاپىقى يامان قېيىن ئانىسى»نى بولسا،
«چېچەن، قاۋۇل، دەستى بار خوتۇن» دەپ ماختايدۇ.
بۇنىڭدىن فېئوداللىق جەمئىيەتتە، ئاياللارنىڭ تاۋار
مال ئورنىدا سېتىلىشى قانۇنلۇق بولۇپ، شياڭلىن
ھەدىنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلالماسلىقى
تەبىئىي ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

شياڭلىن ھەدە خېلاۋلىيۇغا ياتلىق بولغاندىن
كېيىن، تاسادىپىيلا «بەختى ئېچىلغان»دەك بولۇپ،
ئىناق ئائىلە مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى،
«ئۇنىڭ زىق بولۇپ تۇرىدىغان قېيىن ئانىسى يوق.
ئېرىدە كۈچ دېسە بار، ئىش قىلالايدۇ، ئۆي بولسا ئۆز-
ىنىڭ ...». ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ «يىل ئاخىرىدا بىر
ئوغۇلمۇ تۇغۇپتۇ»، شۇڭا شياڭلىن ھەدە ئىككىنچى
ئېرى خېلاۋلىيۇ بىلەن ئۆتكۈزگەن مېھنەتلىك تۇرمۇش-
ىدىن بەكمۇ رازى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ «بەختى»
مۇ ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. ئېرى كېزىك كېسىلى بىلەن
ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ - دە، كۆپ ئۆتمەي ئىككى ياش-



لىق ئوغلى ئاماۋنى بۆرە يەپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن شياڭلىن ھەدىنى «قېيىن ئانىسى ئۆيدىن ھەيدەپ
چىقىرىۋېتىدۇ...» ئۈستى - ئۈستىلەپ كەلگەن بۇ بالا-
قازادىن گاڭگىراپ، نېمە قىلىشىنى ۋە قايسى يولدا
مېڭىشنى بىلەلمەي قالغان شياڭلىن ھەدە، ئاخىر
يەنىلا لۇسى ھەزرەتنىڭ ئائىلىسىگە كېلىشكە مەجبۇر
بولىدۇ. ۋەقەلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا،
بۇ يەردە شياڭلىن ھەدىنىڭ پاجىئەسى ئۈچۈن پۇختا
ئاساس يارىتىلغان. چۈنكى، خېلاۋلىيۇنىڭ كېزىك بىلەن
ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىشى ۋە ئاماۋنى بۆرە يەپ كېتىشى
كۆرۈنۈشتە تەبىئەت ھادىسىسىدەك تۇيۇلسىمۇ، ماھىيەتتە
تىپىك ئىجتىمائىي ئەھۋال بولۇپ، شۇ جەمئىيەتتىكى
ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھاياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى
ئىدى. لۇشۈن بۇ ۋەقەلىكلەرنى بىر - بىرىگە گىرەلەش-
تۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، شياڭلىن ھەدىنىڭ كەل-
گۈسىدىكى پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى
ئىپادىلەپ، ئەسەرنى كىشىلەر قەلبىنى تىترىتىدىغان
تەسىر كۈچكە ئىگە قىلغان.

ھەقىقەتەن، شياڭلىن ھەدە ئىككىنچى قېتىم لۇسى
ھەزرەت ئائىلىسىگە كەلگەندە، ئۇ يەنە بىر قېتىم تول
بولۇپ قالغاچقا، لۇسى ھەزرەت ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ
قاتتىق چەتكە قېقىشىغا ۋە كەمسىتىپ خورلىشىغا ئۇچ-
رايدۇ. لۇسى ھەزرەت خوتۇنى سىشىن خېنىمغا مۇنداق
دەپ جېكىلەيدۇ: «بۇنداق ئادەملەر قائىدە - يوسۇنلى-
رىمىزغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئادەتتە ئىشقا

سىلىش مۇمكىن، لېكىن نەزىر - چىراغ ۋاقىتلىرىدا ئىشقا
قول تىقتۇرماسلىق كېرەك. ھەممە تائامىلارنى ئۆزۈك
قىل، ئۇنداق بولمىسا نەزىرگە تەييارلىغان نەرسىلەرگە
ناپاك قول تېگىپ قېلىپ، ئەرۋاھلار يېمەي قويىدۇ».
سۇشىن خېنىم ئېرىنىڭ جېكىلىشى بويىچە شىياڭلىن
ھەدىنى نەزىر - چىراغ ئىشلىرىغا زادىلا ئارىلاشتۇر-
مايدۇ. «شىياڭلىن ھەدە، سەن تۇتما، ئۆزۈم ئالىمەن»
دەپ ۋارقىراپ ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنى تۇتقۇز-
مايدۇ. مانا بۇ فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ
زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن، شىياڭلىن ھەدىنىڭ
ئىنسانىي ئورنى ئىنتايىن تۆۋەنلەپ، ھەتتا ئاددەتتىكى
نەزىر - چىراغ ئىشلىرىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىمۇ قالمى-
غانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شىياڭلىن ھەدە، فېئوداللىق
قائىدە - يوسۇنلار ۋە فېئوداللىق دىنىي قاراشنىڭ
قاتتىق بېسىمىغا ئۇچراپ، روھىي جەھەتتە چىدىغۇسىز
ئازاب چېكىۋاتقان مەزگىللەردە، ئەتراپتىكى ئۆزىگە
ئوخشاش خورلىنىۋاتقان دېدەك خىزمەتچىلەر ۋە باشقا
كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا قىلچە ئىچىنمايدۇ ھەم ھېسداشلىق
قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنى خالىغانچە مازاق قىلىپ،
ئۇنىڭ دەرد - ئەلەم ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى تېخىمۇ
چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. لۇسى ھەزرەتنىڭ ئائىلىسىدە
ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان ليۇما دېگەن موماي شىياڭلىن
ھەدىگە مۇنداق دەپ تەھدىت سالىدۇ: «شىياڭلىن، سەن
ھەقىقەتەن چاتاق قىپسەن، شۇ چاغدا يەنىمۇ چىڭراق
ئۇرۇۋالغان بولساڭ ياكى قاتتىقراق ئۇسۇۋېلىپ ئۆلۈپ



كەتكەن بولساڭ ياخشى بوپتىكەن. مانا ئەمدى كېيىن-
كى ئېرىڭ بىلەن ئىككى يىلمۇ بىللە بولالماي، ئەكسىچە
چوڭ بىر بەتنامغا قالدىڭ. ئويلاپ باققىنا، ئۇ دۇنياغا
بارغاندا، ئۇ ئىككى ئېرىڭنىڭ روھى سېنى تالاشسا
قانداق قىلىسەن؟ جەبرائىل سېنى ھەرە بىلەن ئىككى
پارچە قىلىپ، ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ - دە،
مېنىڭچە ھەي ... مېنىڭچە، سەن پاتراق گۇناھىڭنى
ساقىت قىل؛ بۇتخانىغا بېرىپ ئۆز ھەققىڭگە بىر بوسۇغا
سادىغا قىل؛ ئۇنى كىشىلەر دەسسەپ ئۆتسە، بۇ دۇنيا-
دىكى گۇناھىڭ ساقىت بولىدۇ. ئۆلگەندە يەنە ئازاب
چېكىپ يۈرمەيسەن». شىياڭلىن ھەدە ئەنە شۇنداق
قاتتىق قات قورشاۋلار ئىچىدە قالسىمۇ، لېكىن يەنىلا
قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. ئازغىنا
ئۈمىد بولسىلا قەيسەرلىك بىلەن قورشاۋنى بۆسۈشكە
ئىنتىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئورنىنى ئۆزگەرتىشكە
تىرىشقان روھىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. شىياڭلىن
ھەدە ئۆزىنىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققىگە بىر بوسۇغا
سېتىۋېلىپ، ئۇنى بۇتخانىغا سادىغا قىلىدۇ - دە، شۇنىڭ
بىلەن «گۇناھىم ساقىت بولىدىغان بولدى» دەپ ئوي-
لاپ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. «ناھايىتى غەيرەت
بىلەن ئىشلەيدۇ» ئەمما «قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى»دە
«ئاتا - بوۋىلارنىڭ روھىغا نەزىر - چىراغ قىلىش ۋاق-
تىدا»، «سۇشىننىڭ تائاملارنى تىزىپ بولۇپ، ئانىۋۇ
بىلەن ئۇستەلنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا يۆتكەۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، دەرھال قەدەملەر بىلەن چوكىلارنى ئالغىلى

ماگغان» چاغدا، سۇشىن خېنىمنىڭ بۇرۇنقىدەكلا «شياگ-
لىن ھەدە، سەن تۇتما!» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلاپ،
«خۇددى قولىنى چوغقا تەگكۈزۈۋالغان كىشىدەك»
ئۆگى ئۈچۈپ، تۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالىدۇ. بۇ شياگ-
لىن ھەدە ئۈچۈن ئەڭ ئەجەللىك زەربە بولىدۇ. پەقەت
مۇشۇ چاغدىلا ئۇ، لۇسى ھەزرەت، سۇشىن خېنىملارنىڭ
ئۆزىنى چىدىغۇسىز ئاياغ ئاستى قىلىپلا قالماي، يەنە
قان چىقارماي ئۆلتۈرۈپ يېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ
ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شياگلىن ھەدە، بۇ زۇلمەت-
لىك دۇنيانىڭ «دوزاخ»تىنمۇ دەھشەتلىك ئىكەنلى-
كىنى چۈشىنىدۇ ــ دە، ئۇنىڭ كۆڭلىدە «ئادەم ئۆلگەن-
دىن كېيىن، ئۇنىڭ روھى بولامدۇ؟» «ئۆلگەن ئورۇق -
تۇغقانلار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشەلەمدۇ؟...» دېگەن-
گە ئوخشاش سوئاللار پەيدا بولۇپ، روھىي جەھەتتە
تېخىمۇ چوڭقۇر ئازاب چېكىدۇ. شياگلىن ھەدە «روھ»
نىڭ بولۇشىدىن قانچە قورقسا، ئۇنىڭ بولماسلىقىدىنمۇ
شۇنچىلىك قورقىدۇ. ئۇ «روھ بار»دەي دېسە، ئۇ دۇنيا-
غا بارغاندا جەبرائىل تېنىنى ئىككى پارچە قىلىپ،
ئىككى ئېرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىشىدىن قورقىدۇ. «روھ
يوق» دەي دېسە، ئۇ دۇنيادا سۆيۈملۈك ئوغلى ئاماۋ
بىلەن دىدار كۆرۈشەلمەسلىكىدىن قورقىدۇ، شۇنىڭ
بىلەن ئۇ «روھ»نىڭ بار - يوقلۇقىدىن گۇمان قىلىشقا
باشلايدۇ. شياگلىن ھەدىنىڭ بۇ خىل گۇمانىنى ئاشۇ
جەمئىيەتنىڭ قورقۇنچلۇق رېئاللىقى پەيدا قىلغان،
بولۇپ، ئۇ فېئودالللىق جەمئىيەتنىڭ چىرىك ئىجتىمائىي



تۈزۈمىگە قارىتىلغان، شۇڭا شياگلىن ھەدە بۇ جەھەتتە
ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالماي، ئاخىر ئاشۇ گۇمان
ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

شياگلىن ھەدىنىڭ ئۆمۈر بويى جان تالىشىپ، هار-
ماي - تالماي قارشىلىق كۆرسىتىشى ـــ چىرىك فېئو-
داللىق تۈزۈم ۋە فېئودالللىق قائىدە - يوسۇنلارنىڭ
قاتمۇ قات زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقان ئەمگەكچى ئايال-
لارنىڭ تېز پۈكمەي قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈرەشچان
روھىنى مەركەزلىك ئىپادىلىگەن، ئەمما 20 - يىللارنىڭ
ئالدى- كەينىدىكى جۇڭگو جەمئىيىتىدە فېئودال ھۆكۈمران
سىنىپلار كۈچلۈك بولغاچقا، شياگلىن ھەدىنىڭ يەككە -
يېگانە قارشىلىقى ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئۆز-
گەرتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شياگلىن ھەدىنىڭ
قارشىلىقى سىستېمىسىزلىك بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي يوسۇندا
ئويغانمىغانلىقتىن، زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە ئۇنىڭ
ئېچىنىشلىق ھالدىكى ھالاكەت تەقدىرىدىن قۇتۇلا لى-
شىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

لۇشۈن بۇ ھېكايىسىدە، شياگلىن ھەدىنىڭ ئەم-
گەكچان، كەم سۆز، ئاقكۆڭۈل خاراكتېرى بىلەن، كۈچ-
لۈك قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئۇقتىلىق گەۋدىلەن-
دۈرۈش ئارقىلىق، كونا جۇڭگو يېزىلىرىدا دەھشەتلىك
ئېزىلىپ، چىدىغۇسىز خارلىنىۋاتقان ئەمگەكچى ئايال-
لارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەپ، شياگ-
لىن ھەدىنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان چىرىك
فېئودالللىق تۈزۈم ۋە فېئودالللىق قائىدە - يوسۇنلارغا
بولغان چەكسىز قەھر - غەزىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

## لۇسى ھەزرەت ئوبرازى

لۇسى ھەزرەت — فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار-
نىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ فېئودالىلق تۈزۈمنىڭ تۈۋرۈكى
بولغان سىياسىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى،
ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ئەرلەر ھاكىمىيىتىنىڭ جاھىل
قوغدىغۇچىسى بولۇپ، ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچى ئەخ-
لاقشۇناس.

لۇسى ھەزرەت — جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق
يېڭىلىققا ۋە ئىلغارلىققا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى
چىقىدۇ. ئۇ يېڭىلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچى ۋە يېڭى-
لىققا مايىل بولغۇچى ئادەملەرنى «جەددىت» دەپ تىل-
لايدۇ. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە، كاڭ يۇۋېي
مونارخىستلارنىڭ كاتتىبېشى بولۇۋالغانىدى. لۇسى
ھەزرەت شۇنىمۇ «يېڭى پارتىيە» دەپ ھېسابلاپ،
ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. لۇسى ھەزرەت ئەمگەك-
چى خەلققە، بولۇپمۇ ئەمگەكچى ئاياللارغا شەپقەتسىز
دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ. ئۇ شياڭلىن ھەددىنى كېچە-
كۈندۈز باش كۆتۈرتمەي ئىشلەتسىمۇ، ئۇنىڭغا قىلچە
رەھىم قىلمايدۇ. ئەكسىچە شياڭلىن ھەددىنى داۋاملىق
كەمسىتىپ ۋە خورلاپ، ئۇنى جىسمانىي ۋە روھىي
جەھەتلەردە قاتتىق ئازابلايدۇ. ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى
شۇكى، شياڭلىن ھەددە قاتمۇ قات زۇلۇم ۋە زىيان-
كەشلىكلەر تۈپەيلىدىن كۈچ - قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىپ،



«خۇددى ياغاچقا ئويۇپ قويغان ئادەمگىلا ئوخشىشىپ
قالغان»دا لۇسى ھەزرەت ئۇنى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرى-
ۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىچارە شياڭلىن ھەددە تىلەمـ-
چىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتـ-
قان ۋە لوجېڭلىقلار ئالدىراشلىق بىلەن «بەخت تىلەش»
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەزگىلدە، ئېچىنىشلىق ھالدا
ئۆلۈپ كېتىدۇ. لۇسى ھەزرەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلى-
غاندا، شياڭلىن ھەددىگە ئېچىنمايلا قالماستىن، بەلكى
ناھايىتى غەزەپلىنىپ: «ياكى بالدۇرراق ئەمەس، ياكى
كېيىنرەك ئەمەس، دەل ئايەم كۈنلىرىدە! شۇنىڭغا قارى-
غاندا تازا بىر شور پېشانە بولسا كېرەك!» دەپ تىللاي-
دۇ. لۇسى ھەزرەتنىڭ شياڭلىن ھەددىگە تۇتقان بۇ خىل
پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلققە بولغان شەپقەتـ-
سىز دۈشمەنلىكىنى ئىپادىلەپ، فېئودال ھۆكۈمران
سىنىپلار بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر
سىنىپىي زىددىيەتنى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرگەن.

لۇسى ھەزرەت — فېئودالىلق ئەخلاق ۋە قائىدە -
يوسۇنلارنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىسى، ئىبلىپ - سېپتىشنى
ئاساس قىلغان چىرىك فېئودالىلق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ
جاھىل قوغدىغۇچىسى. ئۇ شياڭلىن ھەددىنىڭ ئىككى
قېتىم ياتلىق بولۇپ، تۇل قالغانلىقىدىن نەپرەتلىنىپ،
ئۇنى «ناپاك ئايال» دەپ ھاقارەتلەيدۇ. «بۇنداق ئادەمـ-
لەر قائىدە - يوسۇنلىرىمىزغا نۇقسان يەتكۈزۈپ
قويىدۇ» دەپ، شياڭلىن ھەددىنىڭ نەزىر - چىراغ ئىش-
لىرىغا قاتنىشىشىغا يول قويمايدۇ. شياڭلىن ھەددىنىڭ

قېيىن ئانىسى ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكېتىش ئۈچۈن كەلـ
گەندە، لۇسى ھەزرەت ھېچقانداق تارتىنىشىپ تۇرمايلا:
«قېيىن ئانىسى سوراپ كەلگەندىن كېيىن، نېمە دەيتتۇق»
دەيدۇ. بۇنىڭدىن بۇ ياۋۇز پومېشچىكنىڭ چىرىك فېئو-
داللىق نىكاھ تۈزۈمىنى جاھىللىق بىلەن قوغدايدىغان
ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
لۇسى ھەززەت ناھايىتى قۇۋ ۋە ساختىپەز ئەبلەخ. ئۇدائىم
ئۆزىنى سىلىق-سىپايە كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە ئەدەبلىك
سۆزلەيدۇ، خىزمەتچى ۋە باشقا كىشىلەرنى تىللىغاندىمۇ
ھەرگىز قوپال ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ. بۇ، ئۇنىڭ
ئادىل، ئالىيجاناب قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئادەملەرنى
قان چىقارماي بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغان جاللات ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ. لۇشۈن لۇسى ھەزرەتنىڭ زالىم، جاھىل،
مۇتەئەسسىپ - ساختىپەز خاراكتېرىنى ئىنچىكە ئىپادىـ
لەش ئارقىلىق، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قانـ
خورلۇق ماھىيىتىنى رەھىمسىز پاش قىلىپ شياڭلىن ھەدە
پاجىئەسىنىڭ سىنىپىي مەنبەسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

## «مەن» ئوبرازى

«مەن» دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە ئۇششاق
بۇرژۇئازىيە زىيالىيسى. «مەن»نىڭ شياڭلىن ھەدىگە
سەمىمىي ھېسداشلىق قىلىشى، فېئوداللىق ئەخلاق
ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان لۇسى ھەزرەت بىلەن چىقىشـ
شالماسلىقى ۋە قالاق لۇجېڭ كەنتىنىڭ بۇرۇقتۇرما ھاۋاـ
سىدىن نەپرەتلىنىشى، ئۇنىڭ قاراڭغۇ جەمئىيەت ۋە



فېئودال قارا كۈچلەرگە قارىمۇ قارشى ئورۇندا تۇرىـ
دىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «مەن» ئەمگەكچى خەلقنىڭ
تەقدىرىگە ناھايىتى كۆيۈنىدۇ. شياڭلىن ھەدە، «روھ»
نىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىغاندا، «مەن» مېڭىشقا يول
تاپالماي قايمۇقۇپ قالغان شياڭلىن ھەدىنى قىيىنـ
ماسلىق ئۈچۈن، ئېنىق جاۋاب بەرمەي، ئاغزىدا «بىلـ
مەيدىكەنمەن» دېسىمۇ لېكىن كۆڭلىدە بەكمۇ خاتىرجەمـ
سىزلىنىدۇ. «بىر كېچە ئۆتكەن بولسىمۇ، خۇددى بىر بالا
كېلىدىغاندەك» ئەنسىرەيدۇ. لۇجېڭ كەنتىدىكى كىشىلەر
شياڭلىن ھەدىگە «خۇددى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە سەت
كۆرۈنگەن ئويۇنچۇقلار»دەك مۇئامىلە قىلىۋاتقاندا،
«مەن»نىڭ ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىشى ھەرـ
گىز ئوڭاي ئەمەس. بۇ «مەن»نىڭ ھەقىقەتەن كونا
جەمئىيەتتە قارشى تۇرۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېچىنىشـ
لىق تەقدىرىگە كۆيۈنىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
شياڭلىن ھەدىنىڭ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلگەنلىكىنى
ئاڭلىغاندا، «مەن»نىڭ يۈرىكى بىردىنلا سىقىلىپ، قېيىـ
دىن چىقىپ كېتىشكە تاسلا قالىدۇ-دە، چوڭقۇر ئېچىنىش
بىلەن مۇنداق ئويلايدۇ: «بۇ دۇنيادا باشپاناھسىز
بولۇپ ياشىغۇچە، ياشىمىغان ياخشىراق. كىشىلەرنىڭ
كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ياشىغۇچە، ئۆلۈپلا تۈگەشكەن
ياخشىراق. بۇ ئۆزى ئۈچۈنمۇ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ پايـ
دىلىق». «مەن»نىڭ بۇ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا، بىر
تەرەپتىن شياڭلىن ھەدىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە
بولغان ئېچىنىشى ھەم ھېسداشلىقى ئىپادىلەنسە، يەنە

بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ «بەخت - سائادىتى»نى
ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە قولغا كەل-
تۈرىدىغان فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارغا بولغان كۈچ-
لۈك غەزىپى ئىپادىلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە،
«مەن»نىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادى-
لەنگەن. ئۇ مۇنداق ئويلايدۇ: «ئەتىگەندىن تارتىپ
ھازىرغىچە داۋام قىلغان ‹گۈمانلىق خىياللار›، ‹بەخت
تىلەش›، گۈلدۈر - تاراقلىرىدا مېڭەمدىن تاما مەن
ئۇچۇپ كەتتى. ئاسمان - زېمىندىكى مازايى - ماشايىق-
لار... قۇربانلارغا ۋە لەززەتلىك ھىدلارغا مەست
بولۇپ، لۇجىڭ خەلقىگە چەكسىز بەخت ئىنئام قىلىمىز
دەپ پەلەكتە لەلەگشىپ يۈرسە كېرەك، — دەپ ئويلى-
دىم.» روشەنكى، «مەن»نىڭ بۇ سۆزلىرىدە كۈچلۈك
ھەجۋىلەش ۋە قاتتىق نەپرەتلىنىش كەيپىياتى بار.
ئەگەر ئەسەرنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى ئالدىنقى بۆلەكلەردە
تەسۋىرلەنگەن شياڭلىن ھەدىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈ-
زەشتلىرى ۋە پاجىئەلىك ئاقىۋىتى بىلەن سېلىشتۇرۇ-
لىدىغان بولسا، «مەن» نىڭ سۆزلىرى ئەكس مەنىدىكى
سۆز بولۇپ، ئۇ شياڭلىن ھەدىگە زىيانكەشلىك قىلىپ،
ئۇنى ئۆلۈم گىردابىغا ئەكەلگەن مۇدھىش جەمئىيەتنى
ئەيىبلەش ئىنكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك،
«مەن» چوڭقۇر مەنىلىك بۇ ئۇي ئارقىلىق، لۇجىڭ
كەنتىدە «بەخت تىلەش» بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشى-
لەرنىڭ خام خىيالىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپلا
قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ئىدىيىس-



نىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن، ئەمما «مەن» ئوقۇشاق بۇرژۇ-
ئازىيە زىيالىيسى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىدىيىسى بەزى ئاجىز-
لىقلاردىن خالىي ئەمەس. ئۇ گەرچە، شياڭلىن ھەدىنىڭ
ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ، كونا جەمئى-
يەتكە قارشى كەيپىياتتا بولسىمۇ، لېكىن زۇلمەتلىك
كونا جەمئىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلال-
مايدۇ. «مەن»نىڭ بۇ ئاجىزلىقى — شياڭلىن ھەدىنىڭ
ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى لۇسى ھەزرەتكە ئوچۇق ئېيتىشقا
جۈرئەت قىلالماسلىقى، شۇنىڭدەك شياڭلىن ھەدىنىڭ
«روھ» بىلەن «دوزاخ» ھەققىدىكى سوئاللىرىغا ئېنىق
جاۋاب بەرمەي، ئۆزىنى ئاقلاش ۋە ئۆزىنى قاچۇرۇش
پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. «مەن»نىڭ
بۇ ئاجىزلىقى گەرچە ئۇ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتنى
ئاغدۇرۇۋەتمەي بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بول-
سىمۇ، لېكىن بۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇپ
تاشلايدىغان كۈچ ۋە يولنى تېخى تاپالمىغانلىقىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەمما «مەن»نىڭ ۋۇجۇدىدىكى
بەزى ئاجىزلىقلارنى تۈتۈۋېلىپ، ئۇنى كەمبەغەل -
نامراتلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بىلەن كارى بول-
مايدىغان»، «شەخسىيەتچى» زىيالىي دەپ قاراسالىق
لازىم. شۇنىڭدەك لۇشۈن «مەن»نى تەنقىد قىلىش
پوزىتسىيىسىدە بولغان دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.
چۈنكى، «مەن» ئوبرازى نۇرغۇن تەرەپلەردە لۇشۈن-
نىڭ «4 - ماي» مەزگىلىدىكى ئىدىيىسىنى ئەكس ئەت-
تۈرگەن بولۇپ، لۇشۈن بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ

شياڭلىن ھەدىگە ئوخشاش ئەمگەكچى ئايالللارغا بولغان
چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ۋە زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتكە
ھەم چىرىك فېئودالىق قائىدە - يوسۇنلارغا بولغان
چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن.

3

«بەخت تىلەش»نىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئالا-
ھىدىلىكى مۇنداق بىر قانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:
(1) تىپىك مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەس-
ۋىرى:

تىپىك مۇھىت — تىپىك خاراكتېرنىڭ شەكىللىنى-
شىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مۇئەييەن مۇھىت —
مۇئەييەن خاراكتېرنى شەكىللەندۈرىدۇ. مۇئەييەن
خاراكتېر پەقەت مۇئەييەن مۇھىتتىلا مەيدانغا چىقىدۇ.
لۇشۈننىڭ «بەخت تىلەش» دېگەن ھېكايىسىدىكى پېر-
سوناژلار تىپىك مۇھىت ئىچىدە يارىتىلغان تىپىك
ئوبرازلار بولۇپ، شياڭلىن ھەدە قاتارلىقلار خاراك-
تېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ئۇ ياش-
ىغان ئالاھىدە مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شياڭلىن
ھەدە، يېرىم فېئودال ۋە يېرىم مۇستەملىكە قالاق
تاغلىق يېزىدا ھەم لۇجېڭ بازىرىدا ياشىغان. ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكىلەر زالىم پومېشچىك لۇسى ھەزرەت؛ خۇرا-
پىي ئىدىيىلەر بىلەن زەھەرلەنگەن لىيۇما موماي؛
قاپىقى يامان قېيىن ئانا ھەم ۋەھشىي قېيىن ئاتا قاتار-



لىق شەخسلەر ئىدى. فېئودالىق سىياسىي ھاكىمىيەت،
ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى، ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە
ئەرلەر ھاكىمىيىتى خۇددى تۆت چوڭ ئارغامچىدەك
ئۇنى قاتتىق چىرماپ تۇراتتى، شۇڭا شياڭلىن ھەدە
فېئودالىق ئەخلاق ئەقىدىلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە كۆنـ-
مەي نۇرغۇن قېتىم قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ،
لېكىن فېئودالىزم كۈچلىرى ئالدىدا ئۇنىڭ بۇ قارش-
لىرى بىر - بىرلەپ مەغلۇپ بولىدۇ. گەرچە كېيىنكى
ۋاقىتلاردا شياڭلىن ھەدىنىڭ كۆڭلىدە «روھ» ۋە
«دوزاخ»قا نىسبەتەن كۈچلۈك گۇمان تۇغۇلغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭ جان تالىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىشى،
يەنىلا فېئودالىق ئەدەب-قائىدىلەرنىڭ قاتىمۇ قات
ئاسارىتىگە ئۇچراپ ئاخىر ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ
كېتىدۇ... دېمەك، لۇشۈن بۇ ھېكايىسىدە، شياڭلىن
ھەدىنىڭ ئوبرازىنى ئەنە شۇنداق تىپىك مۇھىت ئىچىدە
تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ
چىقارغان كونكرېت مۇھىتنى توغرا ئىپادىلەپ، شۇ
دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى كۆرس-
ىتىپ بەرگەن. «بەخت تىلەش» ھېكايىسىدە يەنە ئىجتى-
مائىي مۇھىت تەسۋىرىمۇ ناھايىتى ئىنچىكە يېزىلغان.
ئىجتىمائىي مۇھىت — ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مۇئەييەن
سىنىپ، مۇئەييەن بىر جايىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، كىشىلەرنىڭ
خۇلق - مىجەزى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋ-
ىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھېكايىدە لۇجېڭ كەنتىنىڭ ئۆرپ -
ئادەتلىرى، فېئودال خۇراپاتلىقى ۋە كونا يىلنى ئۇزد-

تىش ۋاقتىدىكى كەيپىياتى تەسۋىرلىنىپ، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي مۇھىت گەۋدىلىك ھالدا روشەنلەشتۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا يېزىلغان كونا يىلنى ئۇزىتىش ۋاقتىدىكى كەيپىيات ھەم «بەخت تىلەش» ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ مۇراسىم شىياڭلىن ھەدىنىڭ كونا يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنىدىكى «بەخت تىلەش» سادالىرى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ شىياڭلىن ھەدىگە بولغان چەكسىز ھېسداشلىقى ھەم شىياڭلىن ھەدىنى پاجىئەلىك تەقدىرگە گىرىپتار قىلغان چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمگە بولغان كۈچلۈك قەھر – غەزىپىنى ئىپادىلىگەن. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىياڭلىن ھەدىنىڭ خاراكتېرى، ئۇ ياشىغان چىرىك فېئوداللىق جەمئىيەت مۇھىتىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسىنىمۇ، شۇ چىرىك فېئوداللىق جەمئىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭا شىياڭلىن ھەدە پاجىئەسىنى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ھادىسە دەيمىز.

(2) تۈزۈلۈشى ۋە بايان قىلىش ئۇسۇلى:

«بەخت تىلەش» ھېكايىسىنىڭ تۈزۈلۈشى كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەنگەن. ئاپتور ئالدى بىلەن تەتۈر بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شىياڭلىن ھەدىنىڭ لۇجېن كەنتىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان «بەخت تىلەش» مۇراسىمىنىڭ قىنقاس – چۇقانلىرى ئىچىدە ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى يېزىپ، بىر خىل كۈچلۈك سېلىشتۇرما پەيدا قىلغان ۋە ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك كەيپىياتىنى كۈچەيتىپ، كىتابخانلارنى شىياڭلىن ھەدىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئىزدەشكە يېتەكلىگەن. ئاندىن كېيىن بايانىنى كەينىگە قايتۇرۇپ، شىياڭلىن ھەدىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ ئىككى قېتىم لۇسىيەن ئائىلىسىگە كېلىپ ئىشلەش جەريانىنى ئوقتىلىق سۈرەتلىگەن. بۇنىڭ بىلەن شىياڭلىن ھەدىنى ئېچىنىشلىق تۇرمۇش بىلەن يۈزمۇ يۈز توقۇنۇشىدىغان ئورۇنغا جايلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلۈپ كېتىشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ھېكايىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، شىياڭلىن ھەدىنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۈچىنچى شەخس تەرىپىدىن بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان. بېشى بىلەن ئاخىرى بولسا «مەن»نىڭ ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى ئارقىلىق، «مەن»نىڭ ھېسسىياتىنى بىۋاستە ئىزھار قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىرىنچى شەخس تەرىپىدىن بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئىخچام ۋە تولۇق، مۇشتەك چىڭ بولۇپ، چوڭقۇر تەسىر لەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلىنغان.

(3) قىياپەت تەسۋىرى:

«بەخت تىلەش» ھېكايىسىدە، سىيۇژېتنىڭ راۋاجلىنىشىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىياڭلىن ھەدىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ مەزگىلىدىكى تاشقى قىيا-

پەت تەسۋىر لەنگەن بولۇپ، شياگۇلسن ھەدىسنىڭ تۇرمۇ-
شىدىكى ئۆزگىرىشلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان تاشقى قىيا-
پىتىدىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ خاراكتېرى،
ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە روھىي ھالىتى كۆر-
سىتىپ بېرىلگەن. شياگۇلسن ھەدىسنىڭ بىرىنچى قېتىم لۇسى
ھەزرەت ئائىلىسىگە خىزمەتچى بولۇپ كەلگەن ۋاقىت-
تىكى تاشقى قىياپىتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئۇ
چېچىنى ئاق لېنتىدا بوغۇۋالغان، قارا تامبال، كۆك پەش-
مەت، ئاق جىلىتكە كىيىۋالغان، يېشى يىگىرمە ئالتە -
يىگىرمە يەتتىلەردە، رەڭگى سېرىقراق، لېكىن ئىككى
مەڭزى قىزىل بىر ئايال ئىدى... لۇسى تاغىنىڭ ئايالى
سۆزلىشىن... ئۇنىڭ ئەپتى - تۇرقىنىڭ خېلىلا جايىدا
ئىكەنلىكىگە، پۇت - قوللىرىنىڭ ئىشقا پىشقاندەك
تۇرىدىغانلىقىغا، كەم سۆز ئىكەنلىكىگە، كۆزگە ئىسسىق
كۆرۈنۈشى ۋە مۇلايىم، ياۋاشلىقىغا قاراپ،... خىزمەتكە
ئېلىپ قالدى.» بۇ قىياپەت تەسۋىرى شياگۇلسن ھەدى-
سنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تۇرمۇش ۋە روھىي ھالىتىگە ناھا-
يىتى ماسلاشقان. كىيىم - كېچەكلىكى ۋە چېچىنى ئاق
لېنتا بىلەن بوغۇۋالغانلىقىدىن، ئۇنىڭ يېقىندىلا تۇل
بولۇپ قالغان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.
قول - پۇتى ۋە چىرايى ئۇنىڭ نامرات تۇرمۇش كەچۈ-
رۈۋاتقان، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان
مۇلايىم، ياۋاش ھەمدە ئالەمدىكى دەرد - ئەلەملەرنى
چوڭقۇر چۈشەنگەن بىر ئەمگەكچى ئايال ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىككى مەڭزىنىڭ قىزىللىقى ۋە



تەقى - تۇرقىنىڭ خېلىلا قاملاشقانلىقى بولسا، شياگۇلسن
ھەدىسنىڭ ياش، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر مالامەت تاشلىرى
ئاستىدا تېخى يانچىلىپ كەتمىگەنلىكىنى ۋە تۇرمۇش-
تىن خېلى زور ئۈمىدى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
شياگۇلسن ھەدىسنىڭ ئىككىنچى قېتىم لۇسى ھەزرەت-
نىڭ ئائىلىسىگە خىزمەتچى بولۇپ كەلگەن ۋاقىتتىكى
تاشقى قىياپىتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئۇ يەنە
چېچىنى ئاق لېنتا بىلەن بوغۇۋالغان، قارا ماتول، كۆك
پەشمەت، ئاق جىلىتكە كىيىۋالغان، چىرايى سېرىقراق
ئىدى. پەقەت ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىق يوقىلىپ
كېتىپتۇ. يەنىلا تۆۋەن قاراپ تۇراتتى، كۆزلىرىدە
ياشنىڭ داغلىرى بار ئىدى. كۆزلىرىنىڭ نۇرى-مۇ
بۇرۇنقىدەك ئۆتكۈر ئەمەس ئىدى.» بۇ قىياپەت تەسۋى-
رى شياگۇلسن ھەدىسنىڭ ئىككىنچى ئېرى-مۇ ئۆلگەن ھەم
ئوغلىنى بۆرە يەپ كەتكەندىن كېيىن، تارتقان چەكسىز
دەرد - ئەلىمى بىلەن يۈرىكىدە يوشۇرۇنغان كۈچلۈك
غەزەپ - نەپرىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بىز شياگۇلسن
ھەدىسنىڭ قىياپىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن، ئۇنىڭ
پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى كۆرۈ-
ۋالالايمىز.
شياگۇلسن ھەدىسنىڭ لۇسى ھەزرەت ئائىلىسىدىن
قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، كوچىلاردا تىلەمچىلىك
قىلىپ يۈرۈۋېتىپ، «روھ» بىلەن «دوزاخ»نىڭ بار -
يوقلۇقىنى گۇمان قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتىكى قىياپىتى
مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل

ئېلگىرىدىكى ئالا چاچلىرى تامامەن ئاقىرىپ كەتكەن. ئۇ قىرىق ياشلاردىكى ئايالارغا زادىلا ئوخشىمايتتى؛ ئۇنىڭ ياداڭغۇلۇقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، يۈزى زەپىرانىدەك سېرىق، رەڭگىدىكى ئېلگىرىدىكى قايغۇ - ئالامەتلىرى يوقىلىپ، خۇددى ياغاچقا ئويۇپ قويغان ئادەمگە ئوخشىشىپلا قاپتۇ. پەقەت كۆز قارىچۇ-قىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇشىلا، ئۇنىڭ بىر تىرىك جان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر قولىدا بىر پۇچۇق تاۋاق سېلىنغان سېۋەت كۆتۈرگەن، بىر قولىدا ئۇزۇن بويىدىن ئېگىز، تۆۋەنكى ئۇچى يېرىلغان بامبۇك تايىقىنى تۇتقانىدى. ئۇنىڭ قەلەندەر بولۇپ قالغان-لىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.» بۇ قىياپەت تەسۋىرى ئەمە-گەكچان، قەيسەر، چىداملىق شىياڭلىن ھەدىنىڭ مۇد-ھىش فېئوداللىق جەمئىيەتتە، قاتمۇ قات ئېزىلىپ ۋە چىدىغۇسىز دەپسەندە قىلىنىپ، ئاخىر ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىش ھالىتىگە كېلىپ قالغان پاجىئە-لىك تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

لۇشۈن شىياڭلىن ھەدىنىڭ تاشقى قىياپەت تەس-ۋىرىنى سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ كۆزىنى تەسۋىرلەشكە ھەممىدىن كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن. ھېكايىدە شىياڭلىن ھەدىنىڭ كۆزى، ئېلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىرنەچچە قېتىم تەسۋىرلىنىدۇ.

مەسىلەن: «لۇسى ھەزرەتنىڭ ئائىلىسىگە ئىككىن-چى قېتىم كەلگەندە، شىياڭلىن ھەدىنىڭ كۆزلىرىدە ياشنىڭ داغلىرى بار ئىدى، كۆزلىرىنىڭ نۇرلىرىمۇ ئېلگىرىكىدەك ئۆتكۈر ئەمەس. شىياڭلىن ھەدە بۇتخا-



نىغا بوسۇغا سادىغا قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ناھا-يىتى خۇشال ئىدى، كۆزلىرىمۇ نۇرلىنىپ تۇراتتى»، ئەمما سۇشىن خېنىم يەنە بۇرۇنقىدەكلا «شىياڭلىن ھەدە، سەن تۇتما» دەپ ۋارقىرىغاندا، «بۇ نۆۋەت ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى. ئەتىسى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇ-رۇشۇپ، روھىمۇ چۈشۈپ كەتتى.» شىياڭلىن ھەدە «مەن» دىن «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، «ئۇنىڭ خۇنى قالمىغان كۆزلىرىگە بىردىنلا نۇر تولدى». شىياڭلىن ھەدە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، «روھ» بىلەن «دوزاخ»نىڭ بار - يوق-لۇقىغا گۇمان قىلىشقا باشلىغاندا، «پەقەت كۆز قارى-چۇقىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇشىلا ئۇنىڭ بىر تىرىك جان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى» قاتارلىقلار. بۇ كۆز تەسۋىرى شىياڭلىن ھەدىنىڭ ھاياتىدىكى ھەربىر ئۆز-گىرىشىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىگە چېتىلسا، شىياڭلىن ھەدىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنىڭ تەسۋىرى كېلىپ چىقىدۇ. بىز بۇ كۆز تەسۋىرلىرىدىن فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى «سىياسىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇق-داشلىق ھاكىمىيىتى، ئەرلەر ھاكىمىيىتى ۋە ئىلاھىي ھاكىمىيەت»تىن ئىبارەت تۆت چوڭ سىرتماقنىڭ ئاق كۆڭۈل، قەيسەر، ئەمگەكچان بىر ئايالنى قانداق قىلىپ، قان چىقارماي بوغۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋا-لالايمىز. دېمەك، شىياڭلىن ھەدىنىڭ كۆز تەسۋىرى — ھەرگىز ئادەتتىكى قىياپەت تەسۋىرى ئەمەس، بەلكى قان - زەرداب بىلەن تولغان جاراھەتلىك قەلب تارىخى، ئېچىنىشلىق تەقدىر تارىخىدۇر!

# «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى»

«ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» لۇشۈن ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر بولۇپ، ئۇ 1921-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1922-يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان. 1921-يىل 12-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 1922-يىل 2-ئاينىڭ 12-كۈنىگىچە «سەھەر گېزىتى»نىڭ «قوشۇمچە بېتى» دە «بارىن» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئۇدۇللۇق ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «چۇقان» غا كىرگۈزۈلگەن.

1

«ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جاھانگىرلار جۇڭگوغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقىنى قەدەممۇ قەدەم جىددىيلەشتۈرگەنلىكتىن، جۇڭگو جەمئىيىتى ناھايىتى تېزلا ۋەيرىم



مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالدى، لېكىن جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى كۈرەشنى ھەرگىز توختىتىپ قويمىدى. ئەكسىچە، جاھانگىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان ئەكسىيەتچىل چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى پىداكارلىق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىز بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

1911-يىلى پارتلىغان شىنخەي ئىنقىلابى ئېلىمىزنىڭ كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب تارىخىدىكى تەيپىڭ تيەنگوۋە يىخېتۇەن ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى قېتىملىق زور ئىنقىلاب دولقۇنى بولۇپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگودا ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بەردى. جۇڭخۇا مىنگونى قۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىگە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت كۆز قارىشىنى ئورناتتى. بۇ جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بىر چوڭ بۇرۇلۇش، شۇنداقلا سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلابى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بىر چوڭ تۆھپىدۇر. بىراق، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىنتايىن ئاجىزلىقى ۋە مۇرەسسەچىلىكى تۈپەيلىدىن شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇشى ئۈزۈل-كېسىل بولمىدى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايلا قالماستىن،

بەلكى فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇشتىمۇ پەقەت مانجۇ ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى تۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى، شۇڭا شىنخەي ئىنقىلابى مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمگە خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇۋېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرژۇئازىيە ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىغانلىقتىن. كەڭ ئىشچى - دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ۋە ئۇلارغا تايىنىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەكسىچە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ فېئوداللىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى زورلۇق بىلەن بوغدى، شۇڭا شىنخەي ئىنقىلابى خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشەلمەي، ئاخىردا ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولدى. خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆرسەتكىنىدەك: «خان ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئاۋۋال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مىلىتارىست - بيۇروكراتلىق ھۆكۈمرانلىقى، كېيىن پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن چوڭ بۇرژۇئازىيە ئىتتىپاقىنىڭ دىكتاتۇرىسى دەسسىدى.» («جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى»)، «شىنخەي ئىنقىلابى پەقەت بىرلا خاننى قوغلىۋەتكىنى بىلەن، جۇڭگو يەنىلا جاھانگىرلىكنىڭ ۋە فېئوداللىزمنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا قېلىۋەردى، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي ۋەزىپىسى ئورۇندالمىدى.» («ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى»).



1919 - يىلى پارتلىغان «4 - ماي» ھەرىكىتى - جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا ئۈزۈل - كېسىل قارشى تۇرغان زور سىياسىي ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى. 1921 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دېھقانلارنى ئاساسىي قوشۇن قىلغان خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا ئۈزۈل - كېسىل قارشى تۇرۇش ئىنقىلابىي كۈرىشى، پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ غەلىبىلىك راۋاجلاندى.

بۇ دەۋردە لۇشۈننىڭ ئىدىيىسىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن چوڭقۇر ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، كېيىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن غايەت زور ئىلھام ئېلىپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرۈش كەيپىياتىدىن تەدرىجىي قۇتۇلدى. «ئىنقىلابىي پېشقەدەملەرنىڭ بۇيرۇقى» غا ئاڭلىق ئەمەل قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئىنقىلاب ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. لۇشۈننىڭ «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» دېگەن ئەسىرى مانا شۇنداق ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن.

## 2

لۇشۈننىڭ «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» دېگەن ئەسىرى جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ

پارلاق نامايەندىسى. بۇ ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، مەملىكەت ئىچى ھەم سىرتىدا غايەت زور تەسىرلەرنى قوزغىدى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

لۇشۈن بۇ ئەسىرىدە نامرات دېھقان ئا Q نىڭ ئىنقىلاب قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، «ئىنقىلاب قىلىشقا يول قويۇلمىغان» لىقى ۋە ئاخىردا «ئىنقىلابچى» دېگەن ۋەۋىسكىنى ئېسىۋالغان «ئۈزۈن چاپانلىق ئەربابلار» تەرىپىدىن ئۆلۈم مەيدانىغا يوللانغانلىق پاجىئەسى ئارقىلىق، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى كونا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل سىزلىكىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. بۇرژۇئازىيە بىلەن «يېڭىلاش» تونىغا ئورىنىۋالغان پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلارغا ئىنقىلابنى ئىنئام قىلىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىماي «ئىسيان كۆتۈرۈش» لازىملىقىنى، نامرات دېھقانلارغا ئۆزى قوزغىلىپ كۆرەش قىلىشتىن باشقا نىجات يولىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسەتكەن.

«ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» توققۇز باب ۋە ئىككى تەبىئىي ئابزاستىن قۇرۇلغان بولۇپ، ھەر بابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:



### بىرىنچى باب مۇقەددىمە

لۇشۈن بۇ بابتا ئەسەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئاساسىي قەھرىمانىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە يۇرتىنى تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئا Q نىڭ دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرىشىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى ئېچىپ بەرگەن. ئۆزىنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن يېزىشتىن ئىبارەت روشەن پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ، ئەمگەكچى خەلقنى پەس كۆرىدىغان ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرىدىغان فېئودال ياللانما ئەدىبلەرنى ئۆتكۈر مەسخىرە قىلغان ھەم ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن.

### ئىككىنچى باب غەلىبە ھەققىدە قىسقىچە بايان

لۇشۈن بۇ بابتا، ئا Q نىڭ سەرگەردا نلىقتا ئۆتكەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن قاتمۇ قات زۇلۇم ۋە خورلۇقلارغا ئۇچرىغان ئىجتىمائىي ئورنىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەسۋىرلەپ، ئا Q نىڭ تەكەببۇرلۇق، ئۆز ـ ئۆزىگە سەل قاراش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى پەسلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئاساسىي خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى، روھىي غالىبىيەتچىلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

### ئۈچىنچى باب غەلىبە ھەققىدە قىسقىچە بايانىنىڭ داۋامى

لۇشۈن بۇ بابتا، ئا Q روھىي غالىبىيەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، بۇ خىل

روھىي غالىبىيەتچىلىك فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارىتا خام خىيالدا بولۇش ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقىنى ۋە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار ئىدىيىسىنىڭ زەھەرلىشىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## تۆتىنچى باب مۇھەببەت پاجىئەسى

لۇشۈن بۇ بابتا ئاQ نىڭ خىزمەتچى ئايال ۋۇماغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىقى ئۈچۈن دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە خورلۇقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقلەرنى دەھشەتلىك ئەزگەن ۋە خورلىغان جىنايەتلىرى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلغان. ئاQ نىڭ ئىدىيىسىدە جەھەتتە فېئوداللىق ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ زەھەرلىشىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن فېئوداللىق ئەدەب-قائىدىنىڭ چىرىك، ساختىلىقىنى ۋە ئەكسىيەتچىلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان.

## بەشىنچى باب تىرىكچىلىك مەسىلىسى

لۇشۈن بۇ بابتا، «مۇھەببەت پاجىئەسى» كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئاQ نىڭ «تىرىكچىلىك مەسىلىسى»نى ھەل قىلىش يولىدىكى



دەسلەپكى ئۇرۇنۇشى ۋە ئاچ-زارلىقتا خارلانغان ئېچىنىشلىق ئەھۋالى بىلەن جانسىز روھىي ھالىتىنى ئىپادىلىگەن.

## ئالتىنچى باب ھالاۋەتتىن ھالاكەتكە

لۇشۈن بۇ بابتا، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسى ئاستىدا، شەھەرگە بېرىپ ئوغرىلىق قىلىپ، «تىرىكچىلىك مەسىلىسى»نى ۋاقىتنچە ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئاQ نىڭ ۋېيجۇاڭ يېزىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بەختسىزلىكلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ياۋۇز، ھىيلىگەر ۋە ئاچكۆز ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

## يەتتىنچى باب ئىنقىلاب قىلىش

لۇشۈن بۇ بابتا «جۈيرېن جانابلىرىنىڭ كېمىسى» ۋېيجۇاڭغا كەلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان ۋەھىمە بىلەن، ئاQ نىڭ روھىي ھالىتىدە يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى ھەم ئاQ نىڭ ئىنقىلاب قىلىش تەلپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئاQ غا ئوخشاش ئويغانمىغان نامرات دېھقانلارنىڭ ساددا سىنىپىي ھېسسىيات ۋە تۇتۇق ئاڭ-سېزىم بىلەن ئىنقىلاب قىلماقچى بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلغان.

## سەككىزىنچى باب ئىنقىلابقا قوشۇلۇشقا يول قويمىدى

لۇشۇن بۇ بابتا، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرى ۋېيجۇاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن ھەرىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئا Q نىڭ ئىنقىلابقا قوشۇلماقچى بولغانلىقىنى، لېكىن «ئەجنەبىي شەيتان» نىڭ ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قوشۇلۇشىغا يول قويمىغانلىقىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئارقىلىق، پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن نامرات دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنى ئىپادىلىگەن. ئا Q نىڭ ئىنقىلابقا قوشۇلماقچى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، «ئەجنەبىي شەيتان» نىڭ قۇۋلۇق - شۇملۇق بىلەن تولغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئەكسىيەتچى قارا كۈچلەرنىڭ ئىنقىلابقا قارىتا پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، داۋاملىق خەلقنى ئەزگەن ۋە باستۇرغان جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودال قارا كۈچلەرگە تەسلىم بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئا Q نىڭ ئىنقىلابقا قوشۇلۇشىغا يول قويۇلماسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى، بۇرژۇئازىيىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىي تەلىپىگە سەل قارىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ كەڭ دېھقانلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ساۋاقىنى كۆرسىتىدۇ.



لۇشۇن بۇ بابتا ئا Q نىڭ ئىنقىلابقا تەلپۈنۈش جەريانىدىكى قالاق ئاڭ - سېزىمىنى نۇقتىلىق يېزىپ، دېھقانلارنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش ۋە دېھقانلارنى قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈش — ئىنقىلابتىكى مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ بابتا ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ بابنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىلا ئاندىن «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» نىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتىنى ۋە مۇھىم ئىجتىمائىي رولىنى تولۇق ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

## توققۇزىنچى باب مۇرادىغا يېتىش

لۇشۇن بۇ بابتا، ئىنقىلاب قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئا Q نىڭ قانخور ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن «بۇلاڭچى» دەپ قارىلىنىپ، ئېچىنىشلىق ھالدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن قۇۋ - ھىيلىگەرلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل بولمىغانلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان.

جاۋ ئائىلىسى بۇلانغاندىن كېيىن، ئا Q «بۇلاڭچى» دەپ قارىلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. بۇ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىنقىلاب مەزگىلىدە «ئىسيان كۆتۈرگەن» دېھقانلارغا يۈرگۈزگەن قايتۇرما ھۇجۇمىنىڭ مۇقەر-

ەر نەتىجىسى، ئەمما فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار قولىدا
تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان ھەمدە قىلچە مۇداپىئە-
لىنىش ئىمكانىيىتىمۇ بولمىغان ئا Q نى تۇتۇش ئۈچۈن
ئېغىر - يېنىك قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر توپ
ئەسكەرلەرنى ئىشقا سالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەمگەكچى
خەلققە بولغان چوڭقۇر ئۆچمەنلىكىنى، «ئىسيانچىلار»دىن
ئۆلگۈدەك قورقىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىنتا-
يىن ئاجىز ۋە چىرىكلىكىنى ئىپادىلىگەن. تۈرمىدىكى
سوراق جەريانى بىر تەرەپتىن روھىي غالىبىيەتچىلىكنىڭ
ئا Q غا كەلتۈرگەن ئېغىر زىيىنىنى ئەكس ئەتتۈرسە
يەنە بىر تەرەپتىن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ
رەھىمسىز ھەم ھىيلىگەرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ
ئا Q پاجىئەسىنىڭ تۆپ مەنبەسى. سوراقچىنىڭ سورىقى
بۇلاڭچىلىق ئەنزىسى بولۇپ، ئا Q نىڭ جاۋاب بەرگىنى
ئۆزىنىڭ «ئىنقىلابقا قوشۇلۇش» ئارزۇسى بولغاچقا،
بۇ غەلىتە ئىقرارنامە ئا Q نىڭ «جىنايى ئەنزىسى»نى
بېكىتىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن
ئىنقىلاب قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئا Q ئاخىر ئۈزۈل-
كېسىل بولمىغان شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ناھەق قۇربانى
بولۇپ كېتىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تەبىئىي ئابزاستا، مىش-
مىش پاراڭلار بىلەن شەھەر ھەم يېزىدىكى كىشىلەرنىڭ
مۇلاھىزىلىرى يېزىلغان بولۇپ، لۇشۈن بۇ ئابزاسلاردا
نۇقتىلىق قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ «ئا Q ئەيىبلىك» دەپ
قارىغانلىقىنى بايان قىلىپ، شىنخەي ئىنقىلابى فېئودال



قارا كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرەلمەيلا قالماستىن،
بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتەلمى-
مىگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئا Q نىڭ پاجىئەسى قانخور
ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەت
ئۈستىدىن قىلىنغان غەزەپلىك شىكايەت بولۇپ، ئۇ
شىنخەي ئىنقىلابىغا قارىتىلغان ئەڭ كۈچلۈك تەنقىدتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
لۇشۈن «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» دېگەن بۇ
ئەسىرىدە «تەرجىمال» شەكلىنى قوللىنىپ، ئا Q نىڭ
«نام-ئەمەلى»نى يىپ ئۇچى قىلىپ، ھېكايە ۋەقەلىكىنى
ئا Q بىلەن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى
كەسكىن زىددىيەتنى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرغان.
ئا Q نىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە
تولۇق تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئاساسىي خاراكتېر ئالاھىدە-
لىكىنى ھەم پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى
چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

## 3

«ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» لۇشۈن ئىجادى-
يىتىدىكى بىر يۇقىرى پەللە بولۇپ، ئۇ ئىدىيىۋىلىك
ھەم بەدىئىيلىك جەھەتلەردە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت-
لەرگە ئېرىشتى.

ئۇنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) روھىي غالىبىيەتچىلىك پاش قىلىنغان.

«ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دا، ئا Q نىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىكى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، روھىي غالىبىيەتچىلىك ئا Q نىڭ قالاقلىقى ھەم ئويغانمىغانلىقىنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى. لۇشۈن ئا Q نىڭ مۇشۇ روھىي غالىبىيەتچىلىك ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاQ نىڭ روھىنى چوڭقۇر ۋە تەپسىلىي ئېچىپ بېرىپ، ئا Q نى جانلىق ئۆلمەس بەدىئىي تىپقا ئايلاندۇرغان.

روھىي غالىبىيەتچىلىك ئاQ نىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاQ نىڭ ئۆز ئىجادىيىتى ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ قانداقتۇر «مىللىي روھ» نىڭ تىپى، «مىللىي زەئىپلىكىنىڭ ئىپادىسى»، «كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئاجىزلىقى» نىڭ گەۋدىلىنىشىمۇ ئەمەس. روھىي غالىبىيەتچىلىك يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق كونا جۇڭگونىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭ تارقىلىشىنىڭ تارىخىي مەنبەسى بار، رېئال ئاساسىمۇ بار.

نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق جەمئىيەت كونا قائىدە-يوسۇنلارغا قاتتىق يېپىشىۋېلىپ، جۇڭگونى ئۇزۇن مۇددەت يېپىق ھالەتتە قالدۇرۇپ، بىر ئىزدا توختىتىپ قويدى. 1840-يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جاھانگىرلارنىڭ قاتتىمۇ قات تاجاۋۇزى جۇڭگونى تەدرىجىي ھالدا يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىك بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىق تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى مەركەزلىك ھالدا ئاشكارىلىدى. جاھانگىرلارنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا، جۇڭگودىكى



ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار سىرتقا قارىتا ۋەتەننى سېتىشنى شەرەپ دەپ بىلدى، ئىچكى جەھەتتە بولسا قانلىق ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزدى. ئۇلار ھەم تىز پۈكۈپ خۇشامەتچىلىك قىلدى، ھەم تەلۋىلەرچە تەكەببۇرلۇق قىلدى، ھەم كونا قائىدە-يوسۇنلارغا چىڭ يېپىشىۋالدى ھەم يېڭىلاشقا جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇردى. شۇنداق قىلىپ، روھىي غالىبىيەتچىلىك دەل ئەنە شۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى تارىخىي شارائىتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ قالدى.

ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەخلاق قائىدىلىرى بىلەن روھىي غالىبىيەتچىلىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلار ئارىسىدا، بەلگىلىك تارىخىي شارائىتتا، ئوخشاشلا روھىي غالىبىيەتچىلىكنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولىدۇ. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگودا كونا دېموكراتىزم خاراكتېرىدىكى تەيپىڭ تيەنگو ۋە يىخېتۇەن ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئىككى قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوزغىلاڭلار جۇڭگو ھەم چەت ئەل ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىرلىشىپ باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. بۇ چاغ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسى ئىدى. جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە فېئوداليزمنىڭ قوش زۇلۇمى ھەم ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىشى، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ ئۆزىدىكى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە نادانلىق ئۇلاردا كونا قائىدىلەرگە چىڭ يېپىشىۋېلىش، نادانلىق-

قالاقلىقتا قېلىش ھەم تەقدىرچىلىك نۇقتىسىنەزەرلىرى-
نىڭ ئاساسلا تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن
روھىي غالىبىيەتچىلىك قىسمەن قالاق دېھقانلار ئارىسىدا
پەيدا بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئاQ نىڭ روھىي
غالىبىيەتچىلىكىمۇ ئەنە شۇنداق پەيدا بولغان.

ئاQ نىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي ئالا-
ھىدىلىكى — ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، باشقىلارنى مەنسىت-
مەسلىك، ياۋاشنى بوزەك قىلىش، يامانىدىن قورقۇش،
باشقىلارنىمۇ ھەم ئۆزىنىمۇ ئالداشتىن ئىبارەت. ئۇ
رېئاللىقتا يۈز لىنىشنى خالىمايدۇ، ساۋاقلارنىمۇ قوبۇل
قىلمايدۇ. ئۇ ئىنتايىن ئۇنتۇغاق، مەيلى جىسمانىي
جەھەتتە ھەرقانچە ئازابلانسۇن، روھىي جەھەتتە قانچە
خارلانسۇن، ھامان تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى تېپىش،
ھەتتا ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللى
بېرىپ، شېرىن خىياللارغا چۆمىدۇ.

ئاQ ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى
ساقلاشقا تىرىشىدۇ. ئۇ باشقىلار بىلەن گەپ تالىشىپ
قالغاندا «مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم سېنىڭكىگە قارىغاندا
دۆلەتمەنرەك ئىدى. سەن قانچىلىك بىرنېمە ئىدىڭ!»
دەيدۇ. ئاQ پۇلى ھەم كۈچى بولغان چاۋ بېگىم بىلەن
چيەن بېگىملارنىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ. «مېنىڭ ئوغلۇم
بولغان بولسا، ئۇلاردىنمۇ كاتتا بولاتتى» دەپ ئويلايدۇ،
بىراق بۇ نومۇسچان ئاQ نىڭ بېشىدا قېرىشقاندەك
تەمرەتكىنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ «تاز» «پاي-
نەكباش»، «ئايدىڭ باش»، «چىراغ»، «شام» دېگەن



سۆزلەردىن خۇدۇكسىرەيدۇ. ئەگەر كىمكى بۇ سۆزلەرنى
ئۇنىڭ ئالدىدا تىپىپ قويسا، ئاQ ئالدى بىلەن قارشى
تەرەپنى دەككەپ باقىدۇ. «تىلى كالۋاراق كىشى بولسا
ئۇنى تىللايتتى، كۈچى ئاجىزراق كىشى بولسا ئۇنى ئۇراتتى»،
ئەمما باشقىلار ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ. ئاQ نىڭ
زىيان تارتىدىغان ۋاقىتلىرى كۆپ بولىدۇ. بۇنداق چاغ-
لاردا ئاQ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، قەھر - غەزەپ
بىلەن كۆزلىرىنىلا چەكچەيتىدۇ، ئاندىن «ھە، سەن تېخى
شۇنچىلىكمۇ بولالمايسەن؟ ...» دەپ ئىنتىقام ئالىدۇ.
ئۆزى تاياق يېسە «مەيلى، ئاتىسى بالىسىدىن تاياق
يېگەن بولسۇن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ.
قارشى تەرەپنىڭ قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كېلىشى بىلەن
ئاQ قەدەممۇ قەدەم چېكىنىپ يول قويىدۇ-دە، ئۆزىنى
ھايۋانغىمۇ يەتمەيدىغان قوڭغۇزغا ئوخشاش بىلىدۇ.
ئاQ ھەتتا «ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتەلەيدىغان بىرىنچى
ئادەممەن» دەپ پەخىرلىنىدۇ.

ئۇ قىمار ئويناپ ئالدام خالتىغا چۈشۈپ تاياق
يېگەندە، ئۆز كۆڭلىدە «مەغلۇپ بولۇشنىڭ ھەسرىتىنى
چېكىدۇ.» لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ كاچىتىغا قاتتىق ئۇرىدۇ-
دە، گويا باشقىلارنى ئۇرغاندەك ھېس قىلىپ، شۇنىڭ
بىلەن «مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇپ» كۆڭلى
قانائەت تاپىدۇ. ئاQ ياۋاشنى بوزەك ئېتىپ يامانىدىن
قورقۇپلا قالماستىن. بەلكى يەنە ئىنتايىن ئۇنتۇغاق.
ئۇ ئۆلگىرى - ئاخىر بولۇپ «ئەجەبىي شەيتان» بىلەن
ساقاللىق ۋاڭدىن تاياق يەپ بۇنىڭغا خورلۇقى كېلىدۇ،

ئەمما ياش بۇۋدىن ئاچچىقىنى چىقىرىپ ئىنتىقامىنى ئالغاندەك بولۇپ قالىدۇ- دە، ساقاللىق ۋاڭ بىلەن يالغان ئەجنەبىي شەيتاندىن يېگەن تاياقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئاQ نىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىكى تا ئۆلگىچە ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ چەمبەر سىزىقىنى يۇپيۇمىلاق سىزالمىغىنى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدۇ، لېكىن «مېنىڭ نەۋرىلىرىم چەمبىرەكنى يۇپيۇمىلاق سىزالايدۇ» دەپ ئويلىغىنىدا، يەنە خاتىرجەم بولۇپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ. بۇ ئاQ روھىي غالىبىيەتچىلىكىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى.

ئاQ نىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىكى توغرىسىدا كۆپ يىللاردىن بۇيان ئوخشاشمىغان چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ «خەلق» نىڭ «روھىي» نىڭ «ئاجىزلىقى» توغرىسىدىكى چۈشەنچە بىلەن «روھىي غالىبىيەتچىلىكنىڭ سىنىپىيلىكى بارمۇ-يوق» دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن مۇنازىرىلەر بولدى.

«خەلق» ھەرقايسى سىنىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «خەلقنىڭ روھى» مۇ خىلمۇ خىل بولىدۇ. لۇشۈن «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» نى يازغان ۋاقىتتا «خەلقنىڭ خاراكتېرى» توغرىسىدا ئېيتقانلىرى خېلىلا ئابستراكت بولۇپ قالغان، ئېنىق بولمىغان. لۇشۈن ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو خەلقىنىڭ «روھى» نىڭ پاسسىپ تەرەپلىرىنى كۆپرەك كۆرۈپ، ئاكتىپ تەرەپلىرىنى ئازراق كۆرگەن،



بۇ لۇشۈننىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئىدىيىسىنىڭ چەكلىمىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەمما لۇشۈن كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» «خەلقنىڭ ئاجىزلىقىنى پاش قىلىدۇ» دەپ تونۇپ، ئىدىيە جەھەتتە زور دەرىجىدە ئالغا باستى. بۇ يەردىكى «ئاجىزلىق» نى «پاش قىلىش» خەلقنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ھەرگىز ئىنكار قىلالمايدۇ، شۇڭا ئۇ بىر تەرەپلىمىلىكتىن تولۇق خالىي بولدى.

لۇشۈن ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە مۇددىئاسى جەھەتتە «خەلقنىڭ ئاجىزلىقىنى پاش قىلىشنى ئويلاپ» ئاQ نىڭ ئومۇمىيلىقىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە ئۈنۈمى جەھەتتە ئاQ دىن ئىبارەت بۇ قالاق دېھقاننىڭ بەدىئىي تىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ ئومۇملۇق بىلەن خاسلىقنىڭ بىرلىكىنى گەۋدىلەندۈردى. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە زىتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۇلار زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. ئاQ دىن ئىبارەت بۇ قالاق دېھقاننىڭ تىپىك خاراكتېرى ئارقىلىق «خەلقنىڭ ئاجىزلىقى» دىن ئىبارەت بۇ ئومۇملۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. لۇشۈن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئاQ نىڭ بەدىئىي تىپىنى يارىتىشتا، ئۆزىنىڭ تىپقا بولغان يېتىشسىزلىكلىرىنى تولدۇردى.

بىزنىڭچە روھىي غالىبىيەتچىلىك ھەرقايسى سىنىپلاردا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. بۇنىڭ مەنبەسىنى مەنمەنچى ۋە ئاجىز چىرىك ھۆكۈمران سىنىپلاردىن كەلگەن دېيىش كېرەك. لۇشۈن پاش قىلماقچى

بولغان «خەلقنىڭ ئاجىزلىقى» روھىي غالىبىيەتچىلىكنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، لېكىن ئاQنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھىي غالىبىيەتچىلىكنى يەنىلا ئۇنىڭ ئالاھىدە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئاQنىڭ دەل ئاشۇ روھىي غالىبىيەتچىلىكى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئومۇمىيلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئاQنىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىكى ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن ئۇنىڭغا تېڭىلغان بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمران سىنىپلار ئاڭ - پىكرىنىڭ بىر قىسمى، ئەمما ئاQنىڭ ۋۇجۇدىغا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن نامرات دېھقاننىڭ سىنىپىي تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئاQنىڭ قالاق، ئويغانمىغان دېھقانلارنىڭ بەدىئىي تىپى بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە.

(2) فېئودال ئۇرۇقداشلىق تۈزۈم تەنقىد قىلىنغان

ئاQ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە ياشىغان بولۇپ، بۇ جۇڭگو جەمئىيىتى يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق ھالغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى ئەڭ زۇلمەتلىك يىللار ئىدى. ئاQ قاتمۇ قات زۇلۇم ۋە ئاسارەتلەر ئىچىدە جان تالاشسىمۇ، ئۇ ھامان ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ھەم مۇقەررەرلىككە ئىگە.

ۋېيجۇاڭ يېزىسىدا ئاQ دەھشەتلىك سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە ھەم زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇنىڭ باش



تىققۇدەك ئۆيى ھەم بىر يارماق پۇلىمۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش ۋە بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇشقا ئامالسىز قېلىپ ئىبادەتخانىدا يېتىپ - قوپۇپ بويتاق ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئاQنىڭ «بەلگىلىك بىر كەسپىمۇ يوق». ئۇ باشقىلارغا ياللىنىپ كۈنلۈك ئىشلەيدۇ. ئورما ئورىدۇ، گۈرۈچ ئاقلايدۇ، قولۋاق ھەيدەيدۇ...ئۇ ئەنە شۇنداق «ئىشقا چېۋەر» لىكىگە قارىماي، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش ئېھتىياجىنىمۇ قامدىيالمايدۇ، لېكىن جاۋ بېگىم بۇنىڭغا قانائەتلەنمەي، يەنە «قائىدىنى بۇزۇپ» چىراغ يېقىپ ئاQ نى كېچىلىرىمۇ ئىشلەشكە مەجبۇرلايدۇ. ئاQ ۋۇماغا «مۇھەببەت باغلاپ» ۋۇجۇدقا چىققان ئىلمىنادىن كېيىن، تېخىمۇ كۆلپەتلىك تەقدىرگە ئۇچرايدۇ. تاياق يەيدۇ، ئىش ھەققى بىلەن بىردىنبىر كۆڭلىكى تۇتۇپ قېلىنىدۇ، ئاچكۆز دورغا «شاراپ پۇلى» دەپ ئۇنىڭ تۆت يۈز يارماق پۇلىنى تارتىۋالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئا Q جاۋ ئائىلىسىگە بېرىپ گۇناھىنى تىلەيدۇ ھەمدە ۋۇمانى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن يالىدۇرۇش ئۈچۈن موللا چاقىرىش خىراجىتىگە ئىككى يۈز يارماق تۆلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم ئىشلەتمەيدۇ. مانا بۇلاردىن بىز ئاQنىڭ ئەمگەك كۈچىنى سېتىپ كۈن كەچۈرىدىغان يالانما دېھقان، ماكانسىز سەرگەردان، پومېشچىكلار سىنىپى ھايۋان قاتارىدا كۆرىدىغان قول ۋە يېزىدىكى ئەڭ تۆۋەن قاتلامدا ياشايدىغان نامرات پرولېتار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

لۇشۈن «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» دېگەن ئەسەردە فېئودال ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ تۈۋرۈكى

بولغان كۆكزى -مېڭزى يولىنىمۇ چوڭقۇر پاش قىلغان
هەم تەنقىد قىلغان، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار-
نىڭ ئائىلە نەسەب شەجەرىلىرى بولىدۇيۇ، لېكىن
ئاQ نىڭ ھەقىقىي ئىسىم - فامىلىسى بىلەن يۇرت ماكا-
نىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشقا مۇمكىن بولمايدۇ. بىر
قېتىم ئاQ «ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە، مەن جاۋ بېگىمگە
تۇغقان كېلىمەن» دېگەندە، جاۋ بېگىم قاتتىق غەزەپلە-
نىپ، ئۇنىڭغا بىر كاچات سالىدۇ ۋە «سېنىڭ فامىلەڭ
قانداقسىغا جاۋ بولسۇن! نەرىڭ بۇنداق فامىلىگە لايىق
بولسۇن!» دەيدۇ.

دېمەك، بىر ياللانما دېھقان جاۋ فامىلىسىنى قول-
لىنىش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنىدۇ. فېئوداللىق دە-
رىجە تۈزۈمى نېمىدېگەن قاتتىق - ھە؟! ۋېيجۇاڭدا
كۆكزى - مېڭزى يولى فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ تىل-
تۇمارى بولۇپ، ئۇ بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىدىيىلىرىنى
ھەممە ئىشتا «پەيغەمبەر - ئەۋلىيالارنىڭ كالام تەزكى-
رىلىرى» گە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ھەتتا
ئاQ مۇ دەسلەپتە «ئىنقىلابچىلارنىمۇ ئىسيانچىلارغا ئوخ-
شاش دەپ ھېسابلايتتى. ئىسيانچىلار بولسا ئاQ غا ياق-
مايتتى.» دېمەك، كۆكزى - مېڭزى يولى خۇددى كۆزگە
كۆرۈنمەيدىغان ئارغامچىغا ئوخشاش، ئەمگەكچى خەلقنىڭ
ئىدىيىسىنى چىڭ باغلىۋالغانىدى. لۇشۈن بۇ ئەسىرى
ئارقىلىق، كىشىلەرگە «ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ھاسىل
بولغان ئېگىز تام» — كۆكزى - مېڭزى يولىنى تەنقىد
قىلماي ۋە بۇ روھىي كىشەننى پاچاقلاپ تاشلىماي



تۇرۇپ، فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرغىلى بولمايدىغانلى-
قىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

(3) شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي قىياپىتى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن

«ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» جەمئىي توققۇز
باب بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈچ بابىدا ئۇقتىلىق ھالدا
شىنخەي ئىنقىلابى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ خەۋىرى
ۋېيجۇاڭ يېزىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئۇشتۇمتۇت ئەھۋال
فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنى قاتتىق ئالاقزادە قىلى-
ۋېتىدۇ. شەھەر - بازارلاردىكى چوڭ، كىچىك لويىلارنىڭ
ھەممىسى مال - مۈلۈكلىرىنى يۆتكەپ قېچىشقا تەييار-
لىنىدۇ. بۇ چاغدا جاۋ بېگىم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى جاۋ
شيۇسەي ئادەتتىكىدىن باشقىچە ھالغا كېلىپ، ئاQ غا
خۇشامەت قىلىپ، ئۇنى «ھۆرمەتلىك ئاQ»، «بۇرادەر
ئاQ» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتايدۇ. ئۇزاق
مۇددەت ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان ۋە چەكسىز خور-
لانغان ئاQ مۇشۇ بىردەملىك زور جاھان ئۆزگىرىشى
جەريانىدا، گەرچە ئىنقىلابنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشە-
نىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلابنىڭ ئۆزىگە
پايدىلىق ئىكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ «ئىنقىلاب بولسا بولسۇن، بۇ ئاتاڭنى... لارنىڭ
جېنىنى ئالسۇن، بۇلار تولىمۇ يامان، قورقۇپ كەتسۇن!»
دەيدۇ.

فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار ئىنقىلابتىن قورقىدۇ.

ئاQ بولسا ئىنقىلابنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن روشەن سېلىشتۇرما – ھە؟! بۇ ئىككى قارىمۇ قارشى سىنىپنىڭ ئىنقىلابقا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىكى روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، بۇ سېلىشتۇرما ئامرات دېھقانلارنىڭ جۇملىدىن ئاQ غا ئوخشاش ئويغانمىغان، قالاق دېھقانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتە شىنخەي ئىنقىلابىغا باغلىغان ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

لېكىن ئىش ئارزۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ. شىنخەي ئىنقىلابى گەرچە چىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە ئالاھىدە ئۆزگىرىش ياسىيالمايدۇ: «ئامبال ئۆز ئورنىدا قالىدۇ.» «چېرىكلەرگە يەنە ئاۋۋالقى مىڭبېشى باشچىلىق قىلىدۇ». بەي جۈيرېن «خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسى» بولىدۇ... شۇڭا بۇ ئەسەرنى شىنخەي ئىنقىلابى مەغلۇبىيىتىنىڭ ئوبرازلاشقان خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ.

(4) ئاQدىن ئىبارەت قالاق دېھقاننىڭ بەدىئىي تىپى يارىتىلغان

ئاQ — شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى جوڭگو يېزىلىرىدا ياشىغان، ئويغانمىغان، قالاق دېھقانلارنىڭ بەدىئىي تىپى. ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بار:

بىرىنچى: ئاQ دىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي تىپ سىنىپتىن تاشقىرى ئەمەس. ئۇ بىر سەرگەردان ياللانما دېھقان بولۇپ، كېيىنچە «ھۆرىيەتچى» بولۇپ قالىدۇ،



ئەمما ئۇ ئىنقىلاب قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان يالغان ئەجنەبىي شەيتاننىڭ رەت قىلىشىغا، يەنى ئىنقىلاب قىلدۇرماسلىقىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى ھېچبىر گۇناھسىزلا ئېتىپ تاشلىنىپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ.

لۇشۈن «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىدە، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، بۇ تارىخنىڭ كەڭ مەنزىرىسىنى بەدىئىي يوسۇندا شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى جوڭگو دېھقانلىرىنىڭ قالاق قىسمى بىلەن ئوخشاش سىنىپىيلىككە ئىگە قىلغان. ئاQ نىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىكى پەۋقۇلئاددە سەرگۈزەشت، مۇھىت ۋە تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ قالاق دېھقانلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ھەم خاسلىقىغا ئىگە.

ئىككىنچى: ئاQنىڭ خاراكتېرى قالاق دېھقانلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇ نادان، قۇۋ، تەكەببۇر ۋە قورقۇنچاق، خارلانغۇچى شۇنداقلا ئۇنتۇغاق. ئۇ كۈچلۈكلەردىن قورقىدۇ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ، بۇ خىل خاراكتېر ھەم قارىمۇ قارشىلىققا، ھەم بىرلىككە ئىگە. مۇنداق خاراكتېر ئىلغار دېھقانلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى بىلەن يىخېتۇەن ھەرىكىتى ۋە شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ھەرقايسى جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ ستىخىيىلىك كۈرەشلىرى، جوڭگو ئىلغار دېھقانلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە

ۋە فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇشتىكى كۈچلۈك ئارزۇسى
بىلەن تىللاردا داستان قىلىنغۇدەك جەسۇرانە كۈرەش
روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ دېھقانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن
قۇللۇق خاراكتېرىنى ۋە ئاQ نىڭكىگە ئوخشاش روھىي
غالىبىيەتچىلىكنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە،
لۇشۇن جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ ئىلغارلىق تەرەپلىرىنى
كۆپرەك كۆرەلىگەن، شۇڭا ئاQ جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ
تىپى ئەمەس. بەلكى شىنخەي ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى
قالاق، ئويغانمىغان دېھقانلارنىڭ تىپى بولالايدۇ.

ئۈچىنچى: ئاQ نىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىكىدە
ئۇنىڭ ئۆز تەبىقىسىنىڭ تامغىسى بار، شۇنداقلا ئۇنىڭ
ئۆزىنىڭ خاسلىقىمۇ بار. بۇ خاسلىق يەنە ھۆكۈمران
سىنىپلار ۋە باشقا سىنىپلاردىمۇ بولىدىغان روھىي غالى-
بىيەتچىلىكتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن.
بۇ سىنىپلاردا ئىپادىلەنگەن روھىي غالىبىيەتچىلىكنىڭ
يەنە ئۆز سىنىپىيلىكى ۋە ئۆز خاسلىقى بولىدۇ. مۇشۇ مەنى-
دىن ئېيتقاندا، ئاQ دىن ئىبارەت بۇ قالاق دېھقاننىڭ
تىپى مەلۇم جەھەتلەردە ئۇنىڭ ئۆز سىنىپىدىن ھالقىپ
ئۆتۈپ، ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بەدىئىي
تىپقا ئايلانغان. ئۇ گويا بىر تارىخىي ئەينەكتەك ھەر-
قايسى سىنىپلارنىڭ يۈزىدىكى كىر ۋە داغلارنى ھەمدە
«خەلقنىڭ ئاجىزلىقى» نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، ئاQ گەرچە،
ئويغانمىغان قالاق دېھقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ فېئودال
ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زۇلۇم، خورلۇقلىرىغا ئەڭ
چوڭقۇر ئۇچرىغان ياللانما دېھقان بولغاچقا، ھۆكۈمران



سىنىپلار بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدىن زىددىيەت
مەۋجۇت. شۇڭلاشقا ئۇ قالاق بولسىمۇ، يەنىلا ئىنقىلاب
قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئاQ نىڭ خاراكتېر ئالاھىدى-
لىكىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تەرەپ بولۇپ، ئاQ نىڭ ئىن-
قىلاب يولىغا مېڭىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
لۇشۇن 1926 - يىلى يازغان «ئاQ نىڭ رەسمىي
تەرجىمىھالى› نىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش سەۋەبلىرى» دېگەن
ماقالىسىدا، ئاQ ئىنقىلابچى بولۇشنى بىلەمدۇ - بىلمەم-
دۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق كۆرسەت-
كەن: «مېنىڭ پىكرىمچە، جۇڭگو ئىنقىلاب قىلمايدىكەن،
ئاQ ئىنقىلابچى بولمايدۇ. ئىنقىلاب قىلىدىكەن، ئىنقى-
لابچى بولىدۇ. مېنىڭ ئاQ يىمنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنداق
بولىدۇ»، بىراق فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار دېھقان-
لارنى ئىندىيە جەھەتتە چوڭقۇر زەھەرلىگەنلىكى ئۈچۈن،
ئاQ نىڭ ئىنقىلابىيلىقى تەبىئىي ھالدا قاتتىق چەكلى-
مىگە ئۇچرايتتى، شۇڭا ئاQ پەقەت ئىلغار سىنىپ ۋە سى-
ياسىي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ھەم تەربىيىسىگە ئىگە
بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئىنقىلابىيلىقى ستىخىيلىك
شەكىللىنىش باسقۇچىدىن تەرەققىي قىلىپ، ئاڭلىقلىق
دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەتتى، ئەمما ئاQ كونا دېموكراتىك
ئىنقىلاب مەزگىلىدە ياشىغان. كونا دېموكراتىك ئىنقى-
لابقا رەھبەرلىك قىلغۇچى بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئام-
مىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك ئاجىزلىقى ۋە ئەمگەكچى
خەلققە دۈشمەنلىك بىلەن قاراشتەك ماھىيىتى بولغاچقا،
ئۇلار خەلققە رەھبەرلىك قىلالمايتتى، خەلقنى تەربىي-

لەش ۋەزىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالالمايتتى. بۇ ۋەزىپە
كېيىن تارىخىي يوسۇندا پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ ئاۋانـ
گارت تەشكىلاتى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
زىممىسىگە چۈشتى، بىراق ئاQ ياشىغان مەزگىلدە،
جۇڭگو پرولېتارىياتى سىنىپى تېخى رەسمىي سىياسىي سەھـ
نىگە چىقمىغان ئىدى. مانا بۇ ئاQ پاجىئەسىنىڭ تارىخى
مەنبەسى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئۆزۈل - كېسىل بولـ
مىغانلىقى ۋە فېئودال هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قانخورـ
لۇقى بولسا، ئاQ پاجىئەسىنىڭ سىنىپىي مەنبەسىدۇر.
ئاQ ئوبرازىدا لۇشۈننىڭ ئىنقىلابىي روھى بىلەن
كۈچلۈك مۇھەببەت - نەپرىتى روشەن هالدا گەۋدىلەنـ
گەن. لۇشۈن ئاQ نىڭ قالاقلىقىنى تەنقىد قىلىش ئارقىـ
لىق جۇڭگو خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگو دېهقانلىرىنىڭ
ئويغىنىپ، ئىنقىلابىي كۈرەش يولىغا مېڭىشىنى قىزغىن
ئۈمىد قىلدى، شۇنداقلا يەنە ئاQ نىڭ كۈچلۈك ئىنقىلاب
قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، كەڭ نامرات
دېهقانلارنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرـ
رۈپ، دېهقانلار سىنىپىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ ئىكەنـ
لىكىنى هەمدە ئۇلار جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ هەرىكەتلەنـ
دۈرگۈچى كۈچى بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتـ
لىدى. دېهقانلار مەسىلىسىنىڭ جۇڭگو دېموكراتىك
ئىنقىلابىدىكى تۈپ مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ،
دېهقانلارنى هەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە ئۇلارغا رەهبەرلىك
قىلىپ، دېهقانلارنى دېموكراتىك ئىنقىلابقا قاتناشتۇـ
رۇشنىڭ مۇهىملىقىنى ۋە زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر



چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئەتىجىدە بۇ ئەسەر ئەينى
ۋاقىتتا غايەت زور رېئال ئەهمىيەتكە ئىگە
بولغان.

(5) فېئودال پومېشچىكلار ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي
ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ تىپىك ئوبرازى يارىتىلغان

«ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىهالى» دېگەن ئەسەرـ
دىكى جاۋ بېگىم بىلەن يالغان ئەجنەبىي شەيتان، فېئوـ
دال پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن ئىنقىلاب قوشۇنىغا
سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئەكسىلئىنقىلابىي ئىككى يۈزلـ
مىچىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر.

جاۋ بېگىم — دېهقانلارنى دەهشەتلىك ئەزگەن
ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ياۋۇز پومېشچىك. جاهانـ
گىرلىك بىلەن فېئودالىزمنىڭ جۇڭگوغا هۆكۈمرانلىق
قىلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسى ۋە بارلىق ئەكسىيەتچى
ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ۋېيجۇاڭدىكى باش ۋەكىلى.
ئۇنىڭ بىلەن ئاQ نىڭ زىددىيىتى، يېزىدىكى مۇستەملىكە
ۋە يېرىم فېئوداللىق كونا جۇڭگو يېزىلىرىدىكى پومېشـ
چىكلار سىنىپى بىلەن دېهقانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەتنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى. شىنخەي ئىنقىـ
لابىدىن بۇرۇن، جاۋ بېگىمنىڭ ئاQ نى ئېزىشى ۋە
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ئىنتايىن دەهشەتلىك بولۇپ،
ئادەمنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئۇ سىياسىي
جەهەتتە، ئاQغا قىلچە كىشىلىك هوقۇقى بەرمەي، هەتتا

ئۇنىڭ ئۆز فامىلىسىنى قوللىنىشىغىمۇ يول قويمىغان.
ۋېيجۇاڭ يېزىسىدىكى دېھقانلار جاۋ بېگىمنىڭ ئۆكتەمـ
لىكىدىن قورقۇپ، ئاQ نى يالـلاپ ئىشلىتىشكە جۈرئەت
قىلالمىغان. ئىقتىسادىي جەھەتتە، جاۋ بېگىم ئاQ نى
دەھشەتلىك ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئۇنىڭ كىيىم -
كېچەكلىرىگىچە تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئىنتايىن قىيىن ئەھـ
ۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغانـ
دىن كېيىن، جاۋ بېگىم ئىنقىلاب خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئاۋۋال
بەكمۇ قورقۇپ كېتىدۇ ۋە شۇ قورقۇنچ ۋەھىمە ئىچىدە
ئاQ نى «ھۆرمەتلىك ئاQ»، «بۇرادەر ئاQ» دەپ ئاتاپ،
ئۇنىڭغا ئاشكارا خۇشامەت قىلىدۇ، ئەمما ئىنقىلابنىڭ
ئۆزگىچە تەگمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال
تەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ئاQ غا ئۇن ھەسسە ئۆچـ
مەنلىك ۋە يۈز ھەسسە غالجىرلىق بىلەن قايتۇرما
ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىر ئاQ غا «بۇلاڭچى» دېگەن
بەتنامىنى چاپلاپ، يۇقىرى - تۆۋەندىكى فېئودال ھۆكۈمـ
رانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاQ نى ناھەق
ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. لۇشۈن ئەنە شۇنداق تىپىك ۋەقەلەر
ئارقىلىق جاۋ بېگىمنىڭ رەھىمسىز، ھىيلىگەر ۋە ئاچـ
كۆز خاراكتېرىنى كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈپ، پومېشچىكـ
لار سىنىپىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ
تاشلىغان.

يالغان ئەجنەبىي شەيتان — ئەكسىلئىنقىلابىي ئىكـ
كى يۈزلىمىچىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ بۇرۇن ياپو-
نىيىگە بېرىپ ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن ئېغىز -



بۇرۇن يالىشىپ، جۇڭگوخەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىـ
كەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ،
لېكىن ئىنقىلابچىلارنىڭ «چاچ كېسىش ھەرىكىتى» دىن
قورقۇپ قېچىپ كەتكەن. كېيىن ۋېيجۇاڭنى بازا قىلىپ،
يوشۇرۇن ھالدا ۋەتەن ساتقۇچلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن
شۇغۇللانغان. ئۇ شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغاندىن
كېيىن، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، ئىنقىلاب قوشۇنىغا
سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، ئىنقىلابقا ۋە خەلققە نىسبەتەن
ئىككى يۈزلىمىلىك ئۇسۇل قوللىنىدۇ. خانىقاغا بې-
رىپ، «ياشىسۇن پادىشاھ» دېگەن يېزىق نەقىش قىلىنـ
غان «شاھانە تاختا» نى چېقىۋېتىپ، قېرى بۇۋىنى قاتـ
تىق ئۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى «كەسكىن ئىنقىـ
لابچى» قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئارقىدىنلا شەھەر، يېزىلار
ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ، جاۋشيۇسەينىڭ ھۆرىيەتچىـ
لەر پارتىيىسىگە كىرگەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ، فېئوـ
دال قارا كۈچلەر بىلەن مۇقەددەس ئىتتىپاق تۈزىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋېيجۇاڭدىكى بىردىنبىر «ھەقىـ
قىي ئىنقىلابىي پارتىيە» كىشىسى بولۇپ قالىدۇ. يالـ
غان ئەجنەبىي شەيتان ھە دېسىلا پو ئېتىپ، يالغاندىن
تارىخ ياساپ، ئۆزىنى ئىنقىلابنىڭ سەركەردىسى قىلىپ
پەردازلايدۇ. ئۇ مانا شۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ
ئىنقىلابقا بولغان دۈشمەنلىك قارىشىنى ۋە ئىنقىلابقا
بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك يامان غەرەزلىرىنى يېپىشقا
ئۇرۇنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئاQ يالغان ئەجنەبىي شەيـ
تاننىڭ ئىككى يۈزلىمىچىلىك ماھىيىتىنى كۆرەلمەي،

ئۇنى «ھەقىقىي ئىنقىلابچى» دەپ قارايدۇ ــ دە، ئاگىمىز ھالدا ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. نەتىجـ ده، يالغان ئەجنەبىي شەيتان غەرەزلىك ھالدا ئاQ نىڭ ئىنقىلاب قىلىش تەلىپىنى بوغۇپ، ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قوشۇلۇشىغا يول قويمايدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ «ئۇن چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە، لۇشۈنـ نىڭ «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» دېگەن ئەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: ئۇ «ئىنقىلابقا قوشۇلۇشقا يول قويمىدى»، دېگەن مەخسۇس بىر بابنى يېزىپ، يالغان ئەجنەبىي شەيتاننىڭ ئاQ نىڭ ئىنقىلاب قىلىشىغا يول قويمىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئەمەلىيەتـ تە مۇشۇ ۋاقىتتا ئاQ نىڭ قىلماقچى بولغان ئىنقىلابى باشقىلارغا ئوخشاشلا ئاز ــ پاز نەرسىگە ئىگە بولۇشنىلا كۆزـ لىگەن ئىنقىلاب ئىدى، خالاس. بىراق مۇشۇنداق ئىنـ قىلابقىمۇ يالغان ئەجنەبىي شەيتان يول قويمىغان.» يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزى بىزنىڭ يالـ غان ئەجنەبىي شەيتاننىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ماھىيىتىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزدا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. لۇشۈن يالغان ئەجنەبىي شەيتان ئوبرازى ئارقىلىق ئەكسىلئىنـ قىلابىي ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ ئىنقىلابقا ۋە خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، ئىنقىلاب غەلىبىسىرى راۋاجلىنىۋاتقان ۋەزىيەتتە، بۇرـ ژۇئازىيىنىڭ ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ ئىنقىلاب قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇنىڭ ئىنقىلابىي



خەلقنىڭ بۇرژۇئازىيە قارا نىيەتچىلەرگە قارىتا يۇقىرى دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي ئىككى يۈزـ لىمىچىلەرنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىدە ھايەت زور رېئال ئەھمىيىتى بار. شۇڭا ئەجنەبىي شەيتان ئوبرازى ھازىرغا قەدەر ئەكسىلئىنقىلابچى ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ جانلىق تىپى بولۇپ، ئىنقىلابىي خەلق ئۇنى بۇ خىل رەزىللىكىنى ئېچىپ تاشلاشنىڭ قورالى سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلمەكتە.

4

«ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمھالى» بەدىئىيلىك جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) پېرسوناژلار ئوبرازى جانلىق، كونكرېت ھەم تەسىرلىك

بۇ ئەسەردە ئاQ، جاۋ بېگىم، يالغان ئەجنەبىي شەيتان، ۋۇما، شاۋD، ساقاللىق ۋاڭ، ياش بۇۋى، زۇچى ئايىم، جاۋ تەيتەي قاتارلىق ئون نەچچە پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان، لېكىن ئۇلار ئىچىدە ھەممىدىن بەك جانلىق، كونكرېت ھەم تەسىرلىك تەسۋىرلەنـ گىنى ئاQ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن خاسلىققا ھەم ئومۇمىيلىققا ئىگە تىپىك ئوبرازدۇر. ئاQ دىن ئىبارەت بۇ يالانما دېھقان ئوبرازىدا، كونا جۇڭگو دېھقانلىرىـ نىڭ ئاددىي ــ ساددا، چىداملىق، ئەمگەكچان خىسلىتى

ۋە قۇللۇق تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدىغان
كۈچلۈك ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن. شۇنداقلا يەنە فېئودال
ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ قاتتىق چىرىتىشىگە ئۇچرىغان
قالاق دېھقانلار سىنىپىنىڭ زۇلۇم ۋە خورلۇقلارغا دا-
دىل قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىدەك ئورتاق
ئاجىزلىقىمۇ ئىپادىلەنگەن، شۇڭا ئاQ جۇڭگو ئەدەبىياتىدىلا
ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ مەڭگۈ چاقناپ
تۇرىدىغان ئۆچمەس تىپ بولۇپ قالدى.

لۇشۈن ئاQ ئوبرازىنى يارىتىشتا، ئۇنى ئادەتتىن
تاشقىرى كەڭ بولغان تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە
ئىجتىمائىي شارائىت ئىچىگە قويۇپ، ئاQ نىڭ ھەرقايسى
سىنىپ ۋە شەخسلەر بىلەن بولغان زىددىيەت توقۇنۇش-
لىرىدىن ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدى-
لەندۈرۈپ، ئۇنىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىكىنى ئوخشىمى-
غان تەرەپلەردىن تولۇق ئېچىپ بەرگەن. مەسىلەن، ئاQ جاۋبې-
گىم، چيەن بېگىم، جاۋشيۇسەي قاتارلىق مۇتلەق ھوقۇق كۈ-
چىگە ئىگە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قاتتىق زۇلۇم خور-
لۇقلىرىغا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت
قىلالمايدۇ. جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى ئۆزىنىڭكى-
دىن تۆۋەن بولغان ساقاللىق ۋاڭغا ئوخشاش كىشىلەر
ئالدىدا بولسا ئۆزىنى ئابرويلۇق ھېس قىلىدۇ. شاۋD
ۋە ياش بۆۋىگە ئوخشاش ئاجىزلارنى قەستەن بوزەك
قىلىپ، باشقىلاردىن كۆرگەن خورلۇقىنىڭ ئاچچىقىنى
چىقىرىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئاQ مەغلۇبى-
يەتكە ئۇچرىغانھامان ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن غەلىبىگە



ئېرىشكەندەك ھېس قىلىپ، مۇشۇنداق بىمەنە روھىي
غالىبىيەتچىلىك ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى قانائەتلەندۈ-
رىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاQ نىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ
تەكەببۇرلۇق قىلىش، ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش، ياما-
دىن قورقۇپ ئاجىزنى بوزەك قىلىش ھەمدە گالۋاڭ،
ئۇنتۇغاقلىقتەك روھىي ھالىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ.
لۇشۈن ئاQ نى شىنخەي ئىنقىلابى جەريانىغا قويۇپ
تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلى-
كىنى كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرگەن. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ
دولقۇنىدا، ئاQ دا ھۆكۈمران سىنىپلارغا نىسبەتەن
قارشى تۇرۇش سېزىمى تۇغۇلىدۇ. ھەتتا ئۇ ئىنقىلابتىن
قورقۇپ ئالاقزادە بولۇۋاتقان جاۋ بېگىم ئېقىمىدىكىلەرنى
مەنسىتمەي، زورلۇق كۈچ ئارقىلىق جاۋ بېگىم ئائىلىسى
ئىگىلىۋالغان مال - مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇۋېلىش خام خى-
يالىدا بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاQ شىنخەي ئىنقى-
لابىنى چۈشەنمىگەن بولغاچقا ئىنقىلابچىلارنى «ئىسيان-
چىلار بىلەن ئوخشاش دەپ ھېسابلايتتى. ئىسيانچىلار
بولسا ئاQ غا ياقمايتتى.» شۇڭا ئۇ ئىنقىلابىي پارتىيىگە
ئەگەشمەي، ئەكسىچە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ
ئىنقىلاب قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئەجنەبىي شەي-
تاندەك ئېزىتقۇلاردىن پاناھ ئىزلىمەكچى بولىدۇ. ئاQ يال-
غان ئەجنەبىي شەيتاننىڭ سۆيىقەستى بىلەن قاماققا ئېلى-
نىپ، تاكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانغا قەدەر، يەنىلا ئۆزى-
نى سوراق قىلغان فېئودال ئەمەلدارلارنى ئۆزىنىڭ
دەرد- ئەلەملىرىنى ئېيتىشقا بولىدىغان كىشىلەر دەپ

قارايدۇ. ھانا بۇلار ئاQنىڭ ئىنقىلاب قىلىش تەلپى بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلابنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاخىر ئېچىنىشلىق ھالدا ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىغان خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا لۇشۈن خىلمۇ خىل تىپىك ۋەقەلەر ئىچىدە ئاQ نىڭ ئەڭروشەن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ھەرىكىتىنى ۋە تولۇق ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان (خاسلاشتۇرۇلغان) تىپىنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەپ، ئاQ نىڭ «نام ـ ئەمەلى» گە بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىنچىكە سۈرەتلىگەن. مەسىلەن، ئاQ نىڭ ساقاللىق ۋاڭ تەرىپىدىن تامغا ئۇستۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ بىر تىپىك ۋەقەلىك، ئاQ نىڭ ئۆزىگە خاس ھەرىكىتى، تىل پىسخىكىسى ۋە ئاجىزنى بوزەك قىلىپ يامانىدىن قورقىدىغان، يېڭىلسىمۇ يەنىلا ئۆزىنى يەڭگەن ھېسابلايدىغان روھىي غالىبىيەتچىلىك خۇسۇسىيىتىنى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلىگەن.

يۇقىرىدىكى تەھلىلدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، لۇشۈن ئاQ نىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىشتا، ھېكايە ۋەقەلىكىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن خاس خاراكتېرنى تەسۋىرلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، ۋەقەلىك شەخسلەر خاراكتېرى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىدىن ئىبارەت ئىككىلىكىنى ھەقىقىي يوسۇندا گەۋدىلەندۈرگەن. ئاQ نىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىكىنى ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايـ



دىغان مۇقەررەرلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن، شۇڭا ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاQ نىڭ خاراكتېرىمۇ بارغانسېرى روشەنلىشىپ، خاسلىشىپ ۋە تىپىكلىشىپ بارغان.

(2) تەپسىلاتلار تەسۋىرى چىن ۋە ئىشەنچلىك

«ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دىكى تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئىنتايىن چىن ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ، ئۇلار سيۇژېتنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئوبراز يارىتىش ھەم مەركىزدي ئىدىيىنى ئىپادىلەشنىڭ سىپىگە تولۇق بويسۇندۇرۇلغان. تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئاQ نىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكەن. مەسىلەن، ئاQنىڭ بېشىدىكى سۆس، سارغۇچ چېچى، ئۇنىڭ ئورۇق ھەم ھارغىن قىياپىتىنى سۈرەتلەشكە تازا ماس بولۇپ، ئاQنىڭ ئۇزۇقلىنىشى ئىنتايىن ناچار بولغان نامرات تۇرمۇشتا ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاQنىڭ بېشىدىكى تەمرەتكىنىڭ تاتۇقلىرى ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى خۇدۇكسىنىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ جىسمانىي كەمچىلىكلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە يوشۇرۇشقا تىرىشىدىغان، ئەمما «خۇدۇكۇمگە تېگىدىغان سۆز ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپ قالمىسۇن دەپ» قاتتىق ئېھتىيات قىلىدىغىنى بىلەن «ئۆزىنىڭ ئويلىغان ئويىنى كېيىنچە ئۆزى ئېيتىپ» سالىدىغان «روھىي جەھەتتىكى غالىبلىق مىجەزى» نى ئەينەن ئېچىپ بېرىدۇ. يالغان ئەجنەبىي شەيتاننىڭ قولـ

دىكى سىرلانغان تاياق گەرچە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە بىر تەپسىلاتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەردىكى رولى ناھايىتى چوڭ. يالغان ئەجنەبىي شەي-تاننىڭ قولىدىكى سىرلانغان تاياق بۇ ئەكسىيەتچى ئەبلەخنىڭ ئەمگەكچى خەلققە نىسبەتەن داۋاملىق زوراۋانلىق قىلىشۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلى بولۇپ، ئۇ يالغان ئەجنەبىي شەيتاننىڭ چەت ئەلگە قۇللارچە چوقۇنۇپ، ئەجنەبىي ئالۋاستىلارغا خۇشامەت قىلىدىغان رەزىل قىياپىتىنى ۋە زومىگەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ بې-رىدۇ. ئاQنىڭ بۇ سىرلانغان تاياقنى «ماتەم ھاسىسى» دەپ ئاتايدىغانلىقى بولسا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ يالغان ئەجنەبىي شەيتاندىن ئىبارەت بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي ئىككى يۆزلىمىچى ئۇنسۇرغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ-نەپرىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. جاۋ بېگىمنىڭ چىراغ يېقىش تۈزۈمى ھەققىدىكى تەپسىلاتىمۇ، بۇ قانخور پومېشچىك-نىڭ سىنىپىي ماھىيىتى بىلەن خاراكتېر خۇسۇسىيەتلى-رىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. جاۋ بېگىم ئۆز ئائىلىسىدە كېچىسى چىراغ ياقماستىن بۇرۇنلا يېتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئۇنى داۋاملىق ئادەتتىكە ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاQنى كۈن-دۈزى ئات - ئېشەك ئورنىدا ئىشلىتىپلا قالماستىن، بەلكى كېچىلىرى چىراغ يورۇقىدىمۇ ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاQ شەھەردىن قايتىپ كەلگەن-دىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئاز - تولا كىيىم - كېچەك ھەم ئۆي بىساتلىرى بارلىقىنى ئاڭلىغان جاۋ بېگىم، شۇ



مالىلارنى ئالداپ - سالداپ قولغا چۈشۈرۈۋالماقچى بولۇپ، ئاQنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىدۇ - دە، «شۇ ئاخشىمى چىراغنى ياندۇرۇپ» ئاQنى «بىر تالاي ياغ كۆيۈپ» كەتكۈچە كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. مانا بۇلار جاۋ بېگىمدىن ئىبارەت بۇ زالىم پومېشچىكنىڭ ئىنتايىن ئاچكۆز، پېخسىقلىقىنىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش-تىكى ئۇسۇلىنىڭ بەكمۇ قەبىھلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(3) ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك

لۇشۈن «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىدە كۈچلۈك ھەجۋىي قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنى، ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە بىلەن ھەجۋىي قىلغان. ئۇ جاۋ بېگىم. جاۋ شيۇسەي، يالغان ئەجنەبىي شەيتان قاتارلىق پېرسو-ناژلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلاپ ئۇلارنىڭ زالىم، ئاچكۆز ۋە ھىيلىگەرلىكىنى كۈچلۈك ھەجۋىي قىلىدۇ. ئاQ، ساقاللىق ۋاڭ، شاۋD قاتارلىق تۆۋەن تەبىقىدىكى نامرات دېھقانلارغا بولسا، چوڭقۇر ھېسداش-لىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى قالاقلىق ھەم روھىي غالىبىيەتچىلىكنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ، شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ خاھىشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار جاۋ بېگىم، يالغان ئەجنەبىي شەيتان قاتارلىق فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ رەھىمسىز، ئاچكۆزلۈكىدىن چەكسىز غەزەپلەنسە، ئاQ قاتارلىق نام-رات دېھقانلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە چوڭقۇر ھېس-

داشلىق قىلىدۇ ۋە ئېچىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، لۇشۈن «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىدە جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بابلىق شەكىلدىكى رومان بىلەن تەزكىرە ئەدەبىياتىنى بىرلەشتۈرگەن. كونا رومانلاردىكى كونا قائىدە ۋە نامۇۋاپىق ئادەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، بۇ ئەسەرنى قويۇق مىللىي تۈسكە ھەم خاس مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە قىلغان.

5

لۇشۈننىڭ «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى ھەمدە مەملىكىتىمىز دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

«ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» تېخى تولۇق ئېلان قىلىنىپ بولمايلا، ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ماۋدۇن ماقالە يېزىپ، بۇ ئەسەرنى «نادىر ئەسەر» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇ بىر مەزگىل ئىچىدە، «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن بۇ ئەسەر ئەدەبىي ئوبراز ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مۇھاكىمىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا بۇ ئەسەر ھەققىدە نۇرغۇن مۇلاھىزە ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر



ۋاقىتتا «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى»نىڭ ئويما رەسىملەر توپلىمى، قىستۇرما رەسىملەر توپلىمى قاتارلىقلارمۇ نەشىر قىلىندى. كېيىنكى چاغدا، بەزى دراماتۇرگلار بۇ ئەسەرنى دراما قىلىپ ئۆزگەرتىپ، سەھنىلەشتۈردى.

لۇشۈن «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى»دا تەنقىد قىلغان روھىي غالىبىيەتچىلىك بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەلۇم ئىدىيە ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈشتە بىر ئۆلچەم بولۇپ قالدى. «ئەدەبىيات ھەپتىلىك گېزىتى»نىڭ 1923 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان بىر پارچە ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ھازىر ئەدەبىيات - سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان ياشلار ئىچىدە ‹ئاQ› دېگەن سۆزنى ئېغىزغا ئالمايدىغان بىرەرىمۇ يوق دېيەرلىك... بىز بەزىدە ئۆز خاتالىقىمىزنى ئۈستىدە ئويلانغاندا، ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىمۇ ‹ئاQ› قىياپىتىنىڭ بەزىبىر ئېلېمېنتلىرى بارمۇ - نېمە دەپ شۈبھىلىنىپ قالىمىز.». «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، گاۋ يىخەن «ھازىرقى زامان ئوبزورى» دېگەن ژۇرنالنىڭ 4 - جىلد 89 - سانىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئاQنىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكاس قىلغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «...ئېسىمدە قېلىشىچە، ‹ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى› بىر قىسىم بىر قىسىمدىن ئېلان قىلىنىۋاتقان چاغدا، بىر دوستۇمنىڭ ئالدىدا ‹ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى› نىڭ

تۈنۈگۈن ئۆلان قىلىنغان مەلۇم قىسمىدا، ئۆزىنىڭ تىلى-لاشتۇرۇلغانلىقىنى ئېيتتى... كېيىن ئۇ، «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى»نى ئاپتورنىڭ ئىسمى - فامىلىسىنى سۇ-رۈشتۈرۈپ، ئاپتور بىلەن ئۆزىنىڭ تونۇشما يدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىنلا، ھەممىگە چۈشەنگەن ۋە كۆرگەنلا-ئادەمگە تىللانغان كىشىنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكىنى دەپ يۈرگەن...»

«ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» مەملىكىتىمىز-ئىچىدە غايەت زور ئەكس سادا پەيدا قىلىپلا قالماس-تىن، بەلكى دۇنيا ئەدەبىياتى ساھەسىدىمۇ غايەت زور شۆھرەتكە ئىگە بولدى. ئۇ ئىنگلىز - ئاخىر بولۇپ رۇس، ئىنگلىز، فرانسۇز، ياپون قاتارلىق يىگىرمەنەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىندى. ياپونىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچى-سى شەنلىن جىنيې، ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ئېد-گار سنو قاتارلىقلار بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقانىدى. بۇلار ئەجىر سىڭدۈردى. نۇرغۇن چەت ئەل يازغۇچىلىرى «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى»غا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى رومىن روللان «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» توغرىسىدا توختىلىپ: «بۇ رېئاللىق تەسۋىرلەنگەن ھەجۋىي ئەسەر بولۇپ، ئۇ پۈتۈن دۇنياغا مەنسۇپ. فرانسىيە زور ئىنقى-لابى مەزگىلىدىمۇ ئاQ بولغان. مەن ئاQنىڭ پەرىشان قىياپىتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن» دەپ يازغان. (جۇجىڭ: «لۇشۈننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى». يازغۇچىلار نەشرى-ياتى، 1956 - يىل نەشرىگە قارالسۇن).



ھىندى يازغۇچىسى باننا گى: «ئاQ نىڭ پەقەت نامىلا جۇڭگونىڭ، لېكىن ئاQنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتى، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى مەنسىتمەسلىكى، ئۆزىگە زىيان يەتكۈزگەن ئىشلارنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە ئەسەبىيلىكى بىردىشتىكى روھىي غالىبىيەتچىلىك، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قول قىلىنغان خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاقتۇر» دەپ ھېساپلىغان («ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»نىڭ 1956 - يىلىدىكى 20 - سانىنىڭ قوشۇمچىسىغا قارالسۇن). ھەقىقەتەن «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» جۇڭگونىڭ شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيانىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي بايلىقىدۇر.

## «لیۇ خېجەن قىزنى خا تىرلەيمەن»

لۇشۈننىڭ «لیۇخېجەن قىزنى خاتىرلەيمەن» دېگەن فېلیەتونى 1926 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزىلغان بولۇپ، شۇ يىلى 4 - ئايدا نەشر قىلىنغان چىققان «تىل رىشتىسى» ژۇرنىلىنىڭ 74 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «سايەۋەن توپلىمىنىڭ داۋامى»غا كىرگۈزۈلگەن.

### 1

لۇشۈننىڭ «لیۇخېجەن قىزنى خاتىرلەيمەن» دېگەن فېلیەتونى يېزىلغان ۋاقىت دەل شىمالىي يۇرۇش قىلىش ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتى چوڭ ياخشى ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە، ئىشچى-دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى شىددەتلىك بوران - چاپقۇندەك تېز قانات يېيىۋاتاتتى. ئىشچى - دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى، جاھانگىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى غالچىلىرىغا



قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ھالاكەت گىردابىغا ئەكېلىپ قويغانىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەكسىيەتچى مىلىتارىستلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ جىددىي بۆلۈنۈش بولۇۋاتاتتى: 1924 - يىلىدىن باشلاپ فېڭ يۈشياڭ باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن كۈندىن - كۈنگە ئىنقىلابقا مايىل بولۇشقا باشلىغانىدى. بۇ ئەھۋاللار ئەكسىيەتچى دۆەن چىرۈي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. ئۇ، ئىشچى - دېھقانلار ھەرىكىتىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئىچكى - تاشقى ئەكسىيەتچىلەر بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىگە غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قوزغىدى.

1926 - يىلى 3 - ئايدا، فېڭتيەن گۇرۇھىدىكى مىلىتارىستلار ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ يۆلىشى بىلەن، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەسكەر كىرگۈزدى. فېڭ يۈشياڭ باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە فېڭتيەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، داگۇكۇ ئارىلىنى قامال قىلىۋالدى. ياپون جاھانگىرلىكى فېڭتيەن گۇرۇھىغا ئاشكارا ياردەم بەردى. ئىككى ھەربىي پاراخوت بىلەن داگۇكۇغا بېسىپ كىرىپ، مىللىي ئارمىيىنى توپقا تۇتتى، مىللىي ئارمىيەمۇ توپ ئېتىپ قايتۇرما زەربە بەردى. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ پاراخوتلىرى قېيىن ئەھۋالدا قېلىپ، ئاخىر چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن

كۈنىنىڭ ئەتىسى ياپون جاھانگىرلىكى ئەكسىيەتچىل دۆەن
چىرۇي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى ھەمدە
ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق سەككىز دۆ-
لەتنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى بىلەن بىرلى-
شىپ، ھەر خىل يولسىز تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى،
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياپون جاھانگىرلىكى تىيەن-
جىن ئەتراپىدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆ-
لەتلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، قورال-لىق ھۇجۇم
قىلىشقا تەييارلاندى. 1926 - يىل 3 - ئاينىڭ 18-
كۈنى بېيجىڭ ھەر ساھە خەلقى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
رەھبەرلىكىدە تيەنئەنمېن مەيدانىغا يىغىلىپ، جاھان-
گىرلارنىڭ ئىلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىل-
غانلىقىغا قارشى يىغىن ئېچىپ نارازىلىق بىلدۈردى.
يىغىندىن كېيىن نامايىش قىلىپ، دۆەن چىرۇينىڭ ھۆكۈ-
مەت بىناسى ئالدىغا بېرىپ تەلەپ قويدى. ۋەتەنسا تقۇچ
دۆەن چىرۇي ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان قوغدىغۇچى
ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، تەلەپ قويغۇچى قوراق
قول ئاممىنى دەھشەتلىك ئوققا تۇتتى. بۇ قىرغىنچىلىقتا
يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. مانا
بۇ جاھانگىرلار بىلەن فېئودال مىلىتارىستلار ئۆزئارا
تىل بىرىكتۈرۈپ ۋەتەنپەرۋەر خەلقىمىزنى قىرغان
«18 - مارت» قانلىق ۋەقەسى ئىدى.
«18 - مارت» قانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن، ئەكسى-
يەتچى دۆەن چىرۇي ھۆكۈمىتى زىيالىيلار ئىشلىككە ئۆچ-ر-ىغان
ۋەتەنپەرۋەرلەرنى «توپىلاڭچىلار» دەپ ھاقارەتلىدى،


ھەمدە شۇ قېتىمقى ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ رەھبىرى بولغان
لى داجاۋ قاتارلىق كىشىلەرنى تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق
چۈشۈردى. چېن شىيىڭ، شۈي جىمۇ قاتارلىق يالالانما
ئەدىبلەر بولسا، ئەكسىيەتچى دۆەن چىرۇي ھۆكۈمىتى
بىلەن بىرلىشىپ، ھەرخىل پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ،
«18 - مارت» قانلىق ۋەقەسىنىڭ جاۋابكارلىقىنى جوڭگو
خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇشقا ئۇرۇندى.
بۇ خىل چېكىدىن ئاشقان شەرمەندىلىكلەر لۇشۈننى
چەكسىز غەزەپلەندۈردى. ئۇ قايغۇ - ھەسرەتنى يېڭىپ،
غەزەپ - نەپرىتىنى يالقۇنلۇق كۈچكە ئايلاندۇرۇپ،
«ليۇ خېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن»، «ئۆلۈم يۈز بەرگەن
جاي»، «قۇرۇق گەپ» قاتارلىق فېلىيەتونلارنى ئارقا-
ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، «18 - مارت» قانلىق ۋەقەسىدە
قۇربان بولغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى چىن يۈرەكتىن خاتى-
رىلىدى. «ليۇ خېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن» ئەنە شۇلار
ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەردۇر.

## 2

لۇشۈن «ليۇ خېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن» دېگەن
فېلىيەتونىدا جانلىق پاكىتلار ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر ئار-
قىلىق ئەكسىيەتچىل دۆەن چىرۇي ھۆكۈمىتىنىڭ جاھان-
گىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ۋەتەنپەرۋەر ئاممىنى
دەھشەتلىك قىرغان جىنايەتلىرىنى رەھىمسىز پاش قىل-
غان. چېن شىيىڭغا ئوخشاش يالالانما «ئەدىب» لەرنىڭ

نومۇسسىز پىتنە – ئىغۋالىرىغا كۈچلۈك رەددىيە بەرگەن. «18 – مارت» قانلىق ۋەقەسىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ياشلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، جۇڭگو ياشلىرىنى جاھانگىرلار ۋە شۇلارنىڭ جۇڭگودىكى غالچىلىرىغا قارشى داۋاملىق كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

لۇشۈننىڭ «ليۇ خېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن» دېگەن فېلىيەتونى يەتتە تەبىئىي ئابزاسقا بۆلۈنگەن:

بىرىنچى ئابزاستا: بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسەت چۈشەندۈرۈلۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قىزىل قېنى بىكار ئاقمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن چوڭقۇر سىياسىي تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن ھەمدە ئاپتورنىڭ ئەكسىيەتچى دۈشمەن چىرىك ھۆكۈمەتكە ۋە ئۇنىڭ ياللانما «ئەدىب»لىرىگە بولغان چوڭقۇر غەزەپ – نەپرىتى ئىپادىلەنگەن.

ئىككىنچى ئابزاستا، سىنىپىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەيدان ۋە پوزىتسىيىلىرى سېلىشتۇرۇلۇپ، «پاجىئەلىك ئىنسانىي ھاياتقا يۈزلىنىپ تۇرالايدۇ» غان ۋە «چىلىق – چىلىق قانلارغا تىكىلىپ قارىيالايدۇ» غان «چىن باتۇرلار» مەدھىيىلەنگەن، «ئىنسانىيەتسىزلىك دۇنياسىنى ساقلاپ» قېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ياۋۇزلار مەسخىرە قىلىنغان.

ئۈچىنچى ئابزاستا، ليۇ خېجېننىڭ «جۇڭگو ئۈچۈن ئۆلگەن جۇڭگو ياشلىرىدىن بىرى» ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلىپ، بۇ «ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان



مۇلايىم» قىزنىڭ «زوراۋانلىققا تىز پۈكمەي ئورغۇن قولچوماقلىرى بولغان» ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى دادىل كۆرەش قىلغان قەھرىمانلىق روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

تۆتىنچى ئابزاستا، ئاپتورنىڭ «شۇم خەۋەر»نى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى غەزەپلىك ھېسسىياتى يېزىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرگە سېتىلغان غالچا «ئەدىب»لەرنىڭ پىتنە – ئىغۋالىرىغا كۈچلۈك رەددىيە بېرىلگەن. «مۇنقەرز بولۇۋاتقان مىللەتنىڭ ئۈن – تىنسىز بولۇپ كېتىشى» يېقىن ئارىدا قوزغىلىدىغان ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ تەييارلىقى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىلىپ، «سۈكۈت ئىچىدە پارتلاپ چىقمىغانلار، سۈكۈت ئىچىدە ھالاك بولىدۇ» دەپ چۇقان سېلىنغان.

بەشىنچى ئابزاستا، ليۇ خېجېن قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانى يېزىلىپ، ئەكسىيەتچى دۈشمەن چىرىك ھۆكۈمەتنىڭ جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قوغداشنى تەلەپ قىلغان ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنى دەھشەتلىك قىرغان جىنايەتلىرى پاش قىلىنغان. ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنىڭ «مەدەنىي ئادەملەر كەشىپ قىلغان مىلتىقلاردىن تاراسلاپ ئوق يېغىۋاتقاندا» ھاياتى بىلەن ھېساپلاشماي «چىلىق – چىلىق قانلارغا تىكىلىپ قاراش»قا جۈرئەت قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىر – بىرىگە ياردەم بېرىپ، بىر – بىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشقان پىداكارلىقى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن.

ئالتىنچى ئابزاستا، «قۇرۇق قول بىلەن تەلەپ قويۇشى»

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەۋرىتەلمەي-
دىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈلۈپ، «ئىنسانلارنىڭ قانلىق
جەڭلەر ئىچىدە ئىلگىرىلەش تارىخى» تەجرىبە -
ساۋاقلىرى يەكۈنلەنگەن.
يەتتىنچى ئابزاستا، «18 -مارت» قانلىق ۋەقەسىدە
«ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن
بولغان ئەھمىيىتى» مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ،
بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قان ئىز-
لىرى بىلەن داۋاملىق ئالغا بېسىشىغا ئىلھام بېرىلگەن.
لۇشۈن «ليۇ خېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن» دېگەن
فېلىيەتونىدا «18 - مارت» قانلىق ۋەقەسىنىڭ پاكىت-
لىرىنى بىرمۇ بىر ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق «ئىن-
سانىيەتسىزلىك دۇنياسى» ئۈستىدىن غەزەپلىك شىكا-
يەت قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قاتمۇ قات تۈتەك
پەردىلەرنى بۆسۈپ تاشلاپ، بۇ زور قىرغىنچىلىقنىڭ
ھەقىقىي ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم
بەردى.
بۇ ئەسەردە ناھايىتى ئېنىق يېزىلغانلىكى، «18-مارت»
قانلىق ۋەقەسىنى ۋەتەنساتقۇچ دۇەن چىرۋىي ھۆكۈمىتى
پىلانلىق ھەم مەقسەتلىك ھالدا ئالدىنئالا ئورۇن-
لاشتۇرۇپ تۇغدۇرغان. بۇ زور قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەن-
دىن كېيىن «جۇڭگو ۋە چەت ئەل جالاللىرى بېشىنى
غادايتىۋالغان» بولۇپمۇ چېن شىيىنغا ئوخشاش غالچا
«ئەدىب»لەر ھەرخىل پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ،
ليۇ خېجېن قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارغا «باشقى-



لارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ھەرىكەت قىلغان»، «ئۆزىگە
ئۆزى ئۆلۈم تاپقان» دەپ تۆھمەت قىلغان. لۇشۈن بۇ
نومۇسسىز ساتقۇنلۇقتىن چەكسىز غەزەپلەندى. ئۇ ۋەتەن
ساتقۇچ دۇەن چىرۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ «18 - مارت» قان-
لىق ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن بۇرۇنقى تەسلىمچىلىكىنى،
نەق مەيداندىكى چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق ھەرىكەت-
لىرىنى ۋە ۋەقەدىن كېيىنكى پىتنە-ئىغۋالارنى بىر - بى-
رىگە باغلاپ تەھلىل قىلىپ، دۇەن چىرۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ
ۋەتەن ساتقۇچلۇق ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلدى.
دۇەن چىرۋىي ھۆكۈمىتىگە سېتىلغان «غالچا»، «ئەدىب»
لەرنىڭ رەزىل شۇملۇقلىرىغا ئەجەللىك زەربە بەردى.
ليۇخېجېن قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر ياشلارغا قايغۇلۇق تەزىيە
بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادى-
لىدى. ليۇخېجېن — ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغ-
داش يولىدا قۇربان بولغان باتۇر جەڭچىنىڭ ئوبرازى.
ئۇ «ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان، ناھايىتى مۇلايىم»
بىر قىز بولسىمۇ، لېكىن جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزم-
غا قارشى كۆرەش قىلىش ئېڭىغا ئىگە بولغاچقا، جاپا -
مۇشەققەتلەردىن قورقمايدۇ، زوراۋانلىققا باش ئەگ-
مەيدۇ. ليۇخېجېن لۇشۈننىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودا-
لىزمغا قارشى روھ بىلەن تولغان ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ
ئوقۇيدۇ. تۇرمۇشىدا خېلى زور قىيىنچىلىقلار بولۇشىغا
قارىماي، لۇشۈننىڭ تەھرىرلىكىدە چىقىۋاتقان «دەشت-
باياۋان» دېگەن ژۇرنالغا مۇشتىرى بولۇپ، تىرىشىپ
ھەقىقەت نۇرىنى ئىزدەيدۇ. ليۇ خېجېن قەتئىي ئىرا-

دىلىك، ئۇمىدۋار، قەيسەر بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭ مۇ-
ھەببەت - نەپرىتى بەكمۇ ئېنىق. ئۇ دوست ۋە ساۋاق-
داشلىرىغا قىزغىن كۆيۈنىدۇ ھەم ئۇلارغا سەممىي
ياردەم بېرىدۇ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا بولسا بەكمۇ
ئۆچ. لىيۇخېجېن دۈەن چىرۋى ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئەك-
سىيەتچىسىياسەتۋاز — بېيجىڭ قىزلار سفەن داشۆسىنىڭ
مۇدىرى ياڭ يىڭيۈ (ئايال)نىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى
باستۇرۇش سۇيىقەستىگە قەتئىي قارشى چىقىدۇ. ياڭ
يىڭيۈ قۇتراتقان بىرنەچچە ئەر - ئايال لۈكچەكلەر
زورلۇق بىلەن مەكتەپتىن چىقىرىۋەتكەندىمۇ، ئۇنىڭ
قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسى قىلچە بوشاشمايدۇ.
ياپون جاھانگىرلىكى ۋەتەن ساتقۇچ دۈەن چىرۋى ھۆ-
كۈمىتىگە ھەرخىل يولسىز تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
جۇڭگوغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا،
لىيۇ خېجېننىڭ ۋەتەنپەرلىك روھى تېخىمۇ ئۇرغۇپ، جا-
ھانگىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى — دۈەن چىرۋى ھۆ-
كۈمىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ «18 - مارت»ۋەتەنپەرۋەرلىك نامايى-
شىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ۋەتەن ساتقۇچ جاللاتلار بىلەن
تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى
قوغداش يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ. لۇشۈن
لىيۇ خېجېننىڭ زوراۋانلىق باستۇرۇشلارغا قارشى تىز
پۈكمەي كۈرەش قىلغان قەيسەرلىكى ۋە يامغۇردەك
يېغىۋاتقان ئوقلارغا پىسەنت قىلماي مەردانە ئالغا ئىل-
گىرىلىگەن پىداكارلىقىنى مەدھىيىلەش ئارقىلىق، جۇڭگو



ئاياللىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ھۆكۈم
سۈرۈپ كەلگەن فېئوداللىق ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەرنىڭ
ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئازاد-
لىققا ئېرىشىش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلى-
ۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.
لۇشۈننىڭ «لىيۇخېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن» دېگەن بۇ
فېلىيەتونى يېزىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى: خەلق ئاممىسىنى
جاھانگىرلار بىلەن ئەكسىيەتچىلەر بوغۇلغان قانلىق قەرز-
لەرنى مەڭگۈ ئېستە ساقلاپ خۇددى «18 - مارت» قانلىق
ۋەقەسىدە قۇربان بولغان ۋەتەنپەرۋەر ياشلارغا ئوخشاش
ئالدىنقىلار يىقىلسا، كېيىنكىلەر ئىزىنى بېسىپ، باتۇرلۇق
بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ «ئىنسانىيەتسىزلىك دۇنياسى»
نى پاچاقلاپ تاشلاشقا ئىلھاملاندۇرۇشنى ئىبارەت ئىدى.
ئۇنىڭ بۇ مەقسىتى ئەسەرگە باشتىن - ئاخىر چوڭقۇر
سىڭدۈرۈلگەن. لۇشۈن ئېنىق قىلىپ: «چىن باتۇرلار پاجىئە-
لىك ئىنسانىيەتكە يۈزلىنىپ تۇرالايدۇ. چىلىق - چىلىق
قانلارغا تىكىلىپ قارىيالايدۇ» دەپ يازغان. ئارقىدىنلا
ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھى خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ
ساقلىنىدۇ. ئۇنتۇلدۇرۇش خۇداسى ئۇنتۇلدۇرمەن دېگىنى
بىلەن «قانلىق داغ پەيدا بولغانىكەن، ئۇنىڭ
كېڭىيىدىغىنى تەبىئىي»، «ئۆلگەن» ياردار بولغانلارنىڭ
كەلگۈسى ئۈچۈن ئەھمىيىتى ئەنە شۇ» دەپ جاكارلاپ،
ئىنقىلاب ئۈچۈن تۆكۈلگەن قىزىل قانلار ئىنقىلاب ئۈچۈن
تېخىمۇ زور كۈچ تەييارلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.
لۇشۈن جۇڭگو ئىنقىلابىنى تەمكىنلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ

ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تۆمۈرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئوخشاتتى. بۇ جۇڭگو ئىنقىلابى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور قۇربان بېرىشلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىغانلىقىدۇر، لېكىن لۇشۈن مۇشۇ بىر نۇقتىدىلا توختاپ قالمىدى. ئۇ پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قانخورلۇق ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، خەلق ئاممىسىنى قانداق قىلغاندا ئورۇنسىز قۇربان بېرىشلەردىن ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە ئەجەللىك زەربە بەرگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىش قوزغىدى، جاھانگىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى غالچىلىرىغا قارىتا قىلچىمۇ خام خىيالدا بولۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئۇقتۇردى.

لېكىن شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، لۇشۈن «ليۇخېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن» دېگەن بۇ فېليەتوننى يازغاندا، يەنىلا بىر ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى بولۇپ، ماركسىزمنىڭ سىنىپ نەزەرىيىچىسى بولۇشقا ئۆزگىرىش ھارپىسىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى كۆز قارىشى ۋە ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىگە يەنىلا تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسى يېتەكچىلىك قىلاتتى، شۇڭا لۇشۈن بۇ ئەسىردە «18 ‐ مارت» قانلىق ۋەقەسى ئارقىلىق جۇڭگو جەمئىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، تەجرىبە ‐ ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئېپادىلەنگەن سىنىپ ۋە سىنىپىي كۆز قارىشى كېيىنكى مەزگىلدە يازغان فېليەتونلىرىغا ئوخشاش بولمىدى. ئۇ گەرچە جۇڭگو ياشلىرىنىڭ



مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان قەھرىمانلىق كۆرەشلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھەم ئۇنىڭدىن كەلگۈسىدىكى غەلىبىنىڭ خۇشاللىق مەنزىرىسىنى كۆرەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغلاردا شۇ ھەقىقىي ماركسىزمچى بولۇپ يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى سىنىپنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ئىكەنلىكى، ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي قوشۇنى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇيالمىغانىدى، شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ كەيپىياتى سۇسراق بولۇپ، جەڭگىۋارلىقىمۇ كېيىنكى مەزگىلدە يازغان فېليەتونلىرىغا ئوخشاش كۈچلۈك بولمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى لۇشۈننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا قارىشىنىڭ چەكلىمىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## 3

لۇشۈننىڭ «ليۇخېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن» دېگەن فېليەتونى «18— مارت» قانلىق ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىچكى ‐ تاشقى ئەكسىيەتچىلەرگە قارىتا چېتىلغان غەزەپلىك ئوق بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر سىنىپىي ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان تارىخىي خاتىرىدۇر. بۇ ئەسەردە لۇشۈننىڭ جۇڭخۇا مىللىتىگە ۋە ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر ياشلارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، جاھانگىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى غالچىلىرىغا بولغان كۈچلۈك ئۆچمەنلىكى بىلەن گىرەلىشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن، شۇڭا

بۇ ئەسەرنىڭ سىياسىي ئەزەرىيەۋىلىكى كۈچلۈك، كۈرەشچان لىرىكىلىق خۇسۇسىيىتى قويۇق، ئۇنىڭدا ئۈمىدسىزلىك ھەم زارلىنىش كەيپىياتلىرى كۆرۈنمەيدۇ. ئەسەر باشتىن-ئاخىر قىزغىن ئىپتىخارلىق ھېسسىيات ۋە كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق روھ بىلەن تولغان بولۇپ، ھەرقانداق كىشى بىر ئوقۇپلا چۈشىنەلەيدۇ، غەزەپ - نەپرەتنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ئوخشاش ھېچنېمىدىن قورقماي باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىشقا ئىرادە باغلايدۇ. «لىۋ خېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن» دېگەن بۇ ئەسەر بەدىئىيلىك جەھەتتە يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، يەنە مۇنداق ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) بايان بىلەن مۇھاكىمە، ئوبرازلىق تەسۋىرلەش بىلەن بىرلىك ھېسسىيات زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن.

لىۋ خېجېن قاتارلىق ئۈچ قىزنىڭ ئۆلۈم تەسۋىرى — بايان، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ھەم ئىنقىلابنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پىكىرلەر مۇھاكىمە. بۇ ئەسەردىكى ئوبرازلار تەسۋىرى بايان قىلىنىشى ئۆتكۈر، داۋاملىق مۇھاكىمىنىڭ ئىچىدە سىڭدۈرۈلۈپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە يارىتىلغان، شۇڭا ئۇلار جانلىق ھەم تەسىرلىك.

(2) چوڭقۇر مەنىلىك كىنايە سۆزلەرنى تاللاپ، ئۇلارنى دەل جايىدا ئىشلەتكەن. ھەربىر كىنايە سۆز ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قانخورلۇق ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى



تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. مەسىلەن، بىز مۇنۇ بىر پارچىنى كۆرۈپ باقايلى: «جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ ئانىلار ۋە بوۋاق بالىلارنى قىرغىن قىلىپ كۆرسەتكەن ئۇلۇغ خىزمەتلىرى، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى قورااللىق جازالاشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى بەختكە قارشى مانا مۇشۇ بىرنەچچە پارچە قان داغلىرى بىلەن يوققا چىقىپ كەتتى.» بۇ پارچىدىكى «ئۇلۇغ خىزمەتلىرى»، «كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى»، «بەختكە قارشى» دېگەن سۆزلەر ئىنتايىن ئۆتكۈر كىنايە بولۇپ، بۇ كىنايە سۆزلەر ئىچكى - تاشقى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك قادىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچكى - تاشقى ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان قەھر - غەزىپىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

# «ئۈنتۈش ئۈچۈن ئەسلەش»

لۇشۈننىڭ «ئۈنتۈش ئۈچۈن ئەسلەش» ناملىق فېلىيەتونى 1933 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يېزىلغان بولۇپ، 1933 - يىلى 4 - ئايدا «ھازىرقى زامان» ژۇرنىلىنىڭ 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئاپتور ئەرىپىدىن «تاغدىن - باغدىن» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

## 1

1931 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەربىي جەھەتتە «چوڭ قورشاپ يوقىتىش» ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ دەھشەتلىك باستۇرۇش ئېلىپ باردى. ئىنقىلابىي ئەدەبىياتقا غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىپ، ئىلغار كىتاب - ژۇرناللارنىڭ تارقىلىشىنى قاتتىق چەكلىدى. كىتابخانىلارنى پېچەتلىدى، ئىلغار يازغۇچىلارنى ھەر خىل پەسكەش ئۇسۇللار بىلەن نەزەربەند قىلىپ، مەخپىي ھالدا تۇتقۇن قىلدى. قامىدى ھەم ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈردى.



1931 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدىكى بەي ماڭ، رۇشى، خۇيېفېڭ، لى ۋېيسېن، فېڭ كېڭ قاتارلىق بەش نەپەر ئىنقىلابىي يازغۇچىنى ئۇشتۇمتۇتلا قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شاڭخەيدىكى لۇڭخۇا شەھەر قوغداش شتابىدا ئېتىپ ئۆلتۈردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ چېكىدىن ئاشقان قانلىق جىنايىتى كەڭ ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. «سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى»دىكى ئىنقىلابىي يازغۇچىلار قاتمۇ قات توسالغۇلارنى باتۇر- لۇق بىلەن بۆسۈپ تاشلاپ، ھاياتىنىڭ ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قېلىشىغا پەسەنت قىلماي، 1931 - يىل 4 - ئاي- نىڭ 25 - كۈنى ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بېغىشلانغان «ئالدىنقى پوست» ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانىنى مەخپىي ھالدا تارقاتتى. ئۇنىڭدا «جۇڭگو سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ گومىنداڭنىڭ زور بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي يازغۇچىلارنى قىرغانلىقى توغرىسىدىكى باياناتى» نى، لۇشۈننىڭ «جۇڭگو پرولېتارىيات ئەدەبىياتى ۋە ئالدىنقى- لارنىڭ قېنى» ناملىق فېلىيەتونىنى ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق جىنايەتلىرى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلدى. شۇ ۋاقىتتا، خەلقئارا ئىنقىلابىي يازغۇچىلار ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتار- لىق دۆلەتلەردىكى پرولېتارىيات يازغۇچىلىرىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا باياناتلار ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلەرگە قاتتىق ئازار بېلدۈردى.

1933 - يىلى 2 - ئايدا، بەيماڭ، رۇشى قاتارلىق بەش نەپەر ئىنقىلابىي يازغۇچىنىڭ يوشۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىغا ئىككى يىل بولغاندا، لۇشۈن قۇربان بولغان ئىنقىلابىي يولداشلارغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر سېغىنىپ ئەسلەش يۈزىسىدىن «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» دېگەن جەڭگىۋار فېليەتوننى يازدى.

2

لۇشۈن «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» دېگەن بۇ ئەسەردە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىنقىلابىي سەپداشلىرىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرۈش ئارقىلىق، بەيماڭ، رۇشى قاتارلىق ياش يازغۇچىلارنىڭ يۈكسەك ئىنقىلابىي پەزىلەتلىرىنى ۋە ئۆلمەس تىرىكمەيدىغان جەڭگىۋار كۈرەش ئىرادىسىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە چەكسىز غەزەپ - نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئىنقىلابنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان قەتئىي ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىگەن.

بۇ ئەسەر قۇرۇلۇش جەھەتتىن بەش تەبىئىي ئابزاستا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى ئابزاستا: لۇشۈن بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسەت ۋە سەۋەبلەرنى بايان قىلىپ، بەيماڭنى



ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرىدۇ. بەيماڭنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بىلەن يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى ئابزاستا: لۇشۈن كوممۇنىست يازغۇچى رۇشىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىراتلىرى ئارقىلىق رۇشىنىڭ ئىنقىلابىي پىداكارلىق روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئۈچىنچى ئابزاستا: بەيماڭ ۋە رۇشىنىڭ سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىپ، بەيماڭ بىلەن رۇشىنىڭ سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئاۋانگارتلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تۆتىنچى ئابزاستا: لۇشۈن ئالدى بىلەن رۇشىنىڭ قولغا ئېلىنىش جەريانىنى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇشتىن باشقا، تۆت نەپەر ياش يازغۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، بولۇپمۇ رۇشىنىڭ بەيماڭ بىلەن بولغان چىن دوستلۇقىنى ئۇقتۇرۇش تەسۋىرلەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قولغا ئېلىنىش جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ رەزىل ئەپت-بەشىرىسىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ جەمئىيەتكە بولغان چەكسىز غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

بەشىنچى ئابزاستا: لۇشۈن ئوقۇغۇچىلارغا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىش ئىزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە غەزەپ-

نەپرەتنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قان - ئىزلىرىنى بېسىپ، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىدۇ.

لۇشۈن «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» دېگەن فېلىيەتونىدا، پرولېتارىيات ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بىرىنچى سەھىپىسى ئىنقىلابچىلارنىڭ قىزىل قېنى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىنقىلابچىلارنىڭ پارلاق ئوبرازىنى ياراتتى. پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ تاشلاپ، ھەر خىل ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بوران - چاپقۇنلار ئىچىدە ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بۇ ئەسەرنىڭ «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» دېگەن تېمىسى ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. مۇنداق قارىغاندا «ئۇنتۇش بىلەن» «ئەسلەش» بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا كۈچلۈك زىددىيەت باردەك كۆرۈنىدۇ. ھەقىقەتەن «ئەسلەش» بولغاندا «ئۇنتۇش»نىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا «ئۇنتۇش» بولغاندا «ئەسلەش» ھەققىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، لېكىن، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئەھۋال مۇنداق ئەمەس.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ ئەسەر يېزىلغان ۋاقىتتا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مەدەنىيەت جەھەتتىكى «قورشاپ يوقىتىش» ھۇجۇمىنى تازا جىددىيلەشتۈرگەن بولۇپ، مەيلى گېزىت - ژۇرناللاردا ياكى چوڭ -



كىچىك يىغىنلاردا بولسۇن، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەشكە مۇتلەق يول قويمايتتى. بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانخور ماھىيىتىنى، ئەكسىيەتچىلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋرنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا قەتئىي يول قويمايتتى. شۇڭا لۇشۈن ئىلاجىسىز ھالدا كىنايىلىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرىتىنى ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولدى. دېمەك، «ئەسلەش» ئەسەردە «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» تەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇ «مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق ئۈچۈن ئەسلەش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەسلەشتە لۇشۈننىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بولغان كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببىتى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ بىگۇناھ تۆكۈلگەن قانلىرىغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئېچىنىش ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانخورلۇقىغا بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرىتى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

لۇشۈن خاتىرىلىگەن بەيمالىك، روشى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار كوممۇنىزم قۇرۇش غايىسى بىلەن ئىنقىلابنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى زىممىسىگە ئالغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانخور ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگو خەلقىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە جان تىكىپ ئىنقىلاب قىلىپ، كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. ئۇلار ئىنقىلابىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە چەت ئەل ئىلغار

يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىنقىلابىي ئىدىيىلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنى كۈرەشكە چاقىردى. بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىچىدە بەيماڭ بىلەن روشى لۇشۈندە چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغانىدى. لۇشۈننىڭ ئەسلىشىگە قاراپ بىز بەيماڭنىڭ «يىگىرمە نەچچە ياشلار چامىسىدىكى قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قارامتۇل، ئوچۇق چىراي» بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بەيماڭ ئىنقىلاب مەنپەئىتى ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، ھەر دائىم يۇقىرى قىزغىنلىق ھەم كۈچلۈك تىرىشچانلىق بىلەن ھارماي ـ تالماي ئىشلەيدۇ. ئىنقىلابىي جۇشقۇنلۇق بىلەن تىنىماي شېئىر يازىدۇ. چەت ئەللەردە نەشىر قىلىنغان ئىنقىلابىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق دۈشمەنلەرگە قىلچە باش ئەگمەي، ئۇلارغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ لۇشۈن بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزئارا تولۇق چۈشىنىشكەندىن كېيىن، ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بەيماڭ ھەقىقەتەن يالقۇنلۇق شائىر، قەتئىي ئىرادىلىك باتۇر جەڭچى. لۇشۈن بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىزنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشىمىز ھاۋا راسا ئىسسىغان كۈنلەردە بولغانلىقى ئېسىمدە، بىر كىشى ئىشىكنى قاقتى. مەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم ـ دە بەيماڭنى كۆردۈم. ئۇ ئۈچىسىغا قېلىن پاختىلىق ئۇزۇن چاپان كىيگەن، ئۇستىبېشىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئىككىمىز ئىختىيارسىزلا كۈلۈۋەتتۇق، ئۇ ئۆزىـ



نىڭ ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى، قولغا ئېلىنىپ ئەمدىلا چىققانلىقىنى، كىيىم ـ كېچەك ھەم كىتابلىرىنىڭ، ھەتتا مەن بەرگەن ھېلىقى ئىككى كىتابىنىڭمۇ مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى، ئۈچىسىدىكى پاختىلىق ئۇزۇن چاپاننى بىر دوستىدىن ئۆتنە ئالغانلىقىنى، كىيىدىغان كۆڭلىكى بولمىغاچقا، ئۇزۇن چاپان كىيىشكە توغرا كەلگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇستىبېشىدىن توختىماي تەر قۇيۇلۇپ تۇرغانلىقىنى ئەنە شۇ چاغدا سۆزلەپ بەردى». بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بەيماڭ قىزغىن، باتۇر ھەم قەتئىي ئىرادىلىك قەھرىمان بولۇپ، ئۇ ئىنقىلابىي ئىشلارغا چەكسىز سادىق بولغان ھەقىقىي ئىنقىلابچى ۋە يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىردۇر. ئۇ دۇنيا ۋە پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلدى.

لۇشۈن بەيماڭ ھاياتى ۋاقتىدا تەرجىمە قىلغان پېتوفىنىڭ شېئىرلىرىدىن:

ھايات ھەممىدىن قىممەت،
ھاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت.
لېكىن، كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن،
ئەركىنلىك ـ ئازادلىق ئۈچۈنلا پەقەت!

دېگەن پارچىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بەيماڭنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلارغا بولغان چەكسىز سادىقلىقىنى، قەتئىي كۈرەش ئىرادىسىنى ھەم ئىنقىلاب ئۈچۈن قۇربان بېرىشـ

تىن باش تارتمايدىغان ئۇلۇغ قەھرىمانلىق روھىنى
تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.
لۇشۈن كوممۇنىست يازغۇچى رۇشىنىمۇ نۇقتىلىق
تەسۋىرلىگەن. لۇشۈن بىلەن رۇشىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇق
مۇناسىۋىتى بار ئىدى. لۇشۈن «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش»
دېگەن فېلىيەتونىدا، رۇشىنىڭ مۇلايىم، تارتىنچاق، لېكىن
ئىرادىسى مۇستەھكەم، تېنى ئاجىزراق بولسىمۇ غەيرىتى
زور، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قۇربان بېرىش-
تىنمۇ باش تارتمايدىغان جەسۇر، مەردانە خاراكتېرىنى
روشەن ئېچىپ بەرگەن. رۇشى ئىنقىلابىي مەدەنىيەتنىڭ
تەرەققىياتىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈپ، سولقانات يازغۇ-
چىلار ئىتتىپاقى باشقۇرغان بىر نەچچە گېزىت – ژۇرنال-
لارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ
ئەدەبىي ئىجادىيەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپلا
قالماستىن، بەلكى ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىدىمۇ زور
تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەيدۇ. ئىنقىلابىي ئەسەرلەرنى
بېسىپ چىقىرىشتا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا يولۇققاندا
باشقىلاردىن قەرز پۇل ئېلىپ ئىشلىتىدۇ. رۇشىنىڭ مەق-
سىتى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ھەم
ئۇلارنى خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتىن
ئىبارەت ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ پىداكارلىق روھى ناھايى-
تى كۈچلۈك. ئۇ ئىنقىلابتا خەلققە پايدىلىق ئىش بول-
سىلا ئۆزىگە ھەرقانچە خەۋپ يېتىشىدىن قەتئىينەزەر،
جان تىكىپ ئىشلەيدۇ، قىيىنچىلىقلارغا قىلچە باش ئەگ-
مەيدۇ. لۇشۈن بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ، ئاخىر



ئۆز يولىنى ئۆزگەرتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا ئەسەرلەرنىڭ
مەزمۇنى ۋە شەكلىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزگەرتىدىغان-
لىقىنى ئوچۇق ئېيتقانىدى. مەن: بۇ سىز ئۈچۈن قىيىن-
راق بولارمىكىن. چۈنكى، قىلىچپازلىقتا ئۆگىنىپ قال-
غان ئادەم توقماق ئالسا قانداق بولىدۇ، دېدىم. ئۇ:
ئۆگەنسىلا بولىدۇ دەپ ئىخچام جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ
دېگىنى قۇرۇق سۆز ئەمەس ئىدى. ئۇ راستتىنلا يېڭىباش-
تىن ئۆگىنىشكە باشلىغانىدى.» رۇشى ئەنە شۇنداق
قەتئىي ئىرادىسى بىلەن «يېڭىباشتىن ئۆگىنىپ» قىسقا
ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەك-
لىنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆزگەرتىپ، ھەممىنى
ھەيران قالدۇردى. رۇشىنىڭ ئۆگىنىشكە تۇتقان پوزىت-
سىيىسىمۇ ئىنتايىن قىزغىن. ئۇ ۋاقىت تاپسىلا ئۆگىنى-
دۇ. ئۇ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، تۈرمىدە بەي ماڭدىن
نېمىس تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. رۇشىنىڭ نېمىس
تىلىنى ئۆگىنىشتىكى مەقسىتى ئۆز بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز
ئاشۇرۇپ ئىنقىلاب ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ ياخ-
شى تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت ئىدى. لۇشۈن رۇشىنىڭ
مۇشۇ ئاساسىي تەرىپىنى چىڭ تۇتۇپ، نۇقتىلىق ۋە ئىنى-
چىكە تەسۋىرلەپ، بارلىقىنى جۇڭگو ئىنقىلابىغا بېغىش-
لىغان، ئىنقىلاب دۈشمەنلىرىگە قارشى ھارماي – تالماي
كۈرەش ئېلىپ بارغان كوممۇنىست يازغۇچىنىڭ پارلاق
ئوبرازىنى يارىتىپ بەردى. لۇشۈن ئىنقىلابىي ياشلارغا
ئىنتايىن كۆيۈنەتتى. ئۇلارغا سەممىي ياردەم بېرەتتى.
ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب روھى بەي ماڭ، رۇشى قاتار-

لىق ئىنقىلابىي ياشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ لۇشۈن بەي ماڭنىڭ كىتاب تەرجىمە قىلىشىغا قىزغىن ياردەملىشىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شائىر فېدوفىنىڭ كىتابىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىدۇ. بەي ماڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، لۇشۈن قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ، خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى قولغا ئېلىنغاندەك چوڭقۇر قايغۇرىدۇ. لۇشۈننىڭ رۇشى بىلەن بولغان دوستلۇقىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. لۇشۈنىنىڭ رۇشى بىلەن بولغان دوستلۇقى ئادەتتىكى ياشلار بىلەن بولغان دوستلۇق دائىرىسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى چىن يۈرەكتىن سەمىمىي ھۆرمەت قىلىشاتتى. لۇشۈن بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ مەن بىلەن بىللە يۈرگەندە ماڭا ناھايىتى يېقىن ماڭاتتى، ھەتتا مېنى ئاپتوموبىل ياكى تىرامۋايغا سوقۇلۇپ ئۆلۈپ قالمىسۇن دېگەندەك، مېنى قولتۇقلىۋالاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ كۆزى ئاجىز تۇرۇپ يەنە ماڭا شۇنچىۋالا غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىغا تەشۋىشلىنەتتىم. ھەر ئىككىلىمىز يول بويى ناھايىتى خاتىرجەمسىزلىنەتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغاندا ئىلاجىسىزلىقتىنلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرمىسەم، باشقا ۋاقىتلاردا ئانچە بىللە يۈرمەيتتىم. مەن راستتىنلا ئۇنىڭ ناھايىتى قىينىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈممۇ قىينىلىپ كېتەتتىم.» مانا بۇ — پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي دوستلۇقى ۋە ئۆزئارا سىنىپىي مېھرىبانلىقىنىڭ كونكرېت



ئىپادىسىدۇر، بۇ دوستلۇق ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۈرەش نىشانىسى بىلەن زىچ باغلانغان. لۇشۈن سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ قانداق رەزىل ۋاستىلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالدايدىغانلىقىنى، خائىنلارنىڭ قانداق ئۇسۇل بىلەن ساتقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى ۋە قان شورايدىغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپ، رۇشىنى سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزەرى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. مانا بۇ — لۇشۈننىڭ ئىنقىلابىي ياشلارغا سەمىمىي غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنىڭ جانلىق پاكىتى بولۇپ، بۇ نۇقتا ئەسەردە ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

بەي ماڭ، رۇشى قاتارلىق ئىنقىلابىي ياشلار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، لۇشۈنمۇ گومىنداڭ باندىتلارىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالىدۇ، لېكىن، شۇنداق خەتەرلىك پەيتلەردىمۇ، لۇشۈن ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدۇ. ئەكسىچە، دائىم قولغا ئېلىنغان ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ غېمىدە بولۇپ، ئۇلارغا چوڭقۇر سىنىپىي مېھرىبانلىق بىلەن كۆيۈنىدۇ. ئۇ: «سوغۇق بارغانسېرى كۈچەيمەكتە، رۇشىنىڭ يوتقان - كۆرپىسى بارمىكىنتاڭ؟ بىردە بولسا يوتقان - كۆرپە بار. تۇنىكە قاچىلارنى تاپشۇرۇۋالغانمىدۇ؟...» دەپ قايغۇرىدۇ. لۇشۈن گەرچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياۋۇز، فاشىستلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلابىي ياشلارنى قىزغىن سۆيگەچكە، ئۇلارنىڭ تۈرمىدىن ساق - سالامەت چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

تويۇقسىزلا بىر ئىشەنچلىك خەۋەر ئارقىلىق بەي ماڭ،

رۇشى قاتارلىق ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ يەنە بىگىرمە كىشى بىلەن بىللە 8 ـ فېۋرالغا ئۆتەر كېچىسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، رۇشىغا ئون پاي ئوق تەگكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە چوڭقۇر قايغۇغا چۆكىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا، جۇڭگونىڭمۇ ئەڭ ياخشى ياشلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا چەكسىز ئېچىنىدۇ.

لۇشۈن ئۆزىنىڭ بارلىق غەزەپ ـ نەپرىتىنى، قايغۇسىنى، ئىنقىلابىي ياشلارغا بولغان قىزغىن مېھىر ـ مۇھەببىتىنى يالقۇنلۇق شېئىرىي تىل بىلەن مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئۆتەر باھار چاغلىرىم قاراڭغۇ تۈندە،
ئايالىم ھەم بىلەن ئوغلۇمىز ھەمدە.
مۆكلۈق سەرگەردانمەن ماتەمدە غەمدە،
سانىقسىز ئاق ئىزلار ئىككى چېكەمدە.

كۆزىدىن ياش تامچىپ تۇرغان، مېھرىبان ـ
ئانامنى چۈشۈمدە پات ـ پات كۆرىمەن.
دوستلىرىم زۇلمەتتە بولغاندا قۇربان،
ھىگىر ئۆرتىنىمەن، ھىگىر كۆيىمەن.

دەريادەك شارقىراپ ئاققان قانلارنىڭ،
غەزەپلىك نالىسىدىن يازىمەن شېئىر،
ھىلك لەنەت! ئالمىشىدۇ زالىم ۋاڭلارنىڭ ـ
باپىرىقى بىر ۋاقىتتا ھەر كۈنلۈكى بىر.



مىسكىن ناخشام بىلەن چېكمەن پەرياد،
سەجدىدە تۇرغاندەك ئېگىلەر بېشىم.
ئاھ، نۇر تۆكۈپ تۇرار شۇ سۇمبات،
ئاسماندا تولۇن ئاي ئوماق سىردىشىم.

بۇ شېئىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاراڭغۇ دەۋرنىڭ قانخورلۇقىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، لۇشۈننىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بولغان يۈكسەك سىنىپىي مۇھەببىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇنداپ بولالمىغان ئىنقىلابىي ئىشلارغا تولۇق ۋارىسلىق قىلىش ئىرادىسىنى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لۇشۈن «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» دېگەن فېلىيەتونىدا، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئەپتەبەشىرىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئىنقىلابىي ياشلارنى داۋاملىق ئالغا بېسىشقا چاقىرىپ، ئۇلارنى ئىنقىلابىي كۈرەشنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

3

لۇشۈننىڭ «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش» ناملىق فېلىيەتونى بەدىئىيلىك جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) بايان بىلەن مۇھاكىمە، تەسۋىرلەش بىلەن لىرىكا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەردە بايان ئاساس

قىلىنغان ۋە بايان ئىچىگە مۇھاكىمە كىرگۈ-
زۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا لۇشۈننىڭ شەي-
ئىلەرگە بولغان باھاسى بىلەن پوزىتسىيىسى روشەن
ئىپادىلەنگەن. يازغۇچىنىڭ مول لىرىك ھېسسىياتى
ئەسەرنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى كۈچەيتىپ،
ئىدىيىۋى مەزمۇننى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئەسەرنىڭ
ئومۇمىي روھىدىن قارىغاندا، ئالدىنقى ئۈچ ئابزاس
بايان بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇھاكىمە چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.
كېيىنكى ئابزاس لىرىكىلىق تەسۋىرلەش بولۇپ، ئۇنىڭ-
دا ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى فونتاندەك ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.
ئەسەرنىڭ ھەممە ئابزاسلىرىغا چوڭقۇر مۇھاكىمە نۇقتى-
لىرى سىڭدۈرۈلگەن. شۇ ئارقىلىق، ئىنقىلابىي قۇربان-
لارنىڭ پىداكارلىق روھى، يۈكسەك ئىنقىلابىي ئىرادىسى
ۋە ئۇلۇغ كوممۇنىزملىق غايىلىرى قىزغىن مەدھىيىلەن-
گەن؛ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانخور ماھىيىتى
چوڭقۇر پاش قىلىنىپ، لۇشۈننىڭ ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە
بولغان قەتئىي ئىشەنچىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.
(2) ئەسەرنىڭ قۇرۇلۇشى پۇختا ھەم مۇكەممەل بولۇپ،
ھەربىر ئابزاس باش تېما ئىدىيىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ما-
ھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. لۇشۈننىڭ «ئۇنتۇش ئۈچۈن
ئەسلەش» دېگەن فېلىيەتونى ئەسلىمە خاراكتېرلىك ئەسەر
بولغاچقا، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر مۇكەممەل
بىر قۇرۇلۇش سىيۇژىتىغا ئىگە ئەمەس، لېكىن ھەربىر
ئۇششاق ۋەقە، ھادىسىلەربىر-بىرىگە زىچ باغلانغان بو-
لۇپ، ئۇلار ئۆز ئارا تولۇقلاپ ھەم كۈچەيتىپ، ئىنقىلا-



بىي قۇربانلارنىڭ كوممۇنىستىك ئىدىيىسىنى ئېچىپ
بېرىشتە خىزمەت قىلغان، شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي
قۇرۇلمىسى خۇددى تۈگۈلگەن مۇشتتەك چىڭ ۋە پۇختا.
بىز لۇشۈننىڭ بۇ خىل يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنى چوڭ-
قۇر تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم.

**قوشۇمچە:**

بەي ماڭ، رۇشى قاتارلىق ئىنقىلابىي يازغۇچى-
لارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1. بەي ماڭ (1909 — 1931) ئەسلى ئىسمى يىن
فۇ. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شياڭشەن ناھىيىسىدىن بولۇپ،
1926 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1929 - يىلى جۇڭ-
گو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
مەخپىي ژۇرنالى «لېنىنچىل ياش» نىڭ تەھرىرى بول-
غان. 1930 - يىلى 5 - ئايدا، پۈتۈن مەملىكەتلىك سو-
ۋېت رايونى ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان.
1931 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شاڭخەيدە قۇر-
بان بولغان. بەي ماڭ كۆپرەك شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن
شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ «بەي ماڭ تاللانما ئەسەر-
لىرى» قاتارلىق توپلاملىرى بار.

2. رۇشى: (1901 - 1931) ئەسلى ئىسمى جاۋپىڭفۇ.
جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭخەي ناھىيىسىدىن. 1925 - يىلى
بېيجىڭ داشۆسىدە سىرتتىن تىڭشىغۇچى بولۇپ ئوقۇغان.
«تىل رىشتىسى»، «سەھەر غۇنچىلىرى» قاتارلىق
ژۇرناللارنىڭ تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1930 - يىلى

6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. سولىقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ دائىمىي هەيئىتى ۋە تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1930 - يىلى 5 -ئايدا، پۈتۈن مەملىكەتلىك سوۋېت رايونى ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان. 1931 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شاڭخەيدە قۇربان بولغان. رومىنىڭ «پىكاپ»، «قۇل ئانا»، «2 - ئاي»، «ئۈمىد»، «ئۈچ ئاچا - سىڭىل»، «كونا دەۋرنىڭ قۇربانى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

3. فېڭ كېڭ: (1907 - 1931) ئەسلى ئىسمى لىڭ مېيي. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ فۇچۇەن ناھىيىسىدىن. 1930 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شۇ يىلى 5 - ئايدا پۈتۈن مەملىكەتلىك سوۋېت رايونى ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان. 1931 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شاڭخەيدە قۇربان بولغان. ئۇنىڭ «يېڭىباشتىن قوزغىلىش»، «قىزىل خاتىرە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

4. لى ۋېيسېن: (1903 - 1931) ئەسلى ئىسمى چۇشى. خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇچاڭ شەھىرىدىن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەزالىرىدىن بىرى. ئۇ پارتىيىنىڭ ئىتتىپاق تەشكىللىرىدە نۇرغۇن مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. «4- ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىدە ۋۇخەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىپىجىك - خەنكۇ تۆمۈر يول ئىشچىلىرىنىڭ «7 - فېۋرال» چوڭ ئىش تاشلاش كۈرىشىگە قاتناشقان. 1927 - يىلىدىن كېيىن



«شاڭخەي گېزىتى»گە يېتەكچىلىك قىلغان (بۇ گېزىت كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى «قىزىل بايراق» قا ئۆزگەرتىلگەن). لى ۋېيسېن 1930- يىلى سولىقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان. 1930- يىلى 5 - ئايدا، پۈتۈن مەملىكەتلىك سوۋېت رايونى ۋەكىللىرىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان. 1931 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شاڭخەيدە قۇربان بولغان. ئۇ مەشھۇر ئەدەبىي ئوبزورچى بولۇپ ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىگە دائىر نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بار.

5. خۇ يېفېڭ: (1905- 1931) فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجۇ شەھىرىدىن. 1928- يىلى شاڭخەيگە كەلگەن 1930 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، شۇ يىلى سولىقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىغا قاتنىشىپ، ھەيئەت ئەزاسى، ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر تۈگشۈن ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى بېجىرگەن. 1931 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شاڭخەيدە قۇربان بولغان. ئۇنىڭ «موسكۋاغا بارىمەن»، «ئىستىقبال ئالدىمىزدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

## ماقالە ۋە تېما

لۇشۈننىڭ «ماقالە ۋە تېما» ناملىق فېلىيەتونى 1933 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يېزىلغان بولۇپ، دەسلەپ 1933 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنباۋ گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە خېي جىياگەن ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «ساختا ئەركىنلىكنامە» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

1

ياپون جاھانگىرلىكى 1931 - يىلى «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى»نى پەيدا قىلىپ، مەملىكىتىمىزگە قارىتا زور كۆلەملىك قوراللىق تاجاۋۇزچىلىقنى باشلىدى. ۋەتەن ۋە مىللەت ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلگەچكە، ئېلىمىز خەلقى ئىچكى ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن باندىت ئەكسىيەتچى جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە خەلققە قارشى تۇرىدىغان ۋەتەن



ساتقۇچ سىياسىتىنى جاھىللىق بىلەن يۈرگۈزۈپ، 1930 - يىلى 11 - ئايدىن 1933 - يىلى 3 - ئايغىچە مەركىزىي سوۋېت رايونلىرىغا قارىتا ئارقا - ئارقىدىن تۆت قېتىم دەھشەتلىك «قورشاپ يوقىتىش» ئېلىپ باردى. 1933 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، جياڭ جيېشى شەخسەن ئۆزى نەنچاڭدا يەتتە ئۆلكىنىڭ ئامانلىق ساقلاش يىغىنى ئېچىپ، ئىنقىلابىي بازىلارغا قاراتقان ئەكسىل ئىنقىلابىي «قورشاپ يوقىتىش»نى يەنە بىر قېتىم پىلانلىدى ۋە تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ: «ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باسمىچىلارنى يوقىتىش كېرەك، تاردىختىكى گۈللىنىش ياكى مۇنقەرزچىلىكلەردىن قارىغاندا، ئىچىنى تىنچىلاندۇرغاندا ئاندىن تاشقىرىدىن مۇداپىئەلەنگىلى بولىدۇ. باسمىچىلارنى تازىلىماي تۇرۇپ، ياپونغا قارشى تۇرۇش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئەڭ قاتتىق جازا بېرىلىدۇ» دەپ ۋالاقلىدى. جياڭ جيېشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا تەسلىم بولۇپ، «تاڭگۇ كېلىشىمى» دېگەن بىرنېمىنى ئىمزالاپ، شەرقىي شىمال، رېخې ۋە شەرقىي خېبېي قاتارلىق جايلارنى ياپونىيىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە پۈتكۈل شىمالىي جۇڭگو رايونىنىمۇ ياپونىيىنىڭ ھەربىي كونتروللۇقى ئاستىغا تاشلاپ بېرىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىشى ئۈچۈن «يول تازىلاش» رولىنى ئوينىدى. گومىنداڭنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئەكسىيەتچى گېزىتلەر جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە خەلققە

قارشى تۇرىدىغان ۋەتەن ساتقۇچ سىياسىتىگە ئاكتىپ
ماسلىشىپ، «تاشقىرىدىن مۇداپىئەلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىچنى تىنچلاندۇرۇش كېرەك» دېگەن سەپسەتىنى تەر-
غىپ قىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. لۇشۈن 1933- يىلى 4- ئاي-
نىڭ 29- كۈنى «ماقالە ۋە تېما» دېگەن بۇ فېلىيەتونىنى يېزىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كوممۇنىستىك
پارتىيىگە ۋە خەلققە قارشى تۇرغان ۋەتەن ساتقۇچ سى-
ياسىتىگە غەزەپ بىلەن خەنجەر ئۇرۇپ، ئۇنى تارىخنىڭ ھەققانىي سوراق سەھنىسىگە ئاچىقتى.

## 2

لۇشۈن «ماقالە ۋە تېما» دېگەن فېلىيەتونىدا تارىختىكى مىساللارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرىنىڭ خائىنلىق ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، جياڭ جيېشىنىڭ شەرمەندە ئەپت-بەشىرىسىنى ماھىرلىق بىلەن سىزىپ بەرگەن.

لۇشۈن «ماقالە ۋە تېما» دېگەن فېلىيەتونىنىڭ بېشىدىلا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «بىرەر تېما ئۈستىدە ئۇنداق قىسمۇ، بۇنداق قىسمۇ يېزىۋەرسەك، گەپ ئاخىر تۈگەيدۇ. ئەگەر يەنە يېڭى پاسون چىقىرى-
دىغان بولساق، ماقالەڭ كىشىلەرگە ئادەم گېپى ئەمەس بىر نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدۇ.» لۇشۈن مانا مۇشۇ بىر نەچچە جۈملە ئارقىلىق، جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە



ۋە خەلققە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن «تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئىچىنى تىنچلاندۇرۇش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋەتەن ساتقۇچ شوئارىنىڭ بارغان-
سېرى «ئادەم گېپى ئەمەس» بىر نەرسە بولۇپ قالغانلى-
قىنى ئۆتكۈر ھەجۋىي بىلەن مەسخىرە قىلغان. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق غەزىپى ھەم ئىزچىل قارشى تۇرۇش روھىنى ئىپادىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن لۇشۈن ئاساسىي تېمىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، چېن شىڭ، شۈي جىمۇغا ئوخ-
شاش بىر توپ يالالىما ئەدىبلەرنىڭ جياڭ جيېشىغا «ھە-ھۇ دەپ دۇمباق» چېلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ «ۋەتەن سېتىش يولى لۇق» دېگەن ئەكسىيەتچىل سەپسەتىلەر بىلەن ئاممىنى ئالداشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ئېچىپ تاشلىغان؛ خەلق ئاممىسىنى داۋاملىق سەگەك بولۇشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنى گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىنىڭ مىللىي تەسلىمچىلىك سۈيىقەستىگە قارشى تۇرۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە خەلققە قارشى تۇرۇش، ۋەتەن سېتىش سىياسىتىنى قەتئىي چەكلەشكە چاقىرغان.

جياڭ جيېشى «تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئىچىنى تىنچلاندۇرۇش كېرەك» دېگەن ئەكسىيەتچىل شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بىر توپ يالالىما ئەدىبلەر بۇ ۋەتەن ساتقۇچلۇق شوئارنى ئاساسىي تېما قىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى نۇرغۇن ئەكسىيەتچىل ماقالىلەرنى يازدى. ئۇلارنىڭ ماقالىلىرى قارىماققا خىلمۇ خىل ۋە

پىكىرلىرى بىر ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ماقالىلەر ئورتاق بىر ئاساسىي مەيدانغا ئىگە ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى «مەملىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىنى» گومىنداڭ «تىنچلاندۇرۇشى» كېرەك، «تاشقىرى» دىنمۇ «گومىنداڭ مۇداپىئە قىلىش» كېرەك دەپ ھېسابلايتتى. مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئىش خۇددى «ئىچىنى تىنچلاندۇرۇش» بىلەن «تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلىش» ئوتتۇرىسىدىكى «تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق» ئاددىي ئىشتەك بولۇپ قالغانىدى. بۇ خىل ھىيلە نەيرەڭلەر جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەن سېتىش سىياسىتىنى ئاقلاش ۋە جياڭ جيېشىغا ئۇپا-ئەڭلىك سۇرتۇپ، ئۇنى پەردازلاش رولىنى ئوينىدى. لۇشۈن بۇ سەپسەتىلەرنى بىۋاستە پاش قىلماي ۋە تەنقىد قىلماي، يالىلانما ئەدىبلەر بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش، خەلققە قارشى تۇرۇش، ۋەتەن سېتىش سىياسىتى ئۈچۈن تۆرەلمە بولغان ھەم «تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلىش» بايرىقىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىرالمىغان، زىددىيەتلىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ «تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىچىنى تىنچلاندۇرۇش كېرەك» دېگەن ئەكسىلئىنقىلابىي لوگىكىسىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ جيېشىنىڭ «تاشقىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش» دېگەن ئالدامچىلىق ئەپت-بەشىرىسىنى تەلتۆكۈس ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ۋەتەن سېتىشتىن ئىبا-



رەت ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئۇزۇل-كېسىل پاش قىلدى.

لۇشۈن باندىت جياڭ جيېشىنىڭ «تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىچىنى تىنچلاندۇرۇش كېرەك» دېگەن ئەكسىيەتچىل نەزەرىيىسىنىڭ ئالدامچى چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىن يەنە نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قىياپىتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىشىنىڭ ئەينىكى قىلدى. لۇشۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاق تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، يېپىق ھەم ئەگىتمە سۆزلەر بىلەن يانداپ ئۆتۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆتمۈشتىن پايدىلىنىپ بۈگۈنكىنى ئەيىبلەش — لۇشۈن فېلىيەتونلىرىدا جانلىق قوللىنىلغان بىر خىل تاكتىكا. ئۇ «ماقالە ۋە تېما» دېگەن بۇ ئەسەرنىڭ بەشىنچى ئابزاسىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مۇنقەرز بولۇش تارىخى ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن قەلىمىنىڭ ئۆتكۈر ئۇچىنى دەل مۇشۇ فېلىيەتون يېزىلغان ۋاقىتتىكى رېئاللىققا قاراتقان. لۇشۈن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ «خەلقنى خۇددى ئوت ئورۇغاندەك قىرىپ»، «ئۇلۇغ چىڭ ئەسكەرلىرى»نى تەكلىپ قىلىپ «لى زىچېڭنى ئۆلتۈرگەن»لىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، جياڭ جيېشىنىڭ فاشىستىك

ھۆكۈمرانلىقىغا غەزەپ بىلەن خەنجەر ئۇرغان. جىياڭ جېيشىنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا قوزغىغان ئەكسىلئىنقىلابىي «قورشاپ يوقىتىش» لىرىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان.

لۇشۈن «ماقالە ۋە تېما» دېگەن فېلىيەتونىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئابزاسىدا، يەنىلا تارىخ ئۈستىدە توختىلىپ، تارىختىكى سىنىپىي كۆرەشلەرنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ئارقىلىق، كىشىلەرنى سەگەك بولۇشقا چاقىرغان. «ۋېيى جۇڭشىن ھايات تۇرۇپلا كۈكرىكىنىڭ مازىرىغا پالانمىغانمىدى؟» دېگەن كەسكىن سوئال ئارقىلىق، خەلققە زىيانكەشلىك قىلىدىغان، ۋەتەننى ساتىدىغان بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم تارىخنىڭ سورىقىغا مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، كىشىلەرنى ھوشيار بولۇشقا دەۋەت قىلىپ، جىياڭ جېيشىنىڭ قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بىكار تەلەپ غالچىلارنى ئىشقا سېلىپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، تارىخنى ئۆزگەرتىپ، خاتىمۇ خىل سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، خەلققە ناھايىتى زور زىيانكەشلىك قىلىشىدىن سەگەكلىك بىلەن ساقلىنىشقا چاقىرغان. ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى «ئىپتىدائىي چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، مانجۇلار ئىنقىلابىنى جان ـ جەھلى بىلەن باستۇرۇشقا



ھەرىكەت قىلغانىدى... ۋۇسەنگۇينىڭ چىڭ لەشكەرلىرىنى سەددىچىن دەرۋازىسىدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكىرگەنلىكى، ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى ئويلىغاندا ‹ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ› غانلىقىنىڭ ‹ئەمەلىي مىسالى›» دېگەن جۈملىلەر لۇشۈننىڭ پرولېتارىياتلىق سىنىپىي تەھلىل كۆز قارىشىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ بەرگەن. ۋە خەلق ئاممىسىغا مىللىي زىددىيەت كەسكىنلەشكەندە، سىنىپ، سىنىپىي كۆرەش نۇقتىسىنەزەرىدە مۇجەمەللىشىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن گومىنداڭ فاشىستلىرىنىڭ تەسلىمچىلىك سۇيىقەستىگە ھەقىقىي تۈردە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، مىللىي ئازادلىق كۈرەشنىڭ دولقۇنىنى قوزغىغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسى لۇشۈن «ماقالە ۋە تېما» دېگەن فېلىيەتونىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قورالىدىن پايدىلىنىپ، جىياڭ جېيشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەن سېتىش سىياسىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. خەلق ئاممىسىنى ماركسىزمنىڭ سىنىپىي تەھلىل كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ھەم گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىشقا چاقىرغان.

## 3

لۇشۇننىڭ «ماقالە ۋە تېما» دېگەن فېلىيەتونى بەدىئىيلىك جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) بىر نەچچە مۇناسىۋەتلىك مەسىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش توغرىسىدا چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزگەن. مەسىلەن، «تاشقىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش» بىلەن «ئىچىنى تىنچلاندۇرۇش»، تارىخ بىلەن رېئاللىق، قۇل قىلىش بىلەن قۇل بولۇش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت قاتارلىق بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق مەسىلەرنى بىر-بىرىگە باغلاپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان.

(2) ئەگىتمە سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىپ، تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق قاراڭغۇ رېئاللىققا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن.

لۇشۈن: «بىز تارىختا قاراشتا، ئۆتمۈشتىكىگە ئاساسلىنىپ، كەلگۈسىنى بىلەلەيدىغان بولۇشىمىز كېرەك» دېگەنىدى. ئۇ تارىخ ھەم تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇنىڭدىن مەقسىتى تارىخ ۋە تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلاردىن سىنىپىي كۆرەش ۋە لۇشيەن كۈرەشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، رېئال كۈرەشكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئالغا سۈرۈش ئىدى. لۇشۈننىڭ «ماقالە ۋە تېما» دېگەن فېلىيەتونىدا بۇ نۇقتا ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.



## «قار»

لۇشۈننىڭ «قار» ناملىق ئەسىرى 1925-يىل 1-ئاينىڭ 18-كۈنى يېزىلغان بولۇپ، شۇ يىلى 1-ئاينىڭ 26-كۈنى «تىل رىشتىسى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 11-سانىدا لۇشۈن دېگەن ئىمزا بىلەن ئېلان قىلىنغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «ياۋا گىياھ» ناملىق نەسرىي شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

### 1

1925-يىلىنىڭ دەسلەپىدە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىمالىي جۇڭگونىڭ سىياسىي ھاۋاسى تولىمۇ مۇدھىش ئىدى، ئەمما لۇشۈن ئانچە ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمىدى. ئۇ تولۇپ-تاشقان ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن ئالغا قاراپ، زېمىستان قىشتىن كېيىن چوقۇم «كۆزىنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان» يىللىق باھارنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئىشەنچ باغلىدى. ئۇنىڭ

«قار» نامىلىق نەسىرىي شېئىرى مانا شۇنداق ھېسسىيات ئىچىدە يېزىلغان.

## 2

لۇشۇن بۇ ئەسىرىدە جەنۇب بىلەن شىمالدىكى ئىككى خىل قار مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەپ، مۇدھىش رېئاللىققا قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش روھىنى نامايان قىلغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ جانلىق ئىزدىنىشى جەريانىدىكى ئىچكى زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

بۇ نەسىرىي شېئىر ئالتە بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى بۆلەكتە، لۇشۇن جەنۇبنىڭ قار مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ «يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان باھار» دىن دېرەك بەرگەن.

يازغۇچى بۇ بۆلەكنىڭ بېشىدىلا «ئىسسىق ئىقلىمنىڭ يامغۇرى ھېچقاچان سوغۇق، قاتتىق، پارقىراق قار ئۇچقۇنلىرىغا ئايلانمايدۇ» دەپ يېزىپ، قارنى تەسۋىرلەشكە يول ئاچىدۇ ھەمدە ئۆزىنى «شۇۋىرغاننىڭ سوقۇشى بىلەن بىردىن قويۇن شامال كۆتۈرۈلۈپ» تۇرىدىغان شىمال تەرەپتە قويۇپ، «يېقىملىق گۈزەل» مەنزىرىگە نەزەر سېلىپ، جەنۇبنىڭ گۈزەل قارلىرى بىلەن بىللە گۈزەل كەلگۈسىگە پەرۋاز قىلىدۇ. «جەنۇبتا قار گۈزەل، يېقىملىق بولىدۇ. ئۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇر-



غان باھارنىڭ خەۋەرچىسى» دەپ مەدھىيىلەيدۇ ھەمدە جەنۇبنىڭ قارلىرىنى «خۇددى قامىتى تولغان، رەسىدە بولغان قىزنىڭ جامالى» غا ئوخشاش قىلىپ كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن «چايگۈلىنىڭ قىزىل ياقۇتتەك غۇنچىلىرى، ئاق كۆكۈچ كەلگەن يالغۇز بەرگىلىك ھەپىرەڭگۈل، بالىمىنىڭ ئاغزىغا ئوخشاش ئېچىلىدىغان توق سېرىق ھەپىرەڭگۈلى، قارنىڭ ئاستىدا مۈزلىغان يېشىل گىياھلار» قاتارلىقلارنى زوق بىلەن تەسۋىرلەپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ گۈزەل جانلىق بىر مەنزىرىنى نامايان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ «قىش گۈللىرى ئارىسىدا بىر مۇنچە ھەسەل ھەرىلىرى ئالدىراپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەندەك، ئۇلارنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ زىمىستان قىشتىن كېيىن چوقۇم باھار كېلىدۇ» غانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەكتە، لۇشۇن بالىلارنىڭ قار ئويۇنىنى ھەركەزلىك تەسۋىرلەپ قارلىق دالانى تېخىمۇ جانلاندۇرغان.

ئاپپاق قار «يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان باھارنىڭ خەۋەرچىسى» بولغاچقا، ئۇ چوڭلارغىلا ئەمەس، ھەتتا بالىلارغىمۇ ئۇمىد خۇشاللىقىنى بېغىشلايدۇ، شۇڭا «بالىلار سوغۇقتىن قىزىرىپ ئىنگەردەك بولۇپ قالغان قوللىرىنى ھۈرداپ، يەتتە ـ سەككىزى بىر بولۇپ، قار بوۋاي ياسايتتى. ياڭاقتا ئۇنىڭغا كۆز

ياسىشاتتى. كىمدۇ بىرى ئانىسىنىڭ ئەڭلىك قۇتىسىدىن ئەڭلىك ئوغرىلاپ كېلىپ ئۇنىڭ كالپۇكىغا سۈرتۈپ قويغانتى.» بالىلارنىڭ بۇ جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھەرىكىتى قارلىق دالانى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋېتىدۇ ھەمدە «كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان، كالپۇكلىرى قىپقىزىل ھالدا قاردا ئولتۇرۇپ قالغان» قار بوۋاينىڭ كۆركەم قىياپىتى بىلەن بىرلىشىپ، جانلىق گۈزەل بىر سۈرەتنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. دېمەك، بۇ بۆلەكتە، بالىلارنىڭ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، قار بوۋاي ياسىغانلىقى گەۋدىلىك يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىمىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا بولغان ئۈمىدى ھەم ئىشەنچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەكتە، لۇشۇن قار بوۋاينىڭ بالىلارنى خۇشال قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بالىلارنىڭ گۆدەك، سەبىيلىكىنى، ساپ ۋە ساددىلىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرگەن.

«كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان، كالپۇكلىرى قىپقىزىل ھالدا قاردا ئولتۇرۇپ قالغان» قار بوۋاي بالىلارنى مەپتۇن قىلىدۇ. ئەتىسى يەنە بىرنەچچە بالا ئۇنى زىيارەت قىلغىلى كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ چاۋاك چېلىشىدۇ، باش لىڭشىتىشىدۇ، كۈلۈشىدۇ. «ھاۋا ئۇدا ئوچۇق بولغاندا، لەۋلىرىدىكى ئەڭلىك غايىب بولۇپ، ئۆزى ئېرىپ شەكلىنى يوقىتىدۇ» غان بولسىمۇ، لېكىن بالىلار قار بوۋايىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. خىيالى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭغا ھەيران بولىدۇ. مانا بولاردىن



بالىلارنىڭ ھەقىقەتەن گۆدەك، سەبىي، ساپ ۋە ساددىلىقىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەكتە، لۇشۇن شىمالدىكى قارنىڭ «سوغۇق ساما گۈمبىزى» بىلەن ئېلىشىدىغان ھەيۋەتلىك كۈچىنى گەۋدىلەندۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى دادىل كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن.

شىمالنىڭ قىش كۈنلىرىدە، ھاۋا نامايىتى سوغۇق بولىدۇ. دائىم ئاپپاق قارلار ئۇچقۇنداپ تۇرىدۇ. ھاۋا ئوچۇق بولغان كۈنلەردىمۇ داۋاملىق شامال چىقىپ تۇرىدۇ. شىمالدىكى «قارلار كېپەككە، قۇمغا ئوخشاش بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە يېپىشمايدۇ؛ ئۆگزىدىمۇ، يەردىمۇ، قۇرۇپ كەتكەن ئوت-چۆپلەردىمۇ شۇنداق ھالەتتە تۇرىدۇ.» مانا بۇ شىمالنىڭ ئۆزىگە خاس قىشلىق مەنزىرىسى. شۇنداقلا شىمالدىكى قارلارنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى، ئەمما شىمالدا قىش كۈنلىرى نامايىتى سوغۇق بولىدىغان بولغاچقا، ئۇ يەرنىڭ قارلىرى «سوغۇق ساما گۈمبىزى» گە دادىل قارشىلىق كۆرسىتەلەيدۇ. «ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى شۇۋىرغاننىڭ سوقۇشى بىلەن بىردىن شۇۋىرغان كۆتۈرۈلۈپ قار پۇرقىراپ ئۇچۇپ، كۆزنى چاقنىتىپ نۇرلىنىدۇ. خۇددى يالقۇننى ئورىۋالغان قويۇق تۇمانغا ئوخشاش پىرقىراپ كۆتۈرۈلۈپ ئاسماننى قاپلايدۇ. ئاسماندا پىرقىرىغان ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ھالدا يالىنجايدۇ.» قاراڭلار، بۇ نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك

مەنزىرە — ھە! لۇشۈن بۇ يەردە «پۇرقىراپ ئۇچۇپ كۆزىنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ» غان قار بىلەن كۈن نۇرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ھەيۋەتلىك، گۈزەل بىر سۈرەتنى سىزىپ چىققان. بۇ سۈرەتتە ئاپئاق قار نۇرلىرى، كۈن نۇرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، كەڭ دالانى قاپلىغان ھالدا يېلىنجاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا لۇشۈننىڭ جەسۇر ئىرادىسى ۋە ھېچنېمىدىن قورقماي، باتۇرلارچە ئالغا باسىدىغان جەڭگىۋار روھى گەۋدىلەنگەن.

بەشىنچى بۆلەكتە، لۇشۈن قارنىڭ «سوغۇق ساما گۇمبىزى» گە داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىدىغان روھىنى مەدھىيىلىگەن.

«سوغۇق ساما گۇمبىزى ئاستىدا، چەكسىز دالالاردا يېلىنجاپ ۋە پىرقىراپ ئۆرلەۋاتقىنى» كۈن نۇرىنى كۆرۈپلا ئېرىپ تۈگەيدىغان جەنۇبنىڭ قارى ئەمەس، بەلكى «ھەمىشە كېپەككە، قۇمغا ئوخشاش بولۇپ ھەرگىزمۇ بىر — بىرىگە يېپىشمايدۇ» غان شىمالنىڭ قارى بولۇپ، ئۇ «يامغۇرنىڭ ئەرۋاھى» دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇنى تەبىئىي ھالدا ئەسەرنىڭ بېشىدىكى «ئىسسىق ئىقلىمنىڭ يامغۇرى ھېچقاچان سوغۇق، قاتتىق، پارقىراق قار ئۇچقۇنلىرىغا ئايلىنالمايدۇ» دېگەن جۈملىگە باغلىغان. بۇنىڭ بىلەن شىمالدىكى قارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، قاراڭغۇ رېئاللىققا قارشى دادىل كۈرەش قىلىدىغان باتۇرلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىگەن، شۇڭا بۇ



بۆلەكنى رېئال كۈرەشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى ئويلايدىغان «تەركىدۇنيا» چىلارغا قارىتىلغان ئۆتكۈر تەنقىد، قاراڭغۇ رېئاللىققا قارشى دادىل كۈرەش قىلىدىغان باتۇرلارغا بېغىشلانغان مەدھىيە دېيىشكە بولىدۇ.

ئالتىنچى بۆلەكتە، لۇشۈن «يەككە — يېگانە بولۇپ قالغان قار» نىڭ يالغۇزلۇقى ۋە غەمكىنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىش جەريانىدىكى ئىدىيىۋى زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

لۇشۈن گەرچە ئالدىنقى بۆلەكلەردە، شىمالدىكى قارنىڭ «سوغۇق ساما گۇمبىزى» بىلەن ئېلىشىدىغان خىسلىتىنى مەدھىيىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا «ئۇ يەككە — يېگانە بولۇپ قالغان قار، قېتىپ قالغان يامغۇر، يامغۇرنىڭ ئەرۋاھى»، شۇڭا «سوغۇق ساما گۇمبىزى» دە ھېچقانچە ئۆزگىرىش ياسىيالمايدۇ. بۇ لۇشۈننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش ئىرادىسى بولسىمۇ، لېكىن تېخى توغرا ئىنقىلاب يولىنى تاپالماي قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەمتىرەپ، يەككە ھالدا «نەيزە كۆتۈرۈپ تېڭىرقاپ يۈرگەن» كەيپىياتى ۋە ئىدىيىۋى زىددىيەتنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئىنكاسى.

3

لۇشۈننىڭ «قار» ناملىق نەسرىي شېئىرى بەدىئىيلىك جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن نادىر ئەسەردۇر.

«قار» نىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى،

ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى مەنزىرە تەسۋىرى
ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. جەنۇبتىكى قارنىڭ تەسۋىرىگە
لۇشۈننىڭ «يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان باھار» غا
بولغان تەشنالىقى، ئىزدىنىش ۋە ئىشەنچ سىڭدۈرۈلگەن
بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئوقۇغاندا، قىشتىن كېيىنلا باھار
يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنچ باغلايدۇ. شىمال
دىكى قارنىڭ تەسۋىرىگە لۇشۈننىڭ كۈرەش ئىرادىسى،
جاسارىتى ۋە ئۇمىد ۋار روھى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن بو-
لۇپ، ئۇ كىشىلەرنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە، يۇقىرىغا ئۆرلەشكە ۋە
كۈرەش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماسلىققا ئۈندەيدۇ.

لۇشۈن بۇ ئەسەردە، مەنزىرە ئارقىلىق ھېسسىياتىنى
ئىپادىلىگەندە، ئالدى بىلەن نەرسىلەرگە مۇراجىئەت قىل-
غان، قارلىق دالادىكى ئەڭ تىپىك نەرسىلەرنى تال-
لىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى
ئومۇملاشتۇرۇپ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئۆزىگە خاس
قىشلىق مەنزىرىسىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ
مەنزىرىلەر يالغۇز كىشىلەرگە گۈزەل ھېس - تۇيغۇ بەخش
ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ «يېتىپ كېلىش ئال-
دىدا تۇرغان باھار» غا بولغان تەشنالىقىنىمۇ كۈچەيتىدۇ.
قار بوۋايىنىڭ يېقىملىق، كۆركەم قىياپىتى يېزا كەي-
پىياتىغا تولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى
ئىپادىلەنگەن. قىش كۈنلىرىدە قارنىڭ ئېرىشى بولسا،
كىشىلەرگە پات ئارىدا باھار يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن
دېرەك بېرىدۇ.

«قار» نىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى يەنە بىر مۇھىم



ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ تىلى گۈزەل، ئىخچام، رەڭ-
مۇ رەڭ، نەپىس ۋە جانلىق بولۇپ، كىشىلەرگە كۈچلۈك
بەدىئىي زوق بېرىدۇ. ئاپتور جەنۇبتىكى قارنىڭ خۇسۇس-
يىتىنى «يېقىملىق، گۈزەل» دەپ ئىپادىلىگەن بولسا،
شىمالدىكى قارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى «ھەمىشە كېپەككە،
قۇمغا ئوخشاش بولۇپ ھەرگىزمۇ بىر - بىرىگە يېپىش-
مايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. شىمالدىكى قارنىڭ جەنۇب-
تىكى قاردىن پەرقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ
«سوغۇق ئاسمان گۈمبىزى» بىلەن داۋاملىق ئېلىشى-
دىغانلىقىنى بايان قىلغان. لۇشۈن بۇ ھەقتە مۇنداق
دەپ يازىدۇ: «شىمالدا قار يېغىپ بولغاندىن كېيىن،...
ھاۋا ئۈچۈق كۈنلىرى شىۋىرغاننىڭ سوقۇشى بىلەن
بىردىن قۇيۇن شامال كۆتۈرۈلۈپ، قار پۇرقىراپ ئۇچۇپ،
كۆزنى چاقنىتىپ نۇرلىنىدۇ. خۇددى يالقۇننى ئورىۋال-
غان قويۇق تۇمانغا ئوخشاش پىرقىراپ كۆتۈرۈلۈپ ئاس-
ماننى قاپلايدۇ. ئاسماندا پىرقىرىغان ۋە يۇقىرى
كۆتۈرۈلگەن ھالدا يېلىنجايدۇ.» بۇ بىرنەچچە جۈملە
تەسۋىر ئارقىلىق ئاپئاق قار نۇرلىرى بىلەن پارلاق كۈن
نۇرلىرى قوشۇلۇپ ھاسىل قىلغان ھەيۋەتلىك، كۆركەم
بىر مەنزىرە سۈرەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ
تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھارىتى، ئىدىيىۋى خاھىشى
ۋە تۇرمۇش ئاساسىنىڭ پۇختىلىقى تولۇق ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا «قار» دا يەنە سىمۋوللاشتۇرۇپ
تەسۋىرلەش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان، ئاپتور «يېتىپ كېلىش
ئالدىدا تۇرغان باھار» نى كەلگۈسىگە ۋە غايىسىگە

سىمۋول قىلىنغان. «يامغۇرنىڭ ئەرۋاھى» نى شىمالىي
مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى
كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارنىڭ ئىرادىسىگە سىمۋول
قىلغان. «ئاسماندا پىرقىرىغان ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن
ھالدا يېلىنجايدۇ» غان شىمالدىكى قارنى جاسارەت-
لىك، جەڭگىۋار روھقا سىمۋول قىلغان. «سوغۇق ساما
گۈمبىزى» نى بولسا لەنتى قاراڭغۇ رېئاللىققا سىمۋول
قىلغان. لۇشۈن مانا مۇشۇنداق سىمۋوللاشتۇرۇپ تەسۋىر-
لەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان
جاسارەت بىلەن «سوغۇق ساما گۈمبىزى» نى بۆسۈپ
ئۆتۈپ «يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان باھار» نى
كۈتۈۋېلىش، گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش ئارزۇسىنى
چوڭقۇر ئىپادىلىگەن، شۇڭا بۇ ئەسەر ئوقۇغۇچىلارنى
ئۆزگە كۈچلۈك جەلپ قىلىپ، چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەر-
بىيىگە ئىگە قىلىدۇ.



## «تېڭيې ئەپەندى»

لۇشۈننىڭ «تېڭيې ئەپەندى» ناملىق ئەسىرى
ئەسىرى 1926 - يىلى 10 - ئايدا يېزىلغان. شۇ يىلى
12 - ئايدا «دەشت - باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى-
نىڭ 23- سانىغا «يېڭىدىن تىلغا ئېلىنغان كونا ئىشلار-9»
دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇدا، لۇشۈن دېگەن ئىمزا
بىلەن بېسىلغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن «كەچتە ئۈز-
ۈلگەن سەھەر غۇنچىسى» ناملىق ئەسەرلەر توپ-
لىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

### 1

1926 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئەكسىيەت-
چى دۈەن چىرۈي ھۆكۈمىتى جاھانگىرلار بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ، جاھانگىرلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك
ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ناما-
يىش قىلغان ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلارنى دەھشەتلىك
باستۇرۇپ، «18 - مارت قانلىق ۋەقەسى» نى پەيدا

قىلدى. بۇ چېكىدىن ئاشقان ياۋۇزلۇق لۇشۇننى چەكسىز غەزەپلەندۈردى. ئۇ غەزەپ ـ نەپرىتىنى يالقۇنلۇق كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، «ليۇخېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن»، «ئۆلۈم يۈز بەرگەن جاي»، «قۇرۇق گەپ» قاتارلىق جەڭگىۋار فېليەتونلىرىنى يېزىپ، ئەكسىيەتچى دۆەن چىرۋي ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن لۇشۇن ئەكسىيەتچى دۆەن چىرۋي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق تەقىب قىلىشىغا ئۇچرىدى. بۇ ۋاقىتتا، جەنۇبتا ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتاتتى. لۇشۇن ئىنقىلابنىڭ بۇ ياخشى ۋەزىيىتىدىن ئىلھاملىنىپ، ئەكسىيەتچى دەن چىرۋي ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن 1926 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بېيجىڭدىن شيامېنگە يۆتكىلىپ، شيامېن داشۆسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى، ئەمما ئۇ يەردىمۇ يەنىلا زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن خالىي بولالمىدى. شيامېن داشۆسىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر لۇشۇننى ئاشكارا چەتكە قېقىپ، ئۇنى بىرا قالائۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. بۇ ھال لۇشۇننى تېخىمۇ قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ئۇ جەڭگىۋار قەلىمىنى قولغا ئېلىپ، «چېمەنبا غىدىن سەنۆيى مەدرىسىگە»، «دادامنىڭ كېسىلى»، «ئۇششاق خاتىرىلەر»، «تېگىپ ئەپەندى»، «فەن ئەينۇڭ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. «تېگىپ ئەپەندى» بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.



## 2

لۇشۇن «تېگىپ ئەپەندى» دېگەن ئەسىرىدە، ئۆزىنىڭ ياپونىيىدە ئوقۇغانلىقى ۋە دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەل باغلىغانلىقىنىڭ جەريانىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ياپونىيە تىببىي پەن ئالىمى تېگىپ يەنجيۇلاڭنىڭ ئەستايىدىللىقىنى، ياشلارغا بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقىنى ۋە مىللىي يەكلەش كۆز قارىشى بولمىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

«تېگىپ ئەپەندى» ئاساسەن ۋەقەلەر تەرەققىياتىنىڭ تەرتىپى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى ئۈچ چوڭ بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى بۆلەك: ئەسەرنىڭ بېشىدىن «باشقا جايغا بېرىپ باقساق قانداق؟» دېگەن يەرگىچە.

لۇشۇن بۇ بۆلەكتە، «توكيودىكى مەنچىڭ دۆلىتىدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار» نىڭ نادان، بىخۇد ۋە مەنىسىزلىكىنى ھەجۋىي قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان كۆچلۈك نەپرىتىنى ئىزھار قىلىپ، توكيودىن شىيەنتەيگە بېرىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىپادىلىگەن.

ئىككىنچى بۆلەك: «مەن شىيەنتەي تىببىي تېخنىكومىغا قاراپ ماڭدىم» دېگەن يەردىن. «ئەھۋالىمدىن پات ـ پات خەت يېزىپ تۇرۇشۇمنى جېكىلىدى» دېگەن يەرگىچە.

لۇشۈن بۇ بۆلەكتە، شيەنتەي تىببىي تېخنىكۇمىدىكى ئوقۇش تۇرمۇشىنى ئەسلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدىكى بىر زور ئۆزگىرىشنى بايان قىلىپ، تېڭيېي ئەپەندىنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتىنى مەدھىيىلىگەن.

ئۆچىنچى بۆلەك: «شيەنتەيدىن يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن» دېگەن يەردىن ئەسەرنىڭ ئاخىرغىچە.

لۇشۈن بۇ بۆلەكتە، تېڭيېي ئەپەندىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىنى ئىپادىلەپ، «ئۇنىڭ ئۇلۇغ خۇلقى» نىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋە ئىلھامىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

«تېڭيېي ئەپەندى» ئەسلىمە خاراكتېرلىك نەسىر بولۇپ، ئۇ لۇشۈننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 1934- يىلى ياپونىيىدە «لۇشۈن تاللانما ئەسەرلىرى» تەرجىمە قىلىنىپ، نەشرگە تەييارلانغاندى. لۇشۈن شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 2- كۈنى ياپونىيىلىك دوستى زېڭ نىيەنشېڭغا خەت يېزىپ: «تاللانما ئەسەرلەر، گە ‹تېڭيېي ئەپەندى›، ناملىق ماقالىنىمۇ تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزۈپ قويۇڭ» دەپ تاپىلىغان. بۇنىڭدىن بۇ ئەسەرگە لۇشۈننىڭ ئۆزىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لۇشۈن «تېڭيېي ئەپەندى» دېگەن ئەسىرىدە، دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىپ، «ئەدەبىيات-سەنئەت ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىش» كە بەل باغلىغان ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشىنى چوڭقۇر ئىپادىلىگەن.



1902- يىلى باھاردا، لۇشۈن ئىلىم-پەن ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتقۇزۇش مەقسىتى بىلەن ياپونىيىگە بېرىپ، توكيو شەھىرىدىكى خۇڭۋېن ئىنستىتۇتىدا ياپون تىلىنى ئۆگەنگەندى. 1904- يىلى 9- ئايدا، شيەنتەي تىببىي تېخنىكۇمىغا يۆتكەلدى. ئۇ ئەسلىدە جۇڭگو خەلقىنى جىسمانىي جەھەتتىن داۋالاپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك ئويغىنىشىغا يار-يۆلەك بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ بۇ شېرىن ئارزۇسى يوققا چىقتى. شيەنتەي تىببىي تېخنىكۇمىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، لۇشۈن «ئاجىز دۆلەت خەلقىنىڭ كەمسىتىلىشى ۋە ئازاب ئوقۇبەت چېكىشى» نى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇھال ئۇنىڭ كۈچلۈك مىللىي ھېسسىياتىنى ۋە يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى قوزغىدى. بولۇپمۇ، لۇشۈن بۇ مەكتەپتە ياپونىيە-روسىيە ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن بىر خەۋەرلىك فىلىمنى كۆرگەندىن كېيىن، دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتى. فىلىمدا مۇنداق بىر كۆرۈنۈش بار ئىدى: ياپونىيە ژاندارمىلىرى ئېگىز بويلۇق، بەستلىك كەلگەن بىر جۇڭگولۇقنى «روسىيىگە ئىشپىيونلۇق قىلدى» دېگەن بەتنام بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ جازا مەيدانىغا توپلانغانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى جۇڭگولۇق بولۇپ، ئۇلارمۇ ناھايىتى ساغلام، تەمبەل، بەدىنىدىن كۈچ تېپىپ تۇرىدىغان كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن بىر ۋەتەندىشىنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىغا ئېچىنمايدۇ، غەزەپلەنمەيدۇ. ئەكسىچە بىغەم ۋە بىپەرۋالىقتا قىزىقىپ تاماشا كۆرۈپ، قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن كىشىمۇ ئۆزىنىڭ نېمە

ئۇچۇن، كىملەر تەرىپىدىن ئۇلتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلـ
مەيدۇ. ئۇمۇ خۇددى تاماشىبىنلارغا ئوخشاش بىغەم ھەم
بىپەرۋا بولۇپ، گويا غەلىتە بىر مايمۇن ئويۇنى كۆرۈۋـ
ۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ، ياپون ژاندارمىلىرىنىڭ قولىدىكى
مىلتىقلارغا ھەجىيىپ قاراپ تۇرىدۇ... ئاتالمىش «قالاق»
مىللەتنىڭ بىخۇدلۇقى قەستەن مۇبالىغە قىلىنىپ، بوياپ
كۆرسىتىلگەن بۇ خۇەندىڭ فىلىمى لۇشۇنگە قاتتىق تەسىر
قىلىدۇ. ئۇ گويا بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك ئازابلىنىپ،
خېلـى ئۇزۇنغىچـە خۇدىنى بىلمـەي ئولتـۇرۇپ قالـىدۇ.
پەقەت مىلىتارىزملىق ئىدىيىلەر بىلەن قاتتىق زەھەرلەنـ
گـەن ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ياشىسۇن» دەپ چۇقان
سېلىپ چاۋاك چېلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىلا، ئاندىن
ھوشىغا كېلىدۇ ۋە سىنىپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ،
ئۇدۇل ياتىقىغا بارىدۇـ دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ
ھۆكرەپ يىغلىۋېتىدۇ... ئۇ ئېچىنىش ئىچىدە شۇنى
چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىدۇكى، دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىش
ئۇنچىۋالا زۆرۈر ئەمەس ئىكەن، ئەگەر خەلق ئاممىسى
ئويغىتىلمىسا، ئۇلارنىڭ تېنى ھەرقانچە ساغلام بولغىنى
بىلەن ھامان «سازايى ماتېرىيالى ۋە تاماشىچى»
بولىدىكەن، شۇڭا لۇشۈن ئوپېراتسىيە پىچىقىنى تاشلاپ،
جەڭگىۋار قەلەمنى قولغا ئالىدۇ. بۇ لۇشۈننىڭ ئىدىيە-
ۋى تەرەققىياتىدىكى بىر زور ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇ
ئۆزگىرىش «تېڭىيې ئەپەندى» دە جانلىق ئىپادىلەنگەن.
شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، لۇشۈننىڭ دوختۇرلۇقنى ئۆگـ
نىشتىن ۋاز كېچىپ، ئەدەبىياتنى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش-



نىڭ قورالى قىلغانلىقى، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى
ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى
ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانـى قىلغانلىقـى بولـۇپ، بـۇ روھ
ئىنتايىن قىممەتلىـك، لېكىـن لۇشۈن ئەينـى ۋاقىتتـا،
ئەدەبىياتـ سەنئەت ئارقىلىق خەلقنىڭ روھىنى ئۆزگەرـ
تىپ ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇشنى «ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى تەلـ
پى» دەپ قارىغان بولسىمۇ، بۇ قاراش خۇددى «ئىلىمـ
پەن ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش» دېگەن قاراشقـا
ئوخشاشلا بىر خـام خىيال ئىدى. چۈنكى، يېرىم مۇستەمـ
لىكـە ۋە يېرىم فېئوداللىق جۇڭگونى پەقەت ئىلىمـپەنگە
تايىنىپـلا قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ۋە خەلققە بەخت يارىتىش
مۇمكىن ئەمەس. توغرا سىياسىي لۇشيەندىن ئايرىلغاندا،
قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنى
ئاغدۇرمىغاندا، ئىنقىلابنىڭ تۈپ مەسىلىلىرىنـى ھەل
قىلغىلى بولمايدۇ، جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزم كۈچلىرىنىڭ
زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ
پاجىئەلىك تەقدىرىنىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. لۇشۈن
ئەينى ۋاقىتتا ئەدەبىياتـ سەنئەت بىلەن ئىنقىلابنىڭ
مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنەلمىگەن بولغاچقـا، ئۇنىڭ
«ئەدەبىياتـ سەنئەت ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش»
ئىدىيىسى مەلۇم چەكلىمىلىككە ئىگـە بولـۇپ، ئۇنىڭدا
ئىدىئالىزملىق تۈس بار ئىدى. كېيىنكـى مەزگىللـەردە
لۇشۈن ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىدىيىسىدىكى
چەكلىمىلەرنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، ئۇلۇغ كوممۇ-
نىزم جەڭچىسىگە ئايلاندى.

لۇشۈن «تېڭىپ ئەپەندى» دېگەن ئەسىرىدە، تېڭىپ
ئەپەندىنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى قىزغىن
مەدھىيىلىگەن.
تېڭىپ ئەپەندى — توغرا نىيەتلىك، ئەستايىدىل
ياپون ئالىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىي
پەزىلىتى مۇنداق بىرنەچچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

**1. جۇڭگو خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇق ھېسسىياتى**

لۇشۈن شيەنتەي تىببىي تېخنىكومىغا بارغاندا،
جۇڭگو — ياپونىيە ئۇرۇشى ئاياغلاشقىنىغا ئانچە ئۇزۇن
بولمىغانىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئەكسىيەتچى ۋە چىرىك
بولغاچقا، جاھانگىرلارغا قارىتا تەسلىمچىلىك قىلىپ،
ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساتىدىغان بىرنەچچە
تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن
ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.
ياپونلۇقلار جۇڭگونى «ئاجىز دۆلەت» دەپ قاراپ،
ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان ئوقۇغۇچىلارنى قىلچە كۆزگە
ئىلمايتتى. ئاشكارا چەتكە قېقىپ، چىدىغۇسىز كەمسىتەت-
تى. لۇشۈنمۇ كۆپ قېتىم چەتكە قېقىلغان ۋە كەمسىتىل-
گەنىدى. ئۇ شيەنتەي تىببىي تېخنىكومىدا ئوقۇۋاتقان
دەسلەپكى يىلى ئاناتومىيە دەرسىدىن ئېلىنغان يىللىق
ئىمتىھاندا، 100 دىن ئارتۇق ساۋاقداشلىرى ئىچىدە،
ئاتمىشتىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئىمتىھاندىن ئۆتىدۇ.
ئەمما مىللەتچى ئىرقچىلىق ئىدىيىلەر بىلەن قاتتىق زەھەر-
لەنگەن بىر قىسىم ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلار لۇشۈننىڭ
ئىمتىھان نەتىجىسىدىن قاتتىق گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ



دەرستىن يازغان خاتىرىلىرىنى تەكشۈرىدۇ ھەمدە
«ئاناتومىيە دەرسىدىن ئېلىنغان ئىمتىھان سوئاللىرىغا
تېڭىپ ئەپەندى بەلگە قويۇپ بەرگەن»، «شۇنىڭ
ئۈچۈن شۇنداق يۇقىرى نەتىجە ئالالىغان» دەپ
تۆھمەت چاپلايدۇ. ھەتتا، ئۇنىڭغا «تۆۋە قىل» دەپ
قاتتىق تەھدىت سالىدۇ. بۇ ياپونىيىدىكى ھۆكۈمرانلار
سىنىپىنىڭ مىللەتچىلىك ماتېرىيالىنى بولغا قويغانلىقى-
نىڭ نەتىجىسى، لېكىن تېڭىپ ئەپەندى ئۇنداق
قىلمايدۇ. ئۇ لۇشۈنگە خۇددى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئوقۇغۇ-
چىلىرىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈپ، مەسئۇلىيەتچانلىق
بىلەن قىزغىن ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ، قىلچە
مىللىي ئايرىمىلىق قىلماي، تولۇپ تاشقان دوستلۇق
ھېسسىياتتا بولىدۇ. لۇشۈن ئوپېراتسىيە پراكتىكىسىنى
باشلىغان چاغدا، تېڭىپ ئەپەندى «جۇڭگولۇقلار جىن-
ئەرۋاھقا ناھايىتى ئىخلاس قىلىدۇ» دەپ ئاڭلىغان
بولغاچقا، ئۇنىڭ جەسەتنى يېرىشقا ئۇنىماسلىقىدىن
ئەندىشە قىلىدۇ، ئەمما لۇشۈندە «بۇنداق ئەھۋال يۈز
بەرمىگەن» لىكىنى كۆرگەندە كۆڭلى تىنىپلا قالماي، يەنە
ناھايىتى خۇشال بولىدۇ. لۇشۈندىن زور ئۈمىد كۈتۈپ،
ئۇنى ھارماي - تالماي تەربىيىلەپ لۇشۈن ئارقىلىق
«يېڭى مېدىتسىنانىڭ جۇڭگوغا يېتىپ بېرىشى» نى
ئۈمىد قىلىدۇ، شۇڭا لۇشۈن «دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىش-
تىن ۋاز كېچىپ، شيەنتەي تىببىي تېخنىكومىدىن كەت-
مەكچى بولغاندا، تېڭىپ ئەپەندى ئىنتايىن مەيۈسلىنى-
دۇ، ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيماي، بەكمۇ ھەسرەت چېكىدۇ؛

«ئىككىنچى ئوقۇش يىلىمىز ئاخىرلاشقاندا، تېڭيې ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مېدىتسىنا ئوقۇمايدىغانلىقىمنى ۋە شيەنتەيدىن كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ چىرايىدا بىرئاز مەيۈسلۈك ئالامىتى پەيدا بولغاندەك بولدى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز قىلغۇسى كەلگەندەك بولسىمۇ، لېكىن گەپ قىلمىدى... تېڭيې ئەپەندىنىڭ بىرئاز مەيۈس بولغانلىقىنى كۆرۈپ ... يالغان گەپ بىلەن كۆڭلىنى ياساپ قويدۇم... مېڭىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، ئۇ مېنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ، ئارقا تەرىپىگە «يادىكار» دېگەن سۆز يېزىلغان بىر پارچە سۈرىتىنى بەردى ۋە مېنىڭمۇ ئۆز سۈرىتىمنى ھەدىيە قىلىشىمنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، لېكىن شۇ كۈنلەردە مېنىڭ سۈرىتىم يوق ئىدى. ئۇ كېيىنچە ئەۋەتىپ بېرىشىمنى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالىمنى پات ـ پات خەت ئارقىلىق بىلدۈرۈپ تۇرۇشۇمنى جېكىلىدى.»

تېڭيې ئەپەندىنىڭ لۇشۈنگە بولغان بۇ سەمىمىي كۆيۈمچانلىقى، ئۇنىڭ قىلچىمۇ مىللىي ئايرىمىلىق كۆز قارىشى بولمىغان ئالىيجاناب خىسلىتىنى نامايان قىلىدۇ. لۇشۈن يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇنىڭ مەندىن كۈتكەن قىزغىن ئارزۇلىرى، ماڭا ھارماي ـ تالماي بەرگەن تەربىيىلىرى، كىچىكرەك قىلىپ ئالغاندا جۇڭگونى كۆزدە تۇتقانلىقى، يەنى جۇڭگونىڭ يېڭى مېدىتسىنالىق بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئىدى. چوڭراق قىلىپ ئېيتقاندا ئىلىمنى كۆزدە تۇتقانلىقى، يەنى، يېڭى مېدىتسىنانىڭ جۇڭگوغا يېتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئىدى.» مانا بۇ تېڭيې ئەپەندىنىڭ ئۇلۇغ تەرىپى،



شۇنداقلا لۇشۈننىڭ ئۇنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەيدىغان ۋە سېغىنىپ ئەسلەيدىغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى. تېڭيې ئەپەندى ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولغاچقا، لۇشۈن ئۇنىڭغا ناھايىتى يۈكسەك باھا بېرىدۇ: «مېنىڭ نەزەرىمدە ۋە قەلبىمدە ئۇنىڭ خۇلقى ئۇلۇغ ئىدى. ئۇنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى بىرمۇنچە ئادەملەرگە نامەلۇم بولغان تەقدىردىمۇ.»

جۇڭگو ـ ياپونىيە ئىككى دۆلەت بىرنەچچە مىڭ يىللىق دوستانە بېرىش ـ كېلىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىغا ئىگە. گەرچە ياپونىيىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار چىرىك مىلىتارىزملىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ، جۇڭگو ـ ياپونىيە خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ سەمىمىي دوستلۇقى ئۈزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. لۇشۈن بىلەن تېڭيې ئەپەندىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى جۇڭگو ـ ياپونىيە خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئىپادىلەپ، بۇ ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئىچىگە يېڭى دوستلۇق ئۇرۇقىنى چاچتى.

## 2. دەرس ئوقۇتۇشى ئەستايىدىل، تەلەپچانلىقى كۈچلۈك

تېڭيې ئەپەندى سۆڭەك ئىلمى، قان تومۇرى ئىلمى ۋە نېرۋا ئىلمى دەرسلىرىنى ئۆتكەندە، ئۆزلۈكىدىن لۇشۈننىڭ دەرس خاتىرىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، باشتىن ـ

ئاخىر ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىدۇ، خاتا يازغان خەتلەرنى بىرمۇ بىر ئۆزگەرتىپ، «چالا قالغان بىرمۇنچە يەرلىرىنى تولدۇرۇپ» قويىدۇ، ھەتتا «ئىملا قائىدىلىرىنى بىر - بىرلەپ توغرىلاپ» قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى لۇشۈننىڭ پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم فۇداۋ قىلىپ بېرىدۇ. تېڭيې ئەپەندى لۇشۈننىڭ ئاناتومىيە رەسىملىرىنى سىزغاندا يىلىك قان تومۇرنىڭ ئورنىنى بىرئاز يۆتكىۋەتكەن خاتالىقىنىمۇ قىزغىنلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاناتومىيە رەسىملىرى تەسۋىرىي سەنئەت ئەمەس، ئەينەن نەرسە. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيمىز، ھازىر تۈزىتىپ قويدۇم. بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈنلەي دوسكىدىكىدەك سىزىڭ.» تېڭيې ئەپەندىنىڭ ئىلىم - پەنگە قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي ئەستايىدىل، تەلەپچان روھى لۇشۈنگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### 3. ئۆگىنىشتە قىزغىن، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا

تېڭيې ئەپەندى دەرسخانىغا ھەر خىل كىتابلارنى ئەكىرىپ، دەرسنى ناھايىتى سالماق، بەكمۇ تەبىئىي سۆزلەيدۇ. تەتقىقات ئىشخانىسىدا ھەر دائىم ئادەم سۆڭەكلىرى ۋە يەككە - يەككە باش سۆڭەكلىرى ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سۆڭەك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ھەمدە ھەر خىل ئىلمىي ماقالىلەرنى



يازىدۇ، ئەمما ئۇ ئىلىم - پەننى شان - شۆھرەت ۋە بايلىققا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدىغان بۇرژۇئازىيە ئالىملىرىغا ئوخشاش تەكەببۇر، شۆھرەتپەرەس ئەمەس، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئاددىي - ساددا، كىيىم - كېچەكلىرى كونا بولۇپ، قىش كۈنلىرى بىرلا كونا پەلتو بىلەن دۈگدىيىپ يۈرىدۇ. بەزىدە ھەتتا گالستۇكىنى تاقاشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن تېڭيې ئەپەندىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئۆگىنىشكە ۋە ئىلىم - پەن تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان كۆچلۈك ئىلمىي روھقا ئىگە ئالىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لۇشۈن «تېڭيې ئەپەندى» دېگەن ئەسىرىدە، تېڭيې ئەپەندىنىڭ ھەقىقىي ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتىدىن كۈچ ۋە ئىلھام ئېلىپ، ئاتالمىش «پەزىلەتلىك ئالىيجاناب» قا ئوخشاش بىرنېمىلەرگە قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن.

تېڭيې ئەپەندى — ئاددىي - ساددا، كەمتەر، راستچىل، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، تەلەپچان، جۇڭگو خەلقىگە بولغان دوستلۇق ھېسسىياتى تولۇپ تاشقان ياپون ئالىمى، شۇنداقلا لۇشۈننىڭ ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايدىغان «خۇلقى ئۇلۇغ» ئۇستازى. لۇشۈن «مەن ئۇستازىم دەپ بىلىدىغانلار ئىچىدە ئۇ مېنى ھەممىدىن بەك رازى قىلغان، ماڭا ھەممىدىن بەك ئىلھام بەرگەن ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى» دەپ قاراپ، تېڭيې ئەپەندىنى داۋاملىق

سېغىنىپ ئەسلەيدۇ. ئۇنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىدىن كۈچلۈك ئىلھام ئېلىپ، ئەڭ قىيىن مىنۇتلاردىمۇ غەيرەتىنى بوشاشتۇرمايدۇ. لۇشۈن بۇ ھەقتە ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «تېڭيې ئەپەندىنىڭ سۈرىتى ھازىرغىچە بېيجىڭدىكى ئۆيۈمنىڭ شەرقى تېمىدا، يېزىق ئۈستەلىمنىڭ ئۇدۇلىدا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ھەر ۋاقىت كېچىدە ھېرىپ - تېلىپ، ھورۇنلۇقۇم تۇتقاندا، ئۇنىڭ ئۈستۈمدىكى چىراغ نۇرىدىن تاۋلىنىپ تۇرغان قارامتۇل، ئورۇق چىرايىغا، خۇددى سالماق ھالدا گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندەك قىيايىتىگە كۆزۈم چۈشىدۇ - دە، بىردىنلا خىجىل بولۇپ قالىمەن، شۇنىڭ بىلەن يەنە غەيرەتكە كېلىپ، بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، ‹پەزىلەتلىك ئالىيجاناب› قا ئوخشاش بىرنېمىلەرنىڭ تىنتاق تومۇرىغا تېگىدىغان ماقالىلىرىمنى يېزىشنى داۋاملاشتۇرىمەن.

3

«تېڭيې ئەپەندى» ئەسلىمە خاراكتېرلىك ئەسىر بولۇپ، ئۇنىڭدا لۇشۈننىڭ ياپونىيىدە ئوقۇغان مەزگىلدىكى تۇرمۇشى جانلىق خاتىرىلەنگەن، لېكىن ھەممىسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تىپىك، ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە ۋەقە ۋە تەپسىلاتلار يېزىلغان. مەسىلەن، توكيودىكى «مەنچىڭ دۆلىتىدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار» نىڭ مەنىسىز تۇرمۇشى، توكيودىن شىيەنتەيگە



بارغۇچە يول ئۈستىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرى، شىيەنتەيگە بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى، بىر قىسىم ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارمىللەتچىلىك قىلمىشلىرى، خۇەندىيېك فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىنكى ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشى، تېڭيې ئەپەندىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەربىيىسى، تېڭيې ئەپەندى بىلەن خوشلىشىش، لۇشۈننىڭ ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشلىق ھېسسىياتى ھەم باھاسى، تېڭيې ئەپەندىنىڭ لۇشۈننىڭ جەڭگىۋار تۇرمۇشىغا بەرگەن تەسىرى قاتارلىقلار. مۇنداق قارىغاندا، بۇ ۋەقەلەر بىر - بىرىگە دېگەندەك چېتىشى باغلانمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئىنچىكە تەھلىل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا يېزىلغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەسەردە لۇشۈن بىلەن تېڭيې ئەپەندىنىڭ «دوستلۇق مۇناسىۋىتى» يىپ ئۇچى قىلىنغان بولۇپ، باشقا ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر - بىرىگە زىچ گىرەلەشتۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن تېڭيې ئەپەندىنى مەدھىيىلەش ۋە خاتىرىلەش ئاساسىي نۇقتا قىلىنىپ، ئاپتورنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«تېڭيې ئەپەندى»نىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. لۇشۈن بۇ ئەسىرىدە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل نەرسىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر

ئەرسنىڭ ئوخشاشمىغان ئىككى تەرىپىنىمۇ بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، مەركىزىي ئىدىيىنى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ بېشىدا، ئاپتورنىڭ شىيەنتەي تىببىي تېخنىكومىدىكى ئاددىي-ساددا تۇرمۇشى بىلەن توكيودىكى «مەنچىڭ ھۆكۈمىتىدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار» نىڭ مەنىسىز تۇرمۇشى سېلىشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ سېلىشتۇرمىدا بىر تەرەپتىن، ئاپتورنىڭ ئىلىم-پەن ئارقىلىق ۋەتىنىنى قۇتقۇلدۇرۇش قىزغىنلىقى نامايان قىلىنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «مەنچىڭ دۆلىتىدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار» نىڭ ئىلىم-پەن ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەي، پەقەت ئويۇن-تاماشىغىلا بېرىلىپ كەتكەن نادانلىقى قاتتىق تەنقىد قىلىنغان. شۇنىڭغا ئۇلاپلا، تېڭيې ئەپەندىنىڭ لۇشۈنگە بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن، بىر قىسىم ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ لۇشۈننى كەمسىتىشى سېلىشتۇرۇلۇپ تېڭيې ئەپەندىنىڭ مىللىي يەكلەش كۆز قارىشى بولمىغان، جۇڭگو خەلقىگە دوستانە ياردەم بېرىدىغان ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ھەمدە ياپونىيىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ مىلىتارىزمچە مائارىپنى يولغا قويغانلىقىنىڭ قەبىھ نەتىجىلىرى پاش قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، تېڭيې ئەپەندىنىڭ لۇشۈندىن ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمىغان ھەسرەتلىك ھېسسىياتى، لۇشۈننىڭ شىيەنتەي تىببىي تېخنىكومىدىن كېتىش ۋاقتىدىكى قەتئىيلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ سېلىشتۇرمىدا، بىر تەرەپتىن



تېڭيې ئەپەندىنىڭ «يېڭى مېدىتسىنانىڭ جۇڭگوغا يېتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلغان» پاك قەلبى ئىپادىلەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، لۇشۈننىڭ دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىپ، «ئەدەبىيات-سەنئەت ئارقىلىق خەلقنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىش» ئىدىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكى نامايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، تېڭيې ئەپەندىنىڭ «ئۇلۇغ خۇلقى» بىلەن ئاتالمىش «پەزىلەتلىك ئالىيجاناب» لارنىڭ پەسكەشلىكى سېلىشتۇرۇلۇپ، تېڭيې ئەپەندىنىڭ لۇشۈنگە بەرگەن تەسىرىنى ئەمەلىي نەتىجىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا يەنە ۋەتەن ۋە خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرۈۋاتقان ۋەتەن ساتقۇچ غالچىلارغا غەزەپلىك خەنجەر ئۇرۇلغان. «تېڭيې ئەپەندى» دىكى بۇ سېلىشتۇرمىلار ئاپتورنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشتە ئاكتىپ خىزمەت قىلغان، شۇڭا بۇ ئەسەردىكى سېلىشتۇرمىلار ئوقۇغۇچىلارنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ۋە كۈچلۈك تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

## «مەسخىرەم»

بۇ شېئىرنى لۇشۈن 1932 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يازغان. كېيىن «توپلام سىرتىدىكى توپلام» غا كىرگۈزگەن.

1

لۇشۈننىڭ «مەسخىرەم» دېگەن شېئىرى يېزىلغان ۋاقىتتا، جياڭ جيېشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە خەلققە قارشى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى ئىنتايىن غالجىرلاشقان ئىدى. جاڭ جيېشى مەركىزىي سوۋېت رايونىغا قاراتقان تۆتىنچى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي «قورشاپ يوقىتىش» قا ماسلىشىش ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردا مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەكسىلئىنقىلابىي «قورشاپ يوقىتىش» نى مۇ غالجىرلىق بىلەن يولغا قويىدى: ئىلغار كىتاب - ژۇرناللارنىڭ تارقىلىشىنى چەكلىدى، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى كۆپلەپ تۇتقۇن قىلدى ۋە دەھشەتلىك باستۇردى. پرولېتارىيات مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاۋانگارتى



لۇشۈنمۇ ئەكسىيەتچى جياڭ جيېشىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەكسىلئىنقىلابىي «قورشاپ يوقىتىش» نىڭ دەھشەتلىك مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەدىبلىرىنى لۇشۈنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۈيۈشتۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە زور تۈركۈمدە ئىشپىيون، ساقچى، جاللاتلارنى ئىشقا سېلىپ، لۇشۈننى نەزەربەند قىلدى. بۇ بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەر جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي «قورشاپ يوقىتىش» بىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسى لۇشۈنگە خىلمۇ خىل بوھتانلارنى چاپلاپ ئېغىر زىيانكەشلىكلەرنى قىلدى. بۇ ۋاقىتتا لۇشۈن ئىنتايىن خەتەرلىك شارائىتتا قالغانىدى، لېكىن ئۇ «تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سۈۋادان تېرەك ئىدى. ھەر تەرەپكە ئىغاڭلاپ تەۋرىنىپ تۇرىدىغان ئوت - چۆپ ئەمەس ئىدى.» شۇڭا لۇشۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاق تېررورلۇقىدىن قورقۇپ كەتمىدى. شىددەتلىك كۈرەشلەر جەريانىدا تېخىمۇ چېنىقىپ جۇڭگو مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسىگە ئايلاندى. «مەسخىرەم» دېگەن بۇ شېئىر لۇشۈننىڭ مانا شۇ تارىخىي دەۋردىكى كۈرەش روھى بىلەن جەڭگىۋار ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى.

2

لۇشۈننىڭ «مەسخىرەم» دېگەن شېئىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاق تېررورلۇقى ئىچىدە يېزىلغان

بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمـ
رانلىقىدىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى رەھىمـ
سىز پاش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب يولىدا ھېچنېمىدىن
قورقمايدىغان پىداكارلىق روھىنى ئىپادىلىگەن.

بۇ ئۇلۇغۋار شېئىرغا يولداش ماۋزېدۇڭ يۇقىرى
باھا بەرگەن ۋە ئۇنى مۇكەممەل شەرھلەپ مۇنداق
دېگەن: «لۇشۈننىڭ ‹ھومىيىپ لەنتىلەرگە باقمەن
قەھرىم بىلەن، باش ئېگىمەن سەبىيلەرگە بولۇپ گويا
ياۋاش كالا› دېگەن ئىككى مىسرا شېئىرى قىبلىنامە
مىز بولۇپ قالسۇن. ‹لەنتىلەر› بۇ يەردە ‹دۈشمەن›
دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. بىز ھەرقانداق ياۋۇز دۈشـ
مەنگە ھەرگىز باش ئەگمەيمىز. ‹سەبىي بالىلار› بۇ يەردە
‹پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسى› دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىـ
تىدۇ. بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، بارلىق ئىنقىلابچىلار،
بارلىق ئىنقىلابىي ئەدەبىيات — سەنئەت خادىملىرى
لۇشۈندىن ئۈلگە ئېلىپ، پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممـ
ىسىغا كالا بولۇشى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچى ۋە پۈتۈن
ھاياتىنى ئەڭ ئاخىرقى نەپەسكىچە قەدەر شۇلارغا بېغىشـ
لىشى لازىم.» («يەنئەن ئەدەبىيات — سەنئەت سۆھبەت
يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق» قا قارالسۇن). يولداش
ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ يوليورۇقى لۇشۈننىڭ يېتەكچى ئىدـ
يىسىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزدا ھەم ئۆگىنىشىمىزدە، شۇنىڭـ
دەك، مۇشۇ شېئىرنى چۈشىنىشىمىزدە، ھەم ئۆگىنىشىمىزدە
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.



لۇشۈن «مەسخىرەم» دېگەن شېئىرىدا ئۆزىنىڭ
ئاق تېررورلۇق ئىچىدە تۇرغان خەتەرلىك شارائىتنى ۋە
ئۇنىڭغا تۇتقان مەردانە پوزىتسىيىنى تەسۋىرلەش ئارقـ
ىلىق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستىك تۈزۈـ
مىگە بولغان كۈچلۈك قارشىلىقىنى ۋە بۇ فاشىستىك تۈزۈمـ
نى ئاغدۇرۇش يولىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەيـ
سەر ئىنقىلابىي كۈرەش روھىنى ئىپادىلىگەن. خەلق ئىنقـ
لابىي ئىشلىرىنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىشىغا بولغان
يۈكسەك ئىشەنچىنى ۋە ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن
ئاخىرقى نەپەسكىچە كۈرەش قىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىراـ
دىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

لۇشۈن «مەسخىرەم» دېگەن شېئىرىنىڭ «چۈشەـ
قىسمەت سايىسى، قىلاي قانداق مۇددىئا» دېگەن بىرىنچى
مىسرالا ئۆزىنىڭ ئاق تېررورلۇق ئاستىدىكى كەچۈرمىشـ
لىرىنى بايان قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قاراڭغۇ رېئاللىقنى
غەزەپ بىلەن پاش قىلغان ھەمدە گومىنداڭ ئەكسىيەتـ
چىلىرىنىڭ ئاق تېررورلۇقى ئاستىدا كۈرەش ئېلىپ بېرىش
ئىنتايىن جاپا — مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتـ
كەن. شېئىرنىڭ «رۇسلىما يىلا قەددىمنى كەلدى ماڭا چوڭ
پەشۋا» دېگەن ئىككىنچى مىسراسى بىرىنچى مىسرا بىلەن زىچ
باغلانغان بولۇپ، لۇشۈن ئۇنىڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتـ
چىلىرىنىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان
خەلق ئاممىسىدا قىلچە ئەركىنلىك، ھوقۇق يوقلۇقىنى،
ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئىنتىلىۋاتقان خەلقلەرنى، ۋەتەنـ

نىڭ ئازادلىقى ۋە بەخت – سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش
قىلىۋاتقان ئىنقىلابچىلارنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
دەھشەتلىك باستۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەممە يەرنى زۇلمەت
قاپلاپ، جۇڭگو جەمئىيىتى نەپەس ئالغىلى بولمايدىغان
قاراڭغۇ زىندانغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.
بۇ ئىككى مىسرا شېئىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
فاشىستىك مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلق
ئاممىسىنىڭ قىلچىلىك ھوقۇقتا ھەم ئەركىنلىككە ئىگە
بولالمىغانلىقىنىڭ رېئال كۆرۈنۈشىدۇر.

«چۆكۈرۈپ سەت شەپكەمنى ئۆتتۈم ئاۋات رەستىدىن،
خاراب كېمە مەي بېسىپ ئۈزمەكتە قاينام ئارا»

دېگەن مىسرالىرىدىن لۇشۈننىڭ ئاق تېررورلۇق ئىچىدە
تۇرۇپمۇ، ھېچنېمىدىن قورقماي باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش
قىلغان ئىنقىلابىي قەيسەر روھى ئىپادىلەنگەن. «رەستە»
سىنىپىي ئېلىشىش، سىنىپىي كۈرەش مەيدانىنىڭ سەۋەبى
بولۇپ، «قاينام» ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن ئەكسىل ئىنقى-
لابىي كۈچلەرنىڭ ئېلىشىشى ئىنتايىن كەسكىن، ئۆتكۈر
بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لۇشۈن بۇ ئىككى مىسرادا
دۈشمەننىڭ ئاق تېررورلۇقىدىن قورقماي كۈرەش قىلىشقا،
ئىنقىلاب قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، ئىنقىلاب يولىدا
ھاياتىنىڭ خېيىم – خەتەرگە يولۇقۇشىنى ئويلىماسلىقنى
ئالاھىدە تەكىتلىگەن. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
ئاق تېررورلۇقى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن خەتەرلىك
شارائىتتا دۈشمەننىڭ باستۇرۇش ھەم زىيانكەشلىك
قىلىشىدىن پاسسىپ مۇداپىئە كۆرمەي، خەۋپ – خەتەر-



دىن قاچماي، كۈرەش قىلىشقا، ئىنقىلاب قىلىشقا جۈر-
ئەتلىك بولۇشىنىڭ ئۆزى بىر دىنبىر چىقىش يولى
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشتا قانداق
پوزىتسىيە ۋە تاكتىكا قوللىنىش لازىم؟ لۇشۈن «مەسخى-
رەم» دېگەن شېئىرىنىڭ كېيىنكى تۆت مىسراسىدا بۇ
مەسىلىگە ئايرىم – ئايرىم ھالدا ئېنىق جاۋاب بېرىپ،
ئىنقىلابتا بايراق ئېنىق بولۇش، مەيدان مۇستەھكەم
بولۇش، ھەرقانداق قورقۇش ۋە تەۋرىنىش خاھىشلىرى
بولماسلىقى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن.

«ھومىيىپ لەنىتىلەرگە باقمەن قەھرىم بىلەن،
باش ئېگىمەن سەبىيلەرگە بولۇپ گويا ياۋاش كالا.»

بۇ ئىككى مىسرا شېئىر ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭ-
چىسى لۇشۈننىڭ قەتئىي ئىنقىلابىي ئىرادىسى ۋە مۇھەب-
بەت – نەپرىتى ئېنىق بولغان سىنىپىي كۆز قارىشىنىڭ
جەۋھىرى، پرولېتارىياتلىق دۇنيا قارىشىنىڭ كونكرېت
ئىپادىسى، بىر پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىنىڭ جەڭگىۋار
قەسىمى شۇنداقلا پۈتۈن شېئىرنىڭ يادروسىدۇر.

بۇ ئىككى مىسرادىكى «ھومىيىپ لەنىتىلەرگە» دېگەن
سۆز دۈشمەنگە بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكىنى ۋە قىلچە
مەنسىتمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، «باش ئېگىمەن» دېگەن
سۆز پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن تولۇپ
تاشقان ئىنقىلابىي قىزغىنلىقنى ھەم چەكسىز قايناق
ئىنقىلابىي ئېپتىخارلىقنى ئىپادىلىگەن، بۇ مىسرادا
ئىككى خىل پوزىتسىيە سېلىشتۇرۇلۇپ، پرولېتارىيات

ئىنقىلابچىلىرنىڭ قەتئىي، يۈكسەك، مەردانە، ئۇلۇغ-
ۋار ئوبرازى سۈرەتلەپ بېرىلگەن. كىشىلەر قەلبىنى
تىترىتىدىغان، جىددىي، ئۆتكۈر، سىنىپىي كۈرەش جەر-
يانىدا پەقەت پرولېتارىيات ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى
تەرەپتە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئۇلار ئۈچۈن جان - دىل
بىلەن خىزمەت قىلغاندا ئاندىن بارلىق دۈشمەنلەرنى
تارمار قىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى ئۈزۈل - كېسىل يوقى-
تىپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.
بۇ ئىككى مىسرا شېئىر ئالدىنقى تۆت مىسرادىكى مەزمۇن
بىلەن زىچ باغلىنىپ، پۈتۈن شېئىرنىڭ ئىدىيىسىنى
يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، كېيىنكى مىسرالارنىڭ مەز-
مۇنى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

«كۆلبەمنى قىلىپ دۇنيا، شۇندا بولسام مەن تەنھا،
بولسا قىش - ياز، كۈز - كۆكلەم، قىلماي مەن ئاڭا پەرۋا.»

لۇشۈن بۇ ئىككى مىسرادا دۈشمەنگە قارشى قانداق
كۈرەش قىلىش مەسىلىسىگە جاۋاب بېرىپ، كۈرەش
تاكتىكىسىدا جانلىق ۋە جەڭگىۋار ئىرادە بولۇش كېرەك-
لىكىنى تەكىتلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى
بوشاشماي ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى ئىپا-
دىلىگەن. «كۆلبەمنى قىلىپ دۇنيا، شۇندا بولسام مەن
تەنھا» دېگەن مىسرا جەڭدە ھەرگىز قاچقۇنلۇق قىل-
ماسلىق، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلماسلىق، ئۆزىنىڭ شەخسىي
خاتىرجەملىكىنى دەپ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار
بىلەن كارى بولماسلىقتەك ھادىسىلەردىن ساقلىنىپ،
ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئورنىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، كۈرەش



ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، دۈشمەن بىلەن ئۆزلۈكسىز تىنىمسىز
تىغ كۈرەش قىلالايدىغان بولۇش كېرەكلىكىنى كۆرسەت-
كەن. ئاق تېررورلۇق ئەۋج ئالغان، دۈشمەن كۈچلۈك، بىز
ئاجىز بولغان ئەھۋال ئاستىدا كۈرەش تاكتىكىسىنى پۇختا
ئىگىلەپ جانلىق ھەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ
غەلىبىنى قەدەممۇ قەدەم قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقىنى
تەكىتلىگەن. «بولسا قىش - ياز، كۈز - كۆكلەم، قىلماي-
مەن ئاڭا پەرۋا» دېگەن مىسرادا، لۇشۈن دۈشمەن مەيلى
قانداق ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلەتسۇن ئۇنىڭغا قىلچە
پەرۋا قىلماي، دۈشمەننىڭ يۇمشاق - قاتتىق ئۇسۇللى-
رىنىڭ ھەممىسىنى تارمار قىلىپ چاپا - مۇشەققەتتىن
قورقماي، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ،
ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئىرادىسىنى ئىپادى-
لىگەن. بۇ ئاخىرقى ئىككى مىسرا ئالدىنقى مىسرالار
بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ، مەزمۇن جەھەتتىن بىر-
بىرىنى تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ لۇشۈننىڭ ئىنقىلابىي
ئىرادىسىنىڭ قەتئىيلىكىنى، كۈرەش تاكتىكىسىنىڭ
جەڭگىۋار، جانلىقلىقىنى ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ
بەرگەن.

3

لۇشۈننىڭ «مەسخىرەم» ناملىق شېئىرى تۆۋەن-
دىكىدەك بىرقانچە مۇھىم بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئىنقىلابىي ئۈمىد-

ۋارلىق روھ زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەسەرنىڭ باش تېما ئىدىيىسى تولۇق ئېچىپ بېرىلگەن.

مەسىلەن، لۇشۈن «چۆكۈرۈپ سەت شەپكەمنى ئۆتتۈم ئاۋات رەستىدىن»، «خاراب كىيمە مەي بېسىپ ئۈزمەكتە قايىنام ئارا» دېگەن مىسرالىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئەركىن يۈرەلمەي، ھەتتا ئاۋات رەستىلەردە ماڭغاندىمۇ يىرتىق شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كېيىپ، ئۆزىنى دالدا قىلىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى، ياشىغان شارائىتى خۇددى تېگىدىن سۇ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەسكى كېمە لىق ھاراق بېسىپ دەريانىڭ قايىنىمىدا لەيلەپ يۈرگەندەك ھەمىشە غەرق بولۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ يەنىلا كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى تولۇق نامايان قىلغان.

(2) ۋاستىلىك تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۆتكۈر مەسخىرە قىلىش ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

لۇشۈن «مەسخىرەم» دېگەن شېئىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى بىۋاستە پاش قىلغان ئەمەس، بەلكى ئەگىتمە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ خۇددى ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى شىددەتلىك ئوت ئاچقان ۋە ئەكسىيەت



چىلەرنىڭ چىرىكلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق قىلمىشمۇ ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئۆتكۈر ھەجۋىي بىلەن قاتتىق مەسخىرە قىلغان ۋە شۇنداق ئۆتكۈر مەسخىرە قىلىش جەريانىدا «ھومىيىپ لەنىتىلەرگە باقىمەن قەھرىم بىلەن، باش ئېگىمەن سەبىيلەرگە بولۇپ گويا ياۋاش كالا» دېگەن ياڭقۇنلۇق مىسرالارنى يارىتىپ، ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى سىزەتلەپ بەرگەن.

## لۇشۇننىڭ «چۇقان» ۋە «تېڭىرقاش» ناملىق ھېكايە توپلاملىرى توغرىسىدا

لۇشۇن جۇڭگو ھازىرقى زامان رېئالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىسى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى رېئالىزملىق خۇسۇسىيەتلەرنى «چۇقان» ۋە «تېڭىرقاش» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لۇشۇننىڭ «چۇقان» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى 1918 - يىلىدىن 1923 - يىلىغىچە يېزىلغان ئەسەرلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇ «سەۋدايى خاتىرىسى» «يۇرتۇم»، «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئون تۆت پارچە ھېكايە، پوۋېستنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «تېڭىرقاش» 1924 - يىلىدىن 1925 - يىلىغىچە يېزىلغان ھېكايىلەرنىڭ توپلىمى بولۇپ، ئۇ «بەختلىك ئائىلە»، «مەيخانىدا»، «ئاجرىشىش»، «ھەسرەت» قاتارلىق ئون بىر پارچە ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ ئىككى توپلامدىكى ئەسەرلەر ھېسسىيات جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ، لېكىن ئۇلاردا



ئەكس ئەتكەن ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىر - بىرىدىن خېلىلا پەرق قىلىدۇ. لۇشۇن «چۇقان»دا فېئوداللىزمغا قارشى غەزەپلىك چۇقان كۆتۈرگەن بولسا، «تېڭىرقاش»تا «نەيزە كۆتۈرۈپ تېڭىرقاپ يۈرگەن» كەيپىياتنى ئىپادىلىگەن، ئەمما بۇ تېڭىرقاش ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ئاستىلىتالمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىنقىلاب ھەقىقىتىنى جىددىي ئىزدەپ تېپىشىغا تۈرتكە بولدى.

لۇشۇن «چۇقان» ھەم «تېڭىرقاش» نامىلىق ھېكايە توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلىرىدە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىن تارتىپ، بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشقىچە بولغان دەۋرنىڭ تارىخىي رېئاللىقىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، «يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكى ۋە تۆۋەن قاتلام جەمئىيەتنىڭ بەختسىزلىكى» (لۇشۇن تاللانما ئەسەرلىرى 4 - توم 454 - بەتكە قارالسۇن)نى مەركەزلىك ئىپادىلىگەن. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### (1) فېئوداللىزمغا قارشى تۈرۈش خىتابنامىسى

لۇشۇننىڭ ھەممە ھېكايىلىرىگە فېئوداللىزمغا قارشى ئىدىيە سىڭگەن. ئۇلار فېئوداللىق جەمئىيەتكە قارىتا قان - ياشلىق شىكايەت ۋە كىشىلەرنى قوزغىلىپ كونا جەمئىيەتكە قارشى جەڭگە چاقىرغان جەڭگىۋار خىتابنامە بولۇپ، ئۇ بىيىكتىپ جەھەتتە پرولېتا-

رىيات رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب-
نىڭ ئۇيۇق تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

لۇشۈن 1918 - يىلى 5 - ئايدا، «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىدا يېڭى ئەدەبىي تىلدا! يېزىلغان تۇنجى ھېكايىسى «سەۋدايى خاتىرىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەر لۇشۈن ئىجادىيىتىنىڭ ئۇلۇغ باشلىنىشى. لۇشۈن بۇ ھېكايىسىدە، فېئوداللىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى-بىلەن، فېئوداللىق ئەدەب - ئەخلاقنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، قانخور فېئوداللىق جەمئىيەتكە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

لۇشۈن «سەۋدايى»نىڭ تىلى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنىڭ «ئادەم يېيىش» تارىخى ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئېچىپ بەرگەن: «ئۇ تارىخنىڭ يىللىرى يېزىلماپتۇ، لېكىن ھەربىر ۋاراقىغا (ۋاپا، ئىنساپ، ئەخلاق، ساخاۋەت) دېگەن خەتلەر ئەگرى - بۈگرى يېزىقلىق تۇرۇپتۇ. زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. تارىخنى تۈن ھەسسىگىچە ئوقۇغاندىن كېيىن، خەتلەرنىڭ ئارىلىقىدا پۈتۈن كىتاب بويىچە يېزىقلىق تۇرغان (ئادەم يېيىش) دېگەن خەتنى كۆردۈم!» «ئادەم يېيىش» دېگەن سۆز فېئوداللىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق ئەدەب - ئەخلاقنىڭ رەھىمسىز ماھىيىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىغان. ھېكايىدە، ئادەم يېگۈچىلەرنىڭ ئەشەددىي ھەم زەئىپ قىياپىتى ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. ئۇلاردا «شىرغا ئوخشاش رەھىمسىزلىك، توشقانغا ئوخشاش قورقۇنچاقلىق، تۈلكىگە ئوخشاش



ھىيلىگەرلىك بار.» ئۇلار ئەخلاقىي قائىدىلەر ئۈستىدە دەبدەبە بىلەن گەپ ساتقاندا، «كالپۇكلىرىدىن ئادەم يېغى بۆژغىراپ تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، يۈرىكىمۇ ئادەم يېيىش نىيىتى بىلەن تولۇپ تۇرغان». ئۇلارنىڭ ئادەم يېگۈسى بار، لېكىن «يەنە غەمخورلۇق قىلىپ بۇ نىيىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. توپتوغرا قول سېلىشقا پېتىنالمايدۇ.» ئۇلار ھەممە يەرگە «ئۈچ ئەركان، بەش ئەھكام»نىڭ تۈزاقلىرىنى قۇرۇپ، بىر مۇنچە «سادىق ۋەزىر، ۋاپادار ئوغۇل»، «دىيانەتلىك - ئىپپەتلىك ئايال» دېگەن نەرسىلەرنى ياساپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار «ئادەم ئۆلتۈردى» دېگەن بەتنامغىمۇ قالمايدۇ. «ئارزۇسىغىمۇ يېتىدۇ». ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان ئادەم يېيىشنىڭ مۇنداق ئەپچىل ئۇسۇللىرىنى مۇقەددەس نەرسە دەپ قاراپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرىدۇ، لېكىن سەۋدايىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى دەۋرنىڭ ئويغانغۇچىسى ئادەم يېگۈچىلەرنىڭ يىرتقۇچ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈپ «بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار» دەپ چۇقان سالىدۇ ھەمدە كەلگۈسىدە ئادەم يەيدىغانلار دۇنيادا ياشىيالمايدۇ» دەپ جاكارلايدۇ.

لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» دېگەن ھېكايىسىگە چوڭقۇر غەزەپ - نەپرەت سىڭگەن بولۇپ، ئۇ ئادەم يەيدىغان فېئودال قانخورلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى، ئاجىزلىقىنى ۋەھىيلىگەرلىكىنى چوڭقۇر پاش قىلىدىغان غەزەپلىك شىكايەتنامە. ئۇنىڭ پاش قىلىش ھەم تەنقىد

قىلىشتىكى چوڭقۇرلۇقى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى فېئودالىزمغا قارشى روھتا يېزىلغان ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ، ئەمما لۇشۈن تەسۋىرلىگەن «سەۋدايى» تېخى ئويغىنىش باسقۇچىدا تۇراتتى، شۇڭا ئۇ ئادەم يەيدىغان ئادەملەر»نى تىللاش بىلەن يەنە ئۇلارنى «نىيىتىدىن ياندۇرماقچى» بولۇپ، «دەرھال نىيىتىڭلارنى ئۆزگەرتىڭلار، چىن دىلىڭلاردىن ئۆزگەرتىڭلار» دەيدۇ. «بالىلارنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭلار» دېگەن شوئارىمۇ بىرئاز تومتاق ۋە ئابستراكت. بۇ لۇشۈننىڭ «4 - ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئىدىيىسىنىڭ ئىنكاسى.

لۇشۈننىڭ 1925 - يىلى 2 - ئايدا يېزىلغان «ئۆچمەس چىراغ» دېگەن ھېكايىسىدە، فېئودالىزمغا قارشى روھ تېخىمۇ روشەن ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. بۇ ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئۆچمەس چىراغ چىرىكلەشكەن ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتقان فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ سىمۋولى. كونىلىقنى ساقلىغۇچى جاھىل ھۆكۈمرانلار بۇ ئۆچمەس چىراغنى بارلىق كۈچى بىلەن قوغداپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جىنايەتكار دۇنيانى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، ئەمما «جىن چاپلىشىۋالغان» دەپ قارالغان بىر «ساراڭ» ئادەم ئۇنى ھەقىقىي ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. بۇ «ساراڭ» ھەرگىز ئادەم يەيدىغانلارنى «نىيىتىدىن ياندۇرۇش» خىيالىدا بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ باشقىلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ۋە سۇيىقەستلىرىگە ئالدانمايدۇ. باشقىلارنىڭ



تەھدىت ۋە پوپوزىلىرى بىلەن ئۆز ئىرادىسىدىن يالتىيىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ «ئوت قويۇۋېتىمەن!» دەپ غەزەپ بىلەن تولۇلاپ، «ئۈچ باشلىق، ئالتە قوللۇق، كۆك يۈزلۈك»لەرنى بىر تۇتام ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، قان - ياش بىلەن تولغان قاراڭغۇ جەمئىيەتنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتمەكچى بولىدۇ. دېمەك، «ئۆچمەس چىراغ» تىلى بۇ «ساراڭ» ئادەم «سەۋدايى خاتىرىسى»دىكى «سەۋدايى»غا قارىغاندا تېخىمۇ باتۇر ۋە تېخىمۇ قەتئىي» بولۇپ، ئۇ فېئودالىزمغا پىداكارلىق بىلەن قارشى تۇرۇش روھىغا ئىگە جەڭچىنىڭ ئوبرازىدۇر.

### (2) شىنخەي ئىنقىلابى ساۋاقلىرىنىڭ چوڭقۇر يەكۈنى

لۇشۈن «دورا»، «بىسەرەمجانلىق»، «ئاجىزىشىش»، «ھەسرەت»، «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ خەلقتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلىدى.

لۇشۈننىڭ «دورا» دېگەن ھېكايىسى 1919 - يىلى 4-ئايدا يېزىلغان. يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە، كىچىك چايخانا خوجايىنى خۇا لاۋشۇەننىڭ نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن يىغقان پۇلىغا ئىنقىلابچىنىڭ قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى سېتىۋېلىپ، ئوغلىنىڭ كېسىلىنى داۋالىماقچى بولغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. لۇشۈن خۇا

لاۋشۇەننىڭ نادان، قالاق ۋە خۇراپاتلىقىنى ئەيىبلەش ئارقىلىق كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب قوشۇنىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ پاجىئەسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن شيا يۈ كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى باتۇر ئىنقىلابچى بولۇپ، ئۇ فېئوداللىزمغا قارشى پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىغا ئىگە، شۇڭا قاماقخانىدىكى چاغدا، ھەتتا گۇندېپاينىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە دالالەت قىلىدۇ. ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، يەنە، «بۇ دۇنيا مانجۇ خاندانلىقىغا باقۇۋەندە ئەمەس» دەپ جاراڭلىق شوئار توۋلايدۇ، ئەمما بۇرژۇئازىيە تۇغما زەئىپ ۋە ئاجىز بولغانلىقتىن، كونا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى يەككە ھالدا ئۆز زىممىسىگە ئالالمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلار ئاممىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى تونۇمىغاچقا ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئاممىنىڭ قوللىشىغا ۋە ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئاممىمۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان كونا دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشى تارىخىي مۇقەررەرلىكتۇر. شيا يۈنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى بۇ ھەقىقەتنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. گەرچە شيا يۈ ئىنقىلاب ئۈچۈن قۇربان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاممىدىن ئايرىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆلۈمى كىشىلەرگە ئادەم ئۆلتۈرۈشنى كۆرستىدىغان بىر قېتىملىق تاماشا بولىدۇ. ئىنقىلابچىلارنىڭ قېنىمۇ خۇالاۋشۇەندەك نادانلىق



پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئاممىنى ئالدايدىغان «دورا» — ئادەم قېنىغا مىلەنگەن جىگمومىنى ياساشنىڭ ماتېريالى بولۇپ قالىدۇ، خالاس. لۇشۈن «دورا» دېگەن بۇ ھېكايىسىدە، شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي زىددىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، «خەلقنى ئويغىتىش ئىنقىلابتىكى تۈپ مەسىلە» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

لۇشۈننىڭ «بىسەرەمجانلىق» دېگەن ھېكايىسىدە شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن مىلىتارىست جاڭ شۈننىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان. ئاپتور كېيىنكى چاغلاردا يازغان «كونس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى» توپلىمىدىكى «كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىنكى پاراڭلارنىڭ داۋامى» دېگەن ئەسەردە مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇزۇن چاچتىنمۇ بىسەرەمجانلىق كېلىپ چىقتى. يەنى جاڭ شۈننىڭ ‹پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈش› ۋەقەسى كېلىپ چىقتى. ئەگەر دىققەت قىلىنمىسا، ئۇزۇن چاچ يەنە قويۇلۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىق چېھرىدىكىلەرنىڭ بېيجىڭ شەھىرى ئەتراپىدا مۇداپىئەدە تۇرغانلىقىنى ئۇزۇن چاچ قويمىغان ئادەملەرگە قەھىر - غەزەپ بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىمەن... بۇ مەسىلىنى ‹بىسەرەمجانلىق› دېگەن ئەسرىمدە تىلغا ئالغانىدىم.»

لۇشۈن بۇ ئەسىردە، ئەنە شۇ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش ۋەقەسىنىڭ يېزىلاردا ئىنتايىن زور

«بىسەرەمجانلىق»لارنى پەيدا قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەش
ئارقىلىق، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو يېزىلىرىدا
ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياسىيالمىغانلىقىنى، فېئودال
ھۆكۈمرانلارنىڭ يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا دېھقانلارغا
سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە، دەھشەتلىك زۇلۇم
سېلىۋاتقانلىقىنى، خەلقلەرنىڭ يەنىلا نادانلىق ۋە
بىخۇدلۇقتا ياشاۋاتقانلىقىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ
بەرگەن. بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئۇزۇل - كېسىل بولمىغاچقا،
فېئوداللىق تىرىلىشنىڭ بولۇشى تارىخىي مۇقەررەر-
لىككە ئىگە. لۇشۈن بۇ ئەسەردە خەلققە يەنە مۇنۇلار-
نىمۇ ئۇقتۇرغان: دەۋر ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئەكسىيەت-
چىل فېئودال سىنىپلار ھالاكەتلىك تەقدىردىن ھەرگىز-
مۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ تىرىلىش يولىدىكى
ھەرقانداق قۇتراشلىرى بىردەملىك رەزىل ئويۇن-
دىنلا ئىبارەت، خالاس.

لۇشۈن 1925 - يىلى 2 - ئايدا يازغان «ئاجرى-
شىش» دېگەن ھېكايىسىدە، يېزا ئاياللىرى ئەيگۇنىڭ
مۇھەببەت پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق فېئودال
قارا كۈچلەر بىلەن فېئودال ئەدەب - قائىدىلەرنىڭ
ئاياللارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى پاش
قىلغان. بۇ ئەسەردە ئەيگۇنىڭ ئوبرازى ناھايىتى جان-
لىق سۈرەتلەنگەن بولۇپ، ئۇ باتۇر، قەيسەر يېزا ئايالى،
ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا دادىل
قارشى تۇرىدۇ. ھەتتا چى دارېن، ۋېي بىگىمگە ئوخشاش
چوڭ فېئودال مۆتىۋەرلەرنى يۈزمۇ يۈز «قېرى ئۆككۈز»


«توپاق» دەپ تىللاپ، ئۆزى ئۇچرىغان زىيانكەشلىك-
لەر ئۈستىدىن دادىللىق بىلەن شىكايەت قىلىدۇ،
لېكىن ئەيگۇ چى دارېننىڭ زورلۇق قىلىشى بىلەن
رايىدىن يېنىپ ئاخىرىدا «چى دارېننىڭ سۆزىنى ئاڭ-
لايدىغان بولۇپ قالىدۇ». ئەيگۇنىڭ قارشىلىقىنىڭ
مەغلۇپ بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ قارشى-
لىقى پۈتۈنلەي ئاڭسىز، قارىغۇلارچە بولغان. ئۇ ئۆزىگە
زۇلۇم سېلىۋاتقانلار ھەرگىزمۇ بەزى «قېرى ئۆككۈز»،
«توپاق» ئەمەس. بەلكى، پۈتكۈل فېئودال قارا كۈچ-
لەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن، شۇڭلاشقا ئۇ فېئو-
دال قارا كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان چى دارېنغا
نىسبەتەن خام خىيالدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلايدۇ.
لۇشۈن ئەيگۇ ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاياللار
ئازادلىقى مەسىلىسىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويىدى.
ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسى «4 - ماي» مەزگىلىدىكى
ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولغان بول-
سىمۇ، لېكىن لۇشۈننىڭ «ئاجرىشىش» دېگەن ھېكايىسىدە
ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيە، شۇ دەۋردىكى ھەرقانداق
يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ناھايىتى چوڭقۇر بولدى.
ئۇ فېئودال قارا كۈچلەرنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلما-
غۇچە ئاياللارنىڭ ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشەلىشى
مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. لۇشۈن بۇ
ئەسىرىدە يەنە چى دارېن، ۋېي بىگىملەردەك پۈمېشچىك
تۆرىلەرنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەرقايسى جاي-
لاردا خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، خەلققە

دەھشەتلىك زۇلۇم سىياسىتىنى تەسۋىرلەپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى پەقەت بىرلا پادىشاھنى قوغلىۋەتكىنى بىلەن، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن پۈتكۈل فېئودالىزم تۈزۈمىنى تەۋرىتەلمىگەنلىكىدىن بولغانلىقىنى ياندىشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن.

## (3) كونا جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ ئەينىكى

لۇشۈننىڭ «چۇقان» ھەم «تېڭىرقاش» ناملىق ھېكايە توپلاملىرىدا، دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەر ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى»، «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى»، «يۇرتۇم»، «بەخت تىلەش» «ئەتە»، «ئاجرىشىش» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە، دېھقانلارنىڭ دەرد-ئەلىمى بىلەن ئۈمىد-ئارزۇسى ۋە غايىسىنى ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىپادىلىگەن.

لۇشۈن «يۇرتۇم» دېگەن ھېكايىسىدە، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلىرى مەزگىلىدىكى دېھقانلارنىڭ ئاچارچىلىقتا جان تالىشىۋاتقان ئېچىنىشلىق ھاياتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن. ئىجارىكەش دېھقان رۇڭتۇ ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ پومېشچىكلارغا ھايۋان ئورنىدا ئىشلەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇشى يىلدىن-يىلغا خارابلىشىپ، ئاچ-يالىڭاچلىقتىن قۇتۇلالماي، ئاخىردا پۈتۈنلەي ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ. ئۇ بۇرۇن «بۇغداي ئۆكلۈك، يۈزى



دۇپدۇگىلەك، بېشىغا كىگىز مالخاي كىيگەن، بويىنغا كۈمۈش مونچاق ئېسىلغان» تېتىك، باتۇر بىر بالا ئىدى. فېئوداللىزمنىڭ قاتمۇ قات زۇلۇمى ئاستىدا ئاچلىق، يالىڭاچلىق، ئېغىر سېلىقلار، ئەسكەرلەر، بۇلاڭ-تالاڭلار، ئەمەلدارلار، بايلار... قىيناپ رۇڭتۇنى خۇددى ياغاچ ھەيكەلگىلا ئوخشاش قىلىپ قويىدۇ. لۇشۈن بۇ ھېكايىسىدە ئەكسىيەتچىل فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار دېھقانلارنىڭ بارلىق ھاياتىي كۈچىنى ۋە ئۈمىدىنى بەربات قىلغانلىقىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

لۇشۈن دېھقانلار تارتىۋاتقان ھەددى-ھېسابسىز مەنىۋى ئازابلار، ئۇلار بىۋاسىتە ئۇچراۋاتقان جىسمانىي ئازابلارغا قارىغاندا تېخىمۇ دەھشەتلىك ھەم تېخىمۇ چىدىغۇسىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى «بەخت تىلەش» ناملىق ھېكايىسىدە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى. بۇ ھېكايىدىكى شياڭلىن ھەدە ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى قان-تەر ئاققۇزغان جاپالىق ئەمگىكى ھېسابىغا، ئەڭ تۆۋەن ئىنسانىي تۇرمۇشقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن بەختسىزلىكلەر شياڭلىن ھەدىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇنى چىدىغۇسىز ئازابلايدۇ. ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى ئۇنى تاۋار مال سۈپىتىدە سېتىۋېتىدۇ. ئەرلەر ھاكىمىيىتى ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە دەپسەندە قىلىدۇ. شياڭلىن ھەدە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن باشقىدىن ياتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن «ئاياللار پۈتۈن ئۆمرىدە بىرلا قېتىم ياتلىق

بولۇش» دېگەن ئەدەب ـ قائىدىگە مۇخالىپ ئىش
قىلغان، دەپ قارىلىنىپ «چوڭ بىر بەتنام»غا قالىدۇ.
تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، شياڭلىن ھەددىنىڭ قايتى-
دىن ياتلىق بولۇشى باشقىلارنىڭ زورلىشى بىلەن بولغان
ئىش بولسىمۇ، ئەمما، بۇ «جىنايەت» يالغۇز ئۇنىڭ
ئۆزىگىلا ئارتىپ قويۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، شياڭلىن
ھەدە قاتتىق مەسخىرە ۋە چەتكە قېقىشقا ئۇچراپلا قال-
ماستىن، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، ئىسلاھىي ھاكىمىيەت
خۇددى بىر غايىب پېچاققا ئوخشاش ئۇنىڭ روھىنى
بوغۇزلايدۇ. فېئوداللىق ئەدەب ـ قائىدىلەر ئۇنى ئەنە
شۇنداق ھالاكەت يولىغا ئىتتىرىپ تاشلايدۇ. بۇنىڭ-
دىن بىز كونا جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئاياللارنىڭ تارت-
قان ھەددى ـ ھېسابسىز جەبىر ـ زۇلۇملىرى، لۇشۈننىڭ
«بەخت تىلەش» دېگەن ھېكايىسىدە ئەينەن ۋە تولۇق
ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

لۇشۈننىڭ ھېكايىلىرىدە، يالغۇز دېھقانلارنىڭ
ئېچىنىشلىق ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپلا قالماستىن،
بەلكى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي پەزى-
لەتلىرى بىلەن ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلىش ئارزۇلىرىمۇ
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رۇڭتۇ، شياڭلىن ھەدە، ئەيگۇ
قاتارلىق دېھقانلارنى، ھەتتا قالاق دېھقان ئاQنى ئالساق،
ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكنى سۆيىدۇ. ئۆزلىرى تار-
تىۋاتقان زۇلۇم، خورلۇقلارغا تېز پۈكۈشنى خالىمايدۇ.
ھەر دائىم ئۆزلىرىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش

ئورنىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

لۇشۈننىڭ ھېكايىلىرى كۈچلۈك تىراگېدىيىلىك
خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ «چۇقان» بىلەن «تېگىش قاش»
نى يازغان مەزگىللەردە، دېھقانلارنىڭ ئاڭ ـ پىكرىدىكى
كەمچىلىكلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى، شۇڭا دېھقانلار
تۇرمۇشىنىڭ ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ
روھىي بىخۇدلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، ھامان «ئۆزى-
نىڭ بەختسىزلىكىدىن قايغۇرىدۇ»، «ئۆزىنىڭ بوشاڭ-
لىقىدىن رەنجىيدۇ». ( «قەبرە» — «شەيتانلارنىڭ
شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» غا قارالسۇن )

لۇشۈن ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن دېھقانلار
كۆپىنچە دۆت ۋە بىخۇد بولۇپ، بۇ ھېكايىلەردە ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي مۇھىتمۇ كىشىنى تۇنجۇق-
تۇرۇۋەتكۈدەك ئېغىر كەيپىياتلار بىلەن تولغان. بۇ
ئەلۋەتتە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت ۋە ئاڭ
پىكىر جەھەتتە ھۆكۈمران سىنىپلار ئاڭ ـ پىكىرلىرى-
نىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.
لۇشۈن ئۇ چاغلاردا، قارا كۈچلەر تەسىرىنىڭ ئېغىر
ئىكەنلىكىنىلا كۆرۈپ، ئىنقىلابنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرەل-
مىگەن. ئىنقىلابچىلار بىلەن خەلق كۆپ ئارىلاشقان
بولسىمۇ، لېكىن ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ كۈچ ـ
قۇدرىتىنى كۆرەلمىگەن، شۇڭا لۇشۈن ھېكايىلىرىدە
تەسۋىرلەنگەن دېھقانلارنىڭ ھېچقايسىسى چىقىش يولىنى
تاپالمايدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، لۇشۈن
ھېكايىلىرى كونا جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ ئەينىكى بولۇپ،

ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتتە ناھايىتى زور تەسىرلەرنى قوزغىغان. ئۇلارنىڭ رېئال ھەم تارىخىي ئەھمىيىتى لۇشۈننىڭ «فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشى ھارماي-تالماي كۈرەش ئېلىپ بېرىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ» دەپ جاكارلىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

### (4) زىيالىيلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ئىزدىنىشى

لۇشۈن ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن زىيالىيلار ئومۇمەن ئىككى خىل تىپقا بۆلۈنىدۇ: بىر خىلى، فېئودالىلىق مائارىپ تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى بولغان زىيالىيلار. مەسىلەن، كۇڭيىجى («كۇڭ يىجى»)، چېن شىچېڭ («ئاق نۇر»)، سى مىڭ («سوپۇن»)، گاۋ ئېرچۇ («پەيلاسوپ گاۋ ئەپەندى») قاتارلىقلار. كۇڭ يىجى بىلەن چېن شىچېڭ فېئودالىلىق مائارىپ تۈزۈمىنىڭ قۇربانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى «ساداقەت، ۋاپا، ئىنساپ، دىيانەت» دېگەن سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىسىمۇ، لېكىن قەلبى ئىپلاسلىقلار بىلەن لىق تولغان. يەنە بىرى بىلىمسىز، قابىلىيەتسىز بىر لۈكچەك بولۇپ، ئۇ فېئودال زوراۋانلىقنىڭ ئاكتىپ قوغدىغۇچىسى. بۇ ئوبرازلارنى تەسۋىرلىگەندە لۇشۈننىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى ئېنىق بولغان. ئۇ كۇڭ يىجى بىلەن جاۋ شىچېڭغا سەممىي ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە قاتتىق ئېچىنىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ



مەنىۋى ئاجىزلىقلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. سى مىڭ بىلەن گاۋ ئېرچۇنى بولسا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ «پەزىلەت ئىگىلىرى» دەپ ئاتالغان ساختا نىقابلىرىنى رەھىمسىز يىرتىپ تاشلاپ، فېئوداللىزمنىڭ چىرىك مائارىپ تۈزۈمىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ.

لۇشۈن ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر خىل زىيالىيلار — يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىمنى قوبۇل قىلغان ۋە «4-ماي» ھەرىكىتىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرىدۇر. مەسىلەن، «مەيخانىدا» دېگەن ھېكايىسىدىكى لۈي ۋېيفۇ، «يالغۇزلۇق» تىكى ۋېي لىيەنشۇ، «ھەسرەت» تىكى زى چۈن، «كىچىككىنە بىر ۋەقە» دىكى «مەن» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق زىيالىيلارنىڭ تىپى. ئۇلار غەربنىڭ ئىلغار ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، فېئودالىلىق تۈزۈم ۋە فېئودالىلىق ئىدىيىلەر تاڭغان مەنىۋى كىشەنلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىشنى، شۇنىڭدەك مىللىي ئازادلىق ھەم ئىجتىمائىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرلىشىشنى خالىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىزغىن دېموكراتىك غايىلىرى ھامان مەغلۇپ بولۇش ئاقىۋىتىدىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇلار تەلەپ قىلغان شەخسىي ئازادلىقمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا سەۋەبچى بولىدۇ، خالاس.

لۇشۇننىڭ «مەيخانىدا» دېگەن ھېكايىسىدىكى
لۈي ۋېيفۇنى جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇن ئويغانغان زىيالىي دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ياش ۋاقتىدا ئىنقىلابىي غايىگە ئىگە بولۇپ فېئوداللىزمغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرىدۇ، لېكىن كونا ئىدىيىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ فېئودال قارا كۈچلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش-لىرى ئۈزۈل - كېسىل بولمايدۇ. فېئودال قارا كۈچلەر-نىڭ زەربىسىگە ئارقىمۇ ئارقا ئۇچراۋەرگەندىن كېيىن، ئىرادىدە ئاجىزلىشىپ ئۇلار بىلەن مۇرەسسەلەشىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا ھېچبىر گۇناھسىز فېئودال-لىق جەمئىيەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. «يالغۇزلۇق» دېگەن ھېكايىدىكى ۋېي لىيەنشۇمۇ ئەسلىدە ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن «قورقۇنچلۇق ئادەم»، «ئەجنەبىي-لەر دىنىغا كىرىپ كەتكەن جەدىت» دەپ قارالغان ئىلغار پىكىرلىك بىر زىيالىي ئىدى، لېكىن ئۇمۇ فېئودال قارا كۈچلەرگە ئۆزى يالغۇز قارشى تۇرغان بولغاچقا، قارا كۈچلەرنىڭ ئارقىمۇ ئارقا بەرگەن زەربىلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇلارغا تىز پۈكىدۇ ۋە ئاخىر ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ غالچىسى بولغان دۇشجاڭغا مەسلىھەتچى بولۇپ، «ۋېي ھەزرەت» كە ئايلىنىدۇ. لۈي ۋېيفۇ چۈشكۈنلۈك ھەم روھسىزلىقتا جان تالاشسا، ۋېي لىيەنشۇ ئەسلىگە پۈتۈنلەي ئوخ-شىمايدىغان باشقا بىر قىياپەتكە كىرىپ، ھۆكۈم-ران سىنىپلارنىڭ قولچوماقلىقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.



لۇشۈننىڭ «ھەسرەت» دېگەن ھېكايىسىدىكى
زى جۈن «4 - ماي» دەۋرىدىكى باتۇر يېڭى خوتۇن قىزلارنىڭ ئوبرازى. ئۇ باشتا كۈچلۈك ئىنقىلابىي قىز-غىنلىقتا ھەم يۈكسەك ئىرادىگە ئىگە ئىدى، شۇڭا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ۋە فېئوداللىق ئائىلىسىنىڭ تەھدىتلىرىگە پىسەنت قىلماي: «مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە، ھېچكىمنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق!» دەپ چۇقان سالىدۇ. فېئوداللىق ئائىلىسىنىڭ ئىسكەن-جىسىدىن قۇتۇلۇپ، سۆيگىنى جىن شى بىلەن توي قىلىپ مۇرادىغا يېتىدۇ، لېكىن شەخسىي ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، كۆڭۈلدىكىدەك كىچىك ئائىلىۋى تۇرمۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، زى جۈن گويا بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىغا قانغاندەك قانائەتلىنىپ قېلىپ، ئىنقىلاب بىلەن بىللە ئالغا ئىلگىرىلىمەي، پۈتۈنلەي كىچىك ئائىلىسىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئەسلىدىكى غايىسىنى يوقىتىپ، ئۇزۇنغا بارمايلا ھاياتىدىنمۇ ئايرىلىدۇ. لۇشۈن بۇ مۇھەببەت پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بۇ پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى قاتتىق قامچىلاپ، ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ تۇراقسىزلىقىنى، تەۋرىنىشچانلىقىنى ۋە مۇرەسسە-چىلىكىنى تەنقىد قىلىدۇ. يېرىم فېئوداللىق ۋە يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگودا بۇرژۇئازىيىنىڭ شەخسىي ئازادلىق غايىسى پۈتۈن جەمئىيەت ئىسلاھاتىدىن ئايرىلغان ھالدا ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز «چۇقان» ھەم «تىبگىر قاش» تىكى ھېكايىلەر ئارقىلىق لۇشۈننىڭ بۇرژۇئازىيە، دېھقانلار سىنىپى ۋە زىيالىيلار قاتارلىق ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي كۈچلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل تەھلىل يۈرگۈزگەن ھەم ئىزدەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىن چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى، بۇرژۇئازىيىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنى يېتەكلەپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئېزىلگۈچىلىك ئورنى ئۇلارنى ئىنقىلابقا ئاتلاندۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كەمچىلىكلەرمۇ بار. زىيالىيلار گەرچە دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئويغانغانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى تېخى تولۇق ئۆزگەرمىگەن. لۇشۈن گەرچە «كىچىككىنە بىر ۋەقە» دېگەن ھېكايىسىدە شەھەر مەدىكارلىرىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن ھەمدە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى قاتتىق تەنقىدلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چاغلاردا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى تونۇپ يەتمىگەن. ئىنقىلابنىڭ چىقىش يولىنىمۇ تاپالمىغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ھېكايىلىرى غەمكىن كەيپىياتلاردىن خالىي بولالمىدى.

لۇشۈننىڭ «چۇقان» ھەم «تىبگىر قاش» ناملىق توپلاملىرىدىكى ھېكايىلەر «ئىپادىلىنىشى چوڭقۇر، شەكلى ئۆزگىچە» («جۇڭگو يېڭى ئەدەبىيات سىستېمىسى» نىڭ «ھېكايىلەر توغرىسىدىكى 2-توپلامغا



مۇقەددىمە» گە قاراڭ) بولۇش بىلەن جۇڭگو ھازىرقى زامان ھېكايە ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىپ بەردى.

لۇشۈن: «ئەدەبىي ئىجادىيەت جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش رولىنى ئوينىشى لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ‹تېما قاتتىق تاللىنىشى، پىكىر چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلىشى كېرەك›» («ئالا كۆكۈل توپلىمى» — «ھېكايە تېمىسى توغرىسىدا خەت-چەكلەر» گە قاراڭ) دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسىدە زور ئەھمىيەتلىك تېمىلار تاللانغان بولۇپ، تېمىلارنىڭ ئىچكى ئەھمىيىتىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن. مەسىلەن، «سەۋدايى خاتىرىسى» دېگەن ھېكايىدە لۇشۈن «سەۋدايى» نىڭ مەنىۋى قىياپىتى بىلەن روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلغان. «ئۆچمەس چىراغ» دېگەن ھېكايىدە «ساراڭ» نىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئۆچمەس چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ ئەشەددىيلىكى ۋە جاھىللىقىنى ئىپادىلىگەن. «كۆك يېنجى»، «ھەسرەت»، «بەخت تىلەش»، «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» قاتارلىق ھېكايە-پوۋېستلاردا مەلۇم شەخسلەرنىڭ تەقدىرى تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئاپتور بۇ شەخسلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىن كۈچلۈك زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى قانات

يايدۇرۇپ، شەخسلەر پاجىئەسىنىڭ سەۋەبلىرىنى
ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن چوڭقۇر باغلىغانلىقى ئۈچۈن،
بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە
ئىگە بولغان.

لۇشۈن «چۇقان» ھەم «تېڭىرقاش» ناملىق
ھېكايە توپلاملىرىدىكى ئەسەرلەردە نۇرغۇن جانلىق،
تىپىك ئوبرازلارنى ياراتتى. ئۇنىڭ ياراتقان تىپلىرى-
دا يالغۇز بىر كىشىلا نۇقتا قىلىنغان بولماستىن، بەلكى
تۈرلۈك كىشىلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قوشۇپ بىر گەۋدىگە
ئايلاندۇرۇلغان. لۇشۈن «ئەبجەش مۇقام توپلىمى»
دىكى «مەن ھېكايىنى قانداق يېزىشقا باشلىدىم.»
دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن يازغان
ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكى ئومۇمەن ئۆزۈمنىڭ بەزى بىر
كۆرگەنلىرىم ۋە ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسلانغان، لېكىن
بۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىشلەتمەي، پەقەت
قىسمەن تەرەپلىرىنىلا ئىشلىتىمەن، ئۇنى ئۆزگەرتىمگەن
ياكى پىكىرلىرىمنى تولۇق ئىپادە قىلغانغا قەدەر
راۋاجلاندۇرۇپ بارىمەن.» (بۇ يەردىكى «ئۆزگەر-
تىش» دېگەن سۆز «تىپىكلەشتۈرۈش» دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ). بۇنىڭدىن مەقسەت: «كىتابخانلارنى
ئۆزىدىن باشقا كىمنى يازغانلىقىنى بايقىيالماي،
ئۆزىنى بىردىنلا چەتكە ئېلىپ، چەتتىن قاراپ تۇرغان
كىشىگە ئايلاندۇرۇش، ئەمما كۆڭلىدە مېنى يازغاندىمۇ
ياكى باشقا كىشىلەرنى يازغانمىدۇ دەيدىغان گۇمان-
غا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن ئۆز خاتالىقى ئۈستىدە



ئويلىنىش ئۈچۈن يول ئېچىش.» («كوسىس بوتكىسى
فېلىيەتونلىرى» توپلىمىدىكى «دراما» ھەپتىلىك
ژۇرنىلى تەھرىرىنىڭ خېتىگە جاۋاب» قا قارالسۇن).
تىپنىڭ ئومۇمىيلىقى بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ بىر-
لىكى ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىجتىمائىي
ئەھمىيىتى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. لۇشۈن ھېكايى-
لىرىدىكى تىپىك خاراكتېرلار مۇئەييەن تىپىك شارا-
ئىتلار ئىچىدە يارىتىلغان. مەسىلەن، ئا Q ياشىغان
ۋېيجۇاڭ يېزىسىدىكى ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ۋە بىر قاتار ۋەقەلەرنى
تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئا Q خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش
ھەم راۋاجلىنىشىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى كۆرسىتىپ
بەرگەن. لۇشۈننىڭ «كۆك يىجى»، «بەخت تىلەش»
دېگەن ھېكايىلىرىدىكى لۇجىن بازىرى بىلەن «يايى-
راش» مەيخانىسى كۆك يىجى بىلەن شىيائىلىن ھەدە
قاتارلىقلار ياشايدىغان مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىت
بولۇپ، بۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىت پۈتۈن جەمئى-
يەتنىڭ قىياپىتىنى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ۋە جەمئىيەت-
نىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لۇشۈننىڭ
ھېكايىلىرىدە كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىۋى
تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلغان.
بۇ ھال ئۇنىڭ ۋاستىلىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قول-
لىنىپ، كۈچلۈك بەدىئىي تىپلارنى ياراتقانلىقىدا
ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «دورا» دېگەن ھېكايى-
دىكى شىيا يۈ، «كۆك يىجى» دېگەن ھېكايىدىكى

كۆك يېجى قاتارلىق ئوبرازلار ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن يارىتىلغان. ئالدى بىلەن شۇنى چۈشىنىۋېلىش كېرەككى، بەدىئىي ئەسەرلەردە ۋاستىلىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىش ناھايىتى قىيىن. بۇ ئۇسۇل يازغۇچىدا يۇقىرى سىياسىي قىزغىنلىق، روشەن سىنىپىي پوزىتسىيە ۋە ئىلغار دۇنيا قاراشنىڭ بولۇشىنى، شۇنىڭدەك يازغۇچىنىڭ باي تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ھەم يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بەدىئىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ بىرقانچە قېتىم مەيدانغا چىقىشى ياكى چىقالماسلىقى ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئەسەردە ئوچۇق كۆرۈنۈشى ياكى كۆرۈنمەسلىكى، شۇ پېرسوناژلارنىڭ ئەسەردىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. پېرسوناژ مەيلى ئەسەردە ئوچۇق كۆرۈنسۇن ياكى كۆرۈنمىسۇن، ئۇ تۇرمۇش رېئاللىقىنى توغرا ئىنكاس قىلىپ، ئاساسىي ئىدىيىنى توغرا ئېچىپ بېرەلەيدىغان بولسىلا، شۇ پېرسوناژ ئەسەردىكى ئاساسىي ئوبراز بولالايدۇ.

لۇشۈننىڭ «دورا» دېگەن ھېكايىسىدىكى شيا يۈ ئوبرازى ئەسەردە ئوچۇق تەسۋىرلەنگەن ئەمەس. پۈتۈن ئەسەر داۋامىدا بىز ئۇنى بىر قېتىممۇ ئۇچرىتالمايمىز. بۇ ئەسەردە شيا يۈ پۈتۈنلەي يوشۇرۇن تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا بۇ ھېكايىنى ئوقۇشقا باشلاپ، تا ئۇنى ئاخىرلاشتۇرغىچە ئەسەردىكى باش قەھرىماننىڭ كىملىكىنى بىلەلمەيمىز. پەقەت ئەسەرنى تولۇق ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنلا



ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى تولۇق روشەنلىشىپ، شيا يۈنىڭ بۇ ھېكايىدىكى ئاساسلىق ئوبراز ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. لۇشۈن شيا يۈ ئوبرازىنى ھېكايىدىكى ۋەقەلەرنىڭ يادروسىغا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن پۈتۈن ۋەقەلەر ھەم ئوبرازلار پەقەت شۇ شيا يۈ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ. شيا يۈ ئوبرازىنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى ۋە يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق روھىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. بۇنداق ۋاستىلىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلى جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بىرقانچە داڭلىق ۋەكىللىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە، ۋاستىلىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنىڭ ئاجايىپ ئۆلمەس نەمۇنىلىرىنى ياراتقان. مەسىلەن، «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى لوگۇەنجۇڭ 36 - بابىغىچە جۇگې لياڭنى مەيدانغا چىقارماي، ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى باشقا پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، جۇگې لياڭ مەيدانغا چىققۇچە يازغۇچى ئۇنى ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق تونۇشتۇرۇپ بولىدۇ. بۇنداق مىساللار جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناھايىتى كۆپ. لۇشۈن كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ مانا شۇنداق ئەنئەنىۋى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئىجابىي راۋاجلاندۇرغان.

لۇشۈننىڭ «كۆك يېجى» ناملىق ھېكايىسىدىكى كۆك يېجى ئوبرازىمۇ ۋاستىلىك تەسۋىرلەنگەن، لېكىن ئۇ شيا يۈ ئوبرازىنىڭ تەسۋىرلىنىشىگە قارىغاندا مەلۇم

پەرقلەرگە ئىگە. يازغۇچى بۇ ئوبرازنى شيا يۈگە ئوخشاش يوشۇرۇن تەسۋىرلىمەي، بىر كىچىك بالىنىڭ ئەسلىشى ئارقىلىق ئوچۇق تەسۋىرلەيدۇ. لۇشۇن «يا يىراش» مەيخانىسىدىكى مالاي بالىنى كۆك يىجىنىڭ پاجىئەسىنى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بەرگۈچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىرىپ، ھېكايىدىكى پۈتۈن ۋەقەلەرنى شۇ كىچىك بالىنىڭ ئاغزىدىن بايان قىلغان. بۇ ۋاستىلىك تەسۋىرلەشنىڭ بىر ياخشى ئۇسۇلى. چۈنكى، بۇنداق تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ۋەقە باشقا بىر كىشى تەرىپىدىن سۆزلەپ بېرىلگەن بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار شۇ ۋەقەلەرنىڭ رېئال ئىكەنلىكىگە قاتتىق ئىشىنىدۇ. ئەسەرنىڭ كىشىنى قايىل قىلىش كۈچى ئېشىپ ئۇنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتىمۇ زور بولىدۇ.

لۇشۇننىڭ «چۇقان» ھەم «تېڭىرقاش» ناملىق ھېكايە توپلاملىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلۇشى ئىخچام، مۇكەممەل، شەكىل جەھەتتىن ئاددىي بولۇپ، ئۇلاردىكى ۋەقەلەر پىششىق تاللانغان. يازغۇچى پېرسوناژلار پائالىيىتىدىكى ئاساسىي ئىدىيىگە بېقىنمايدىغان ياكى ئاساسىي ئىدىيىنى ئېچىشقا زۆرۈرىيىتى بولمىغان ۋەقەلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئەڭ ماھىيەتلىك ۋەقەلەرنى بىر گەۋدە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگەندە، ئاساسىي پېرسوناژلارنى يادرو قىلىپ، ۋەقەلەرنى شۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە مەلۇم دائىرىدە ئورۇنلاشتۇرغان. مەسىلەن، «كۆك يىجى»، «يۇرتۇم»، «بەخت-



تىلەش»، «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەردە، ئاساسىي ۋەقەلىك كۆك يىجى، شياڭلىن ھەدە، رۇنتۇ، ئاQ قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر تەلىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر سيۇژېت ۋە تەپسىلاتلار شۇ پېرسوناژلار خاراكتېرلىرى بىلەن زىچ باغلانغان.

لۇشۇننىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، يازغۇچى پېرسوناژلار دەسلەپ مەيدانغا چىققاندا، ئۇلار ھەققىدە ھېچقانداق تەپسىلىي بايان بەرمەيدۇ. ئەكسىچە پېرسوناژلارنى يەككە ھالدا تۇرغۇزۇپ ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، خاراكتېرىنى، قىياپىتىنى ۋە باشقا مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پېرسوناژلارنى ھەرىكەت مەيدانىغا ئەكىرىپ، بىر پۈتۈن ۋەقەلەر ئىچىدە شۇ پېرسوناژنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي كۈچىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە ۋەقەلەرگە يانداش ھالدا پېرسوناژلارنىڭ ئۆتمۈشىنى، ھازىرىنى، سىرتقى ۋە ئىچكى دۇنيالىرىنى قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ.

لۇشۇننىڭ ھەربىر ھېكايىسى كونا جۇڭگونىڭ ئاددىي ھالەت تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن جانلىق سۈرىتىدۇر. لۇشۇن پېرسوناژلارنى سۈرەتلەشتە ئاددىي، ئىخچام تەسۋىرلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى سىزىشقا ھەممىدىن كۆپ ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ھەقتە لۇشۇن «كونىس بوتكىسى فېلىيەتونلىرىنىڭ 2 - توپلىمى» دىكى «ئەدىبلەرنىڭ بىر - بىرىنى ھەنستەمەسلىكى

توغرىسىدا (5)» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەنىدى:
«بۇ — روھىي ھالەت تەسۋىرلەنگەن رەسىمنىڭ ئەينى
ئۆزى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ ھەممە يېرى سىزىلماس-
تىن، ئىسمىمۇ يېزىلماستىن، پەقەت بىرنەچچە سىزىق
بىلەنلا روھىي ھالىتى تولۇق ئىپادىلەنگەن. رەسىمى
سىزىپ چىقىلغان مۇشۇ ئادەمنى بۇرۇن كۆرگەن كىشى بۇ
رەسىمگە بىرقاراپلا ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالاي-
دۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى مەيلى ئارتۇقچىلىقلىرى
ياكى ئاجىزلىق تەرىپى بولسۇن، مۇبالىغە قىلىنىش
بىلەنلا ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلگىلى بولىدۇ.»
لۇشۈن پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندە دەل ئەنە شۇتوغ-
رىدىن توغرا تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، روھىي
ھالەتنى تەسۋىرلەشكە ۋە ئۇنى چىنلىقتا ئىگە قىلىشقا
ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ «ئەبجەش مۇقام توپلىمى» دىكى
«مەن ھېكايىنى قانداق يېزىشقا باشلىدىم» دېگەن
ماقالىسىدە، يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىر
ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى تېجەشلىك بىلەن
سىزماقچى بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ كۆزىنى سىز»،
«مۇبادا ھېچنېمىسىنى قويماي پۈتكۈل گەۋدىسى سىزىپ
چىقىلسا، بەكمۇ ئەينەن سىزىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ
قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ.» لۇشۈن ئۆز ھېكايىلىرىدە
چىرايلىق سۆز - ئىبارىلەرنى دۆۋىلەپ قويمايدۇ.
ئۇلاردا تولىمۇ ئۇزۇن مەنزىرە تەسۋىرلىرى بىلەن روھىي
ھالەت تەسۋىرلىرىمۇ ناھايىتى ئاز. ئۇشۇن بىرنەچچە
ئېغىز سۆز بىلەنلا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى



ئىپادىلەپ بېرىشكە بەكمۇ ماھىر. مەسىلەن، «كۇڭ يىجى»
دېگەن ھېكايىدىن مۇنۇ بىر پارچىنى كۆرۈپ باقايلى:
«ئۇزۇن چاپان كىيگەنلەر ئارىسىدا پوكەيگە يۆلىنىپ
تۇرۇپ ھاراق ئىچىدىغان كىشى يالغۇز كۇڭ يىجىلا
ئىدى. ئۇ ھېچ ئامال بولمىغاندا ئانچە - مۇنچە ئوغرىلىق
قىلىپ قويۇشتىن خالىي بولالمايتتى. كۇڭ يىجى مەي-
خانىنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا بارلىق ھاراق ئىچى-
شىۋاتقان كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى.
بەزىلەر: ‹كۇڭ يىجى، سېنىڭ يۈزۈڭدە يەنە يېڭى
تارتۇقلار پەيدا بوپتۇغۇ!› دەيتتى. بەزىلەر: ‹سەن
جەزمەن يەنە بىرنەرسە ئوغرىلاپسەن - دە!» › دەپ
ۋۇلىشاتتى. كۇڭ يىجى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: ‹سەن
نېمىشقا پاك ئادەمگە بىكاردىن - بىكار بوھتان چاپلاي-
سەن...› دەيتتى، باشقىلار ئۇنىڭ خې ئائىلىسىدىن
كىتاب ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاشكارىلىغاندا،
ئۇ يەنىلا: ‹كىتابنى كۆرسەتمەي ئېلىش ئوغرىلىققا ياتـ-
مايدۇ... بۇ ئوقۇغان كىشىلەرگە مەخسۇس قائىدە... بۇنى
ئوغرىلىق دەپ ھېسابلاشقا بولامدۇ؟› دەپ ئۆزىنى
ئاقلايتتى.» مۇشۇ قىسقىغىنا دىئالوگلار ئارقىلىق كۇڭ
يىجىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى تولۇق كۆرسىتىلگەن.
«يۈرتۇم» دېگەن ھېكايىدىكى رۇنتۇ ئەسلىدە قىزغىن،
باتۇر بىر بالا بولۇپ، «مەن» بىلەن يېقىن دوست
ئىدى. يىگىرمە يىلدىن كېيىن «مەن» رۇنتۇ بىلەن كۆرۈشكەن-
دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى سىنىپىي ئايرىمىدىن ئىبارەت
قېلىن بىر تام توسىۋالىدۇ. رۇنتۇ بىر ھازا غەمچە ئىككـ-

لىنىپ تۇرۇپ «جانا بلىرى» دېگەن سۆزنىلا دېيەلەيدۇ.
مانا شۇ نۇقتىنىڭ ئۆزىلا، رۇكتۇنىڭ ئۆز بېشىدىن
كەچۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئۇنىڭ قەلبىدە ناھايە-
تى كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغانلىقىنى ئىپادى-
لەپ بېرىدۇ. بۇ ھېكايىدىكى ياڭ ئەرساۋنى ئالساق،
ئۇنىڭ «مەن» بىلەن كۆرۈشۈش بىلەنلا قىلغان «ۋاھ!
قاراڭلار بۇنى! بۇرۇت قويۇۋاپتۇ تېخى!» «تونۇمايۋا-
تامسەن؟ مەن تېخى سېنى كۆتۈرۈپ باققانغۇ؟!» دېگەن
بىرنەچچە ئېغىز سۆزىنى ئاڭلاپلا، بۇ، «دۇفۇچى مەلىكە»
نىڭ زەھەرخەندە ۋە شەپقەتسىز تەلەتىنى كۆز ئالدىمىز-
غا ئېنىق كەلتۈرەلەيمىز.
لۇشۈن پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندە، ھەمىشە
تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋە خاراكتېر ئالاھىدى-
لىكلىرىنى ئەڭ ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئىنچىكە
تەپسىلاتلارنى تاللاپ، شۇ تەپسىلاتلار ئارقىلىق تىپىك
ئوبرازلارنى ئىپادىلەيدۇ. كۆڭ يىجى مەيخانىدا ھاراق
ئىچىۋاتقاندا، بىر تەخسە ئارپىبەدىيانلىق پۇرچاقنى بال-
لارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. باللار بولسا پۇرچاقنى چاپسان-
لا يەپ بولۇپ، يەنە ئۇنىڭ تەخسىسىگە مۆلدۈرلەپ
قارىشىدۇ. كۆڭ يىجى نېمە قىلارىنى بىلمەي ھودۇقۇپ
قېلىپ، ئالىقىنى بىلەن تەخسىنى يېپىۋالىدۇ - دە، پۇر-
چاققا قاراپ بېشىنى چايقاپ: «ئۆزۈمگىمۇ ئازقالدى...
كۆپمىكەن؟... ياق، ياق، ناھايىتى ئاز قالدى» دەيدۇ. بۇ
كىچىككىنە بىر تەپسىلات كۆڭ يىجىنىڭ كۆلكىلىك،
ھۆتەئەسسىپلىكىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل



خاراكتېرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. «دورا» دېگەن
ھېكايىدىكى قانغا مىلەنگەن جىڭمۇما، «بىسەرەمجانلىق»
دېگەن ھېكايىدىكى جاۋ چىيەننىڭ «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە
قىسسە» دېگەن كىتابنى ھەجىلەپ ئوقۇشى... قاتارلىق
تەپسىلاتلارمۇ شۇ ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراك-
تېر ئالاھىدىلىكىنى كۆچلۈك گەۋدىلەندۈرگەن ھەم
بېيىتقان.
ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لۇشۈن ھېكايىچىلىقىنىڭ
مەشھۇر ئۇستىسى. ئۇ «چۇقان» ھەم «تېڭىرقاش» ناملىق ھې-
كايە توپلاملىرىدىكى ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوي-
پىكىرلىرىنى قىسقا، ئېنىق، ئاددىي ھالدا ئوبرازلاشتۇرۇپ،
كىچىك - كىچىك قىستۇرمىلار ئارقىلىق چوڭ ۋەقەلەرنى
ئىپادىلەشكە، ئايرىم شەخسلەر ئارقىلىق زور ئىجتىمائىي
ئەھمىيەتكە ئىگە تىپلارنى يارىتىشقا ماھىر يازغۇچى-
لىكىنى نامايان قىلدى.

## «لۇشۇننىڭ فېليەتونلىرى»

فېليەتون — لۇشۇننىڭ ئاساسىي كۈرەش قورالى. ئۇ 1918 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە نۇرغۇن جەڭگىۋار فېليەتونلارنى يېزىپ، ئۇلاردا ئەينى ۋاقىتتىكى دەۋرنىڭ قىياپىتىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ پىداكارلىق روھىنى، «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئالدى - كەينىدە جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىدىيە ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈردى. لۇشۇن ئۆتكۈر كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى بىلەن جەمئىيەتنى ئىنچىكە ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئادەم يەيدىغان كونا قائىدە - يوسۇنلارنى، كونا ئىدىيە ۋە بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى رەھىمسىز قامچىلىدى، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە قارىمىلىق قىلىشتىن ساقلىنىپ، پەم - پاراسەت بىلەن «ئاكوپ جېڭى» ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلەپ، فېليەتوندىن ئىبارەت يېڭى ئەدەبىيات شەكلىنى ئىجتىمائىي كۈرەشنىڭ ئۆتكۈر قورالىغا ئايلاندۇردى.

لۇشۇننىڭ بۇ مەزگىلدە يازغان فېليەتونلىرى «ئىسسىق شامال» ، «قەبرە» ، «سايىۋەن» ، «سايىۋەن-



نىڭ داۋامى» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارغا جەڭگىۋار رېئاللىزملىق روھ سىڭگەن. مەزمۇنى ناھايىتى باي. تېما دائىرىسىمۇ ئىنتايىن كەڭ. ئۇلاردا جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا ئۇزۇل - كېسىل قارشى تۇرىدىغان ئىنقىلابىي روھ بىلەن، ئىلىم - پەن ۋە دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىدىيىلەر نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى فېليەتونلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

**(1) فېئوداللىق قائىدە-يوسۇنلار بىلەن فېئوداللىق ئەخلاقنى ۋە بارلىق فېئوداللىق مەدەنىيەتنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، فېئودال ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىنى، جىنايەتلىرىنى رەھىمسىز تۈردە ئېچىپ تاشلىدى.**

لۇشۇن 1918 - يىلى 7 - ئايدا يازغان «ئەقىدە ۋە پىداكارلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» دېگەن فېليەتونىدا، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ چىرىك، ساختا ئەخلاقىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەقىدە ۋە پىداكارلىق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى كەسكىن تەنقىد قىلدى. لۇشۇن بۇ ئەسىرىدە، فېئوداللىق ئەقىدە ۋە پىداكارلىق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارنىڭ مەنبەسى «ئەرلەر ھاكىمىيىتى» ھۆكۈمرانلىقىدىكى فېئوداللىق تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى ھەمدە ئاياللارنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئەر - ئاياللارنى ھوقۇقتا باراۋەر قىلىش ئۈچۈن بۇ تۈزۈمنى

پاچاقلاپ تاشلاش، «ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ خەيلى قىلىـ
دىغان غالىبلىق ـ نادانـلىق ۋە زوراۋانلىقنى تۈگىتىش
كېرەك» دەپ ھېسابـلىدى. لۇشۈن «بىز ھازىر قانـداق
ئاتا بولۇۋاتىمىز؟» دېگەن فېلىيەتوندا، «چوڭلار ئاساس
بولىدۇ، پەرزەنتلەر چوڭـلارغا بېقىنـدى بولـىدۇ، ئۇلار
چوڭلار ئۈچۈن قۇربان بولۇشى كېرەك» دەيدىغان فېئو-
داللىق ئەخلاقـىي كۆز قـاراشـلارغا زەربە بېرىپ، بۇ
كۆزقاراشلار «بوۋاقنىڭ ئاينىپ كېتىشىدىكى تۈپ سەۋەب»
ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىسىنەزەرى بويىچە
كۆرسىتىپ بەردى. لۇشۈن فېئوداللىق ئەخلاقىي قائىدىلەر
ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاياللـ
لار ئازادلىقى ئۈچۈن كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىش
زۆرۈرلۈكىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ 1923 ـ يىلى يازـ
غان «نارا ① كەتكەندىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟» دېگەن
فېلىيەتوندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىرقى جەمئىيەتتە
ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ھوقۇقـقا ئىگە بولۇش كېرەك،
ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش
زۆرۈر. ئەپسۇسكى، جۇڭگونى ئۆزگەرتىش بەك تەس، شۇـ
نىڭ ئۈچۈن ئايالـلارنىڭ ھەقىقىي ئازادلىقى «بىر مەھەل
چۆچۈرگۈدەك قۇربان بېرىشكە مـوھـتاج» ئەمەس، بەلكى
كەسكىن، ۋاقىتلىق. قەتئىي كۈرەش قىلىشقا موھتاج.
يېڭى ۋە كونا كۈچلەرنىڭ ئېلىشىشى جەريانىدا،

① نارا ـ نورۋېگىيە دراما تۇرگى ئىبسىن (1828 ـ 1906) نىڭ مەشھۇر دراممىسى «نارا» دىكى باش قەھرىمان.



لۇشۈن فېئوداللىق مىللىي خۇسۇسىيەت تەرەپدارلىرىنى
قاتتىق تەنقىد قىلدى. ئۇ «ساقال، بۇرۇت توغرىسىدا»،
«ئەينەك كۆرۈشـتىن تەسىراتـلار» قاتارلىق فېلىيەتونـ
لىرىدا، فېئوداللىق مىللىي خۇسۇسىيەت تەرەپدارلىرىنىڭ
خىلمۇ خىل سەپسـەتىلىرىگە كۆچلۈك رەددىيە بەردى.
«مىللىي خۇسۇسىيەت» دېگەن بىرنېمە جۇڭگولۇقلارنىڭ
ۋۇجۇدىدىكى ئامىسىز ئۆسمە، يىرىڭلاپ كەتكەن جاراھەتـ
تىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ كۆرسىتىپ، كىشىلـەرنى
بۇ ئامـىسىز ئۆسـمە ۋە يىرىڭـلاپ كەتكەن جاراھەتـنى
رەھىم قىلماسـتىن يۇلۇپ تاشـلاشقا چاقىـردى. لۇشۈن
«سۈرەت تارتىش قاتارلىقلار ھەقـقىدە»، «كەچ باھارـ
دىكى پاراڭ»، «ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە كەلگەنلىرى»
قاتارلىق فېلىيەتونلىرىدا فېئودال ھۆكۈمـران سىنىپلارـ
نىڭ پەن ۋە دېموكراتىيىگە قارشى تۇرۇپ، فېئودالـلىق
خۇراپاتنى تەرغىپ قىلىدىغان ئىدېئالىستىك ئىدىيىلىرىـ
نى قاتتىق تەنقىد قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:
پەن «ئاتا ـ ئانىلىرىمىزدىن قالغان كونا كىيىملەر» نى
داۋالايـدۇ، «ناتوغـرا كەيپىياتـلارغا شىپالىق دورا بوـ
لىدۇ»، «چۈنـكى پەن تۇرلۇك ھېكمەتـلەرنى يېشىپ بېرىپ،
ئادەمـنىڭ پىكىر يولىنى ئايدىڭـلاشتۇرۇپ بېرەلەيـدۇ،
ئېزىتقۇلۇق قىلىشقا يول قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەن
تەبىئىي ھالدا، ئەپسانىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ
كۆشەندىسى بولۇپ قالغان».

## (2) بۇرژۇئا ئۇلۇق قانات ئەدىبلىرىنىڭ ساختا نىقابلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى

«4 – ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن، يېڭى مەدەنىيەت سېپىدە بۆلۈنۈش يۈز بەردى. خۇشى ۋەكىللىكىدىكى بۇرژۇئا ئۇلۇق قانات زىيالىيلىرى پەيدىنپەي جاھانگىرلارغا ۋە شىمالىي مىلىتارىستلارغا تەسلىم بولۇپ كەتتى. بۇ مەزگىللەردە، جاھانگىرلار بىلەن شىمالىي مىلىتارىستلار «7 – فېۋرال قانلىق ۋەقەسى»، «30 – ماي پاجىئەسى»، «18 – ماي پاجىئەسى» قاتارلىق قانلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغانىدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۇلۇق قانات ئەدىبلىرى بۇ قانلىق ۋەقەلەر جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، جاھانگىرلار بىلەن شىمالىي مىلىتارىستلارغا ئوچۇق – ئوچۇق خۇشامەت قىلىپ، ئىنقىلابىي خەلققە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم ۋە زىيانكەشلىك قىلىپ، كەڭ تۈردە ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى، لېكىن لۇشۈن قىلىچە تەۋرەنمەستىن دۈشمەنلەرنىڭ قاتمۇ قات ھۇجۇملىرى ئالدىدا باتۇرلارچە تىك تۇرۇپ، ئۇلارغا قارشى تىغمۇ تىغ كۈرەش ئېلىپ باردى.

لۇشۈن «تالانت بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن»، «كىچىككىنە بىر ئوخشىتىش»، «ياشلارنىڭ ئوقۇشى زۆرۈر بولغان كىتابلار»، «ئۇستاز»، «خەت – خەۋەرلەر» قاتارلىق فېلىيەتونلىرىدا، خۇشىنىڭ «مەملىكەتنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش» دېگەن بىر نېمىسىنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلىدى. خۇشىنىڭ ياشلارنى «تەتقىقات ئۆيلىرىگە كىرىش» كە ئۈندىگەن «قىلتاق» لىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، «بۇ ئىنقىلابىي ياشلارغا سېلىنغان «روھىي» كىشەن، ياشلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنى بوغىدىغان زەھەرلىك ۋاستە» دەپ كۆرسەتتى. «قۇرۇق گەپ ئەمەس»، «ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە كەلگەنلىرى (10)» قاتارلىق فېلىيەتونلىرىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى قىزغىن قوللاپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا گۇپپاڭچىلىق قىلغان چېن شىيىڭ قاتارلىقلارنى قاتتىق مەسخىرە قىلدى. جاھانگىرلارنىڭ زورلۇق – زومبۇلۇقلىرىغا ئاشكارا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، جاھانگىرلىككە ئۆزلۈك – كېسەل قارشى تۇرۇش روھىنى ئىپادىلىدى.

1926 – يىل 3 – ئاينىڭ 18 – كۈنى جاھانگىرلار بىلەن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلارنى دەھشەتلىك ئوققا تۇتتى. بۇ قانلىق پاجىئە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چەكسىز غەزىپىنى قوزغىدى، لېكىن بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى ئەدىبلەر بولسا ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلارنى «قوزغىلاڭچىلار»، «ئۆلگەندىن يېرىنى ئىزدىگۈچىلەر» دەپ ھاقارەتلەپ، جاھانگىرلار بىلەن شىمالىي مىلىتارىستلارنى ئاقلاشقا ئۇرۇندى. لۇشۈن ئەكسىيەتچى ئەدىبلەرنىڭ مۇنداق نومۇسسىزلىقىدىن چەكسىز غەزەپلەندى. ئۇ «18 – مارت پاجىئەسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ «غۇنچىسىز قىز دىلگۈل — 2»،

«ئۆلۈم بوسۇغىسى»، «ليۇخېجېن قىزنى خاتىرىلەيمەن» قاتارلىق بىرنەچچە پارچە فېلىيەتونلارنى يېزىپ چىقىپ، جاھانگىرلار بىلەن شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقلىرى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلدى ھەمدە بۇرژۇئازىيە ئوڭ قانات ئەدىبلىرىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ساختا نىقابلىرىنى يىرتىپ تاشلىدى. لۇشۈن «18 – مارت پاجىئەسى» يۈز بەرگەن بۇ كۈننى «مىنگودىن بۇيانقى ئەڭ زۇلمەتلىك بىر كۈن» دەپ كۆرسەتتى. قانخور جاللاتلارنى «بۇ ئىشنىڭ تاماملىنىشى ئەمەس، باشلىنىشى ... قانغا قان تۆلەيدۇ. قەرزنى قانچىكى كېيىنگە سۈرسە، شۇنچە كۆپ ئۆسۈم تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئۆزلىرىنى «ئالىيجاناب» دەپ ئاتىۋالغان بۇرژۇئا ئوڭ قانات ئەدىبلىرىنىڭ «پىتنە – ئىغۋالىرى» بىلەن «قۇرۇق گەپلىرى» ئىنقىلابىي ياشلارنى بوغۇزلايدىغان گال پىچاق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ «18 – مارت پاجىئەسى» دە بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەر ياشلارغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرۈپ ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنىڭ قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان پىداكارلىق روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. داۋاملىق جەڭ قىلىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ياشلارغا كۈرەش تاكتىكىسىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى چاپاننى سېلىپ ئوتتۇرىغا چىقىشنى توختىتىپ «ئاكوپ جېڭى» ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇلارغا «ئاكوپتا تۇرۇپ جەڭ قىلىش جاننى ئاياش ئەمەس، بەلكى جاننى زايە قىلماسلىق، چۈنكى جەڭچى-



لەرنىڭ جېنى — ھاياتى بەكمۇ قىممەتلىك» دەپ چۈشەندۈردى.

**(3) داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش روھىنى جارى قىلىپ، دۈشمەنلەرگە قارشى ھارماي – تالماي كۈرەش قىلدى.**

لۇشۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش ئەمەلىيىتى ھەم ماركسىزم ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشى نەتىجىسىدە، جۇڭگو تارىخى بىلەن جۇڭگو جەمئىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن كۈرەش تەجرىبىلىرىنى توپلىدى. ئۇ 1925 – يىلى 12 – ئايدا يازغان «‹فاير پلەي›نى يولغا قويۇشتا ئالدىرىماسلىق كېرەكلىكى توغرىسىدا» دېگەن فېلىيەتونىدا، سۇغا چۈشكەن ئىتنى قاتتىق ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇزۇل – كېسىل ئىنقىلاب قىلىش روھىنى تەشەببۇس قىلدى. لۇشۈن بۇ ئەسىرىدە: «كۈرەشتە دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى ئېنىق ئايرىش لازىم. كۆزۈڭنى ئويغاننىڭ كۆزىنى ئوي، چىشىڭنى چاققاننىڭ چىشىنى چاق، قەدىمدىن تارتىپ يامان ئادەملەر ‹ياخشىلارغا ئۆچمەنلىك› قىلىپ كەلگەن. ‹ئىسلاھاتقا قارشى تۇرغۇچىلار ئىسلاھاتچىلارنى زەھەرلەشنى ئەزەلدىن بوشاشتۇرمىغان.›، شۇنىڭ ئۈچۈن ‹ئىبلىس›لارغا ‹شەپقەت قىلىش›قا، ‹ئىچ ئاغرىتىش›قا ۋە ‹ھېسداشلىق تۇيغۇسى›دا بولۇشقا بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىت» نى ئۇرۇشنى خالىمايدىغان بەزى ئاتالمىش «ياۋاش»، مۆمىن ئادەملەرگە «يامانلىقتا يول

بېرىشىنى كەڭچىلىك قىلىش دەپ خاتا تونۇپ، بۇنىڭغا «سۈكۈت قىلىۋېرىش» كە بولمايدۇ، ئۇلار بىلەن ئۇزۇل - كېسىل كۈرەش قىلىش كېرەك، دەپ سەممىي نەسىھەت قىلدى. لۇشۈن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بەزى ئىتلار كۆرۈنۈشتە سۇغا چۈشۈپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، بۇ ھېچ بولمىغاندا كىشىلەر ئىچىنى ئاغرىتسۇن دەپ، يالغاندىن ئاقسىۋېلىشتىن باشقا ئەھۋال ئەمەس.» ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە باش كۆتۈرۈپ قالسا، ئىشنى ھەممىدىن ئاۋۋال «ياۋاش ئادەم» نى چىشلەشتىن باشلايدۇ... ئىتنىڭ تەبىئىتى ھامان ئانچە ئۆزگەرمەيدۇ؛ ئون مىڭ يىلدىن كېيىن، ئېھتىمال ھازىرقىغا ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. لېكىن مەن ھازىر ھازىرنى سۆزلەۋاتىمەن. ئەگەر سۇغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ناھايىتى بىچارە ھېسابلىنىدىغان بولسا، زىيانلىق ھايۋانلار ئىچىدە بىچارىلىرى ناھايىتى كۆپ، ۋابا مىكروبىنى ئېيتايلۇق، ئۇ ناھايىتى تېز كۆپەيسىمۇ، مىجەزى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىنتايىن ياۋاش، لېكىن دوختۇرلار ئۇنى ئاسانلا قويۇۋەتمەيدۇ.».

لۇشۈن 1927 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يازغان «شاڭخەي - نەنجىڭلارنىڭ قايتۇرۇۋېلىنغانلىقلىرىنى خاتىرىلەش» دېگەن فېليەتونىدا لېنىننىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوللىنىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا تەھلىل قىلدى. خەلق ئاممىسىنى غەلىبىگە تەنتەنە قىلىش بىلەنلا قالماي، غەلىبە بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۈشمەنگە قارشى ھارماي - تالماي ھۇجۇم قىلىشقا چاقىردى. ئۇ ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: «ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە خۇشال بولغان خەلقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ ھۇجۇم قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدە». ئۇ كىشىلەرنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇردى: «ئىنقىلاب گەرچە زور غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارمۇ ئۆز ھەرىكىتىنى خۇپىيانە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئىنقىلابىي خەلقلەر بۇنىڭغا قارىتا تولۇق تونۇشتا بولۇشى لازىم. ئالاھىدە مۇھىمى شۇكى، پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ ئىنقىلاب قوشۇنىغا يوشۇرۇن كىرىۋېلىپ، غالىبىيەت مېۋىسىنى تارتىۋېلىپ، ئىنقىلابىي خەلققە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك».

لۇشۈننىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى فېليەتونلىرىدىن، شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇزۇل - كېسىل كۈرەشلىرى، ئېزىلگەن خەلقلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ تەلەپلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن، لېكىن يەنە شۇنىمۇ ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، لۇشۈن ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى بىر ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى ئىدى. گەرچە تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى بىلەن شەخسىي ئازادلىق ئىدىيىسى ئۇنىڭ جەڭگىۋار تەلەپلىرىگە مەلۇم دەرىجىدە ماسلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ فېليەتونلىرىغا بەزى پاسسىپ تەسىرلەرنىمۇ كۆرسەتتى، شۇڭا ئۇ